# ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى
# مىللەت، دىن توقۇنۇشى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخەت تۇنىياز، توقسۇن سىدىق
ئەسقەر مۇھەممەت، ئابدۇرېھىم قاھار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中南亚的民族宗教冲突/潘志平编著；艾海提·图尼亚孜等译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.12
ISBN 7—228—08019—X

Ⅰ.中… Ⅱ.①潘… ②艾… Ⅲ.民族问题—研究—中亚—维吾尔语（中国少数民族语言）②民族问题—研究—南亚—维吾尔语（中国少数民族语言）③宗教问题—研究—中亚—维吾尔语（中国少数民族语言）④宗教问题—研究—南亚—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.D730—62

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 119683 号

责任编辑：艾合买提·木明·塔里米
阿里木江·塔伊尔
责任校对：吾买尔江·买买提依明
封面设计：夏提克

**中南亚的民族宗教冲突**（维吾尔文）
潘志平编著　艾海提图尼亚孜等译

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆社会科学院印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本 14.875 印张
2003 年 12 月第 1 版　2003 年 12 月第 1 次印刷
印数：1—5000

---

ISBN 7—228—08019—X　定价：19.80 元

# مۇندەرىجە


1. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيسى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ...................... 1
2. ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەتلەر توقۇنۇشى ........................................ 37
3. پانتۈركىزم ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى .................................... 78
4. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مىللەت توقۇنۇشى...... 109
5. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى.................................... 161
6. ئافغانىستاندىكى «غازات» ئوتىنى ئۆچۈرگىلى بولامدۇ؟ ........................................ 205
7. كەشمىردىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشىنىڭ مەنبەسى ................................................ 230
8. پاكىستاندىكى خىلمۇ خىل دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار ........................................ 266
9. هازىرقى زامان «باسمىچىلىرى» نىڭ ئۇۋىسى — پەرغانە........................................ 295

10. چېچېنىيىدىكى مىللىي، دىنىي توقۇنۇشتىن كېلىپ
چىققان زوراۋان تېرروررچىلىق········· 316
11. «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررچىلىقىنىڭ كېلىپ
چىقىشى ۋە تەرەققىياتى ········· 370
12. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي
ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى، يۆنىلىشى ········· 391
13. شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتى — تارىخى ۋە
هازىرقى هالىتى ········· 428

# 1. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيسى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەھلىل

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

*بىز «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» دېگەن ئۇقۇمغا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنى، چېچېنىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاۋكاز رايونىنى، ئىران، ئافغانىستان، كەشمىر، پاكىستان، شۇنداقلا ھىندىستاننىڭ مۇسۇلمانلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان غەربىي شىمالىي قىسمىنى كۆرسىتىمىز، دەپ تەبىر بېرىمىز.*

*بۇ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، شەرق، غەرب مەدەنىيىتى مۇشۇ يەردە ئۇچراشقان؛*

*بۇ مىللەتلەر ئۆزئارا ئۇچراشقان كارىدور بولۇپ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مۇشۇ يەردە قوشۇلغان؛*

*بۇ جايدا كۆپ خىل دىنلار بىرى بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ مەۋجۇت بولغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئىسلام دىنى مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان.*

*بۇ ئەھۋال دەل ئافغانىستاننىڭ دائىم ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا جۇغراپىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، مۇ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەم مۇئەييەن شارائىتتا ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيسىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.*

*فەن جىيىڭ*

بىز «ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى» دېگەن تېمىدىكى 2001 - يىللىق دوكلاتنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازغانىدۇق:

2001 - يىلى پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى، بۇنىڭ «پەۋقۇلئاددە» لىكى ئۇنىڭ بىر ئەسىرنىڭ ياكى مىڭ يىلنىڭ بېشى بولغانلىقىدا بولماستىن، بەلكى ئامېرىكىنىڭ يۈرىكى بولغان نيۇ - يورك، ۋاشىنگتوندا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەنلىكىدە. «11 - سېنتەربىر ۋەقەسى» دۇنيا تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇشىمۇ، تارىخ تەرەققىياتىدىكى بىر قىستۇرما بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدىغىنى شۇكى، خەلقئارا چوڭ مۇھىتتا شۇنىڭدىن باشلاپ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ ھېچبولمىغاندا بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. «11- سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» بويىچە زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئافغانىستاندا ئەۋجىگە چىقتى، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتى شىنجاڭغا يېقىن بولغان بۇ قوشنا دۆلەتكە مەركەزلەشتى.

ئافغانىستاننىڭ كۆلىمى 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 21 مىليون بولۇپ، ھازىرقى ئازكەم ئىككى يۈز دۆلەت ئىچىدە ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇ بىر قاقاس زېمىن، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى تاغلىق دۆلەت، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتى، ئۇنىڭ سىياسىي يۈزلىنىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نېمە دېگەنبىلەنمۇ ھېچقانچە مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۆلەت 1919 - يىلى مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان كۆپىنچە ۋاقىتلاردا جۇغراپىيىلىك سىياسىيدىكى ئەجەل كوچىسى ۋە «سوقۇر ئۈچەي» گە ئايلىنىپ قېلىپ، كىشىلەر بەكرەك دىققەت قىلىدىغان جاي بولۇپ قالدى. مۇبادا «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن ئىلگىرى، ئافغانىستاندىن بىرەر زىلزىلە قوزغىغان ئىش چىقتى دېيىلسە، مۇنداق ئىككى ئىش چىققان بولىدۇ: بىرىنچىسى، 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا،

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەك، تانكىلىرى كىشىلەر
ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان بۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقتا گۈلدۈرلەپ
كىرىپ، ئۇزۇلمەس «غازات» پىلتىسىگە ئوت يېقىپ قويدى؛
ئىككىنچىسى، 2001 - يىلى ئەتىيازادا، تالىبان جەڭچىلىرى
دۇنياغا مەشھۇر باميان بۇتىغا جەڭ ئېلان قىلدى.
جۇغراپىيىلىك مۇھىت سىياسىيشۇناسلىرى ئىچىدە غەربىي
ئاسىيانى تەتقىق قىلىدىغانلارنىڭ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى
ئوتتۇرا شەرقتىكى پەلەستىن - ئىسرائىلىيە ۋە پارس
قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر بولدى؛ جەنۇبىي ئاسىيانى تەتقىق
قىلىدىغانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ھىندىستان بىلەن پاكىستاندا
بولدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىدىغانلار يېڭىدىن
مۇستەقىل بولغان قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننى كۆپرەك
تەھلىل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئافغانىستان جەنۇبىي ئاسىيا
دۆلىتىگىمۇ ئوخشىماي، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىگىمۇ ئوخشىماي،
غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتكە ئوخشاپراق قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى
غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر قاتارىدا ئەستايىدىل تەتقىق
قىلىدىغانلار ئاز بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستان دائىم
جۇغراپىيىلىك سىياسىيدىكى «كۆرۈنمەس رايون» بولۇپ
قالىۋەردى. لېكىن، «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن،
ئافغانىستان بىر كېچىدىلا جۇغراپىيىلىك سىياسىيدىكى
«كۆرۈنمەس رايون» دىن قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. مۇبادا «11-
سېنتەبىر ۋەقەسى» دىكى بىن لادىننىڭ قىلمىش -
ئەتمىشىنى «سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى» نىڭ يامان خاراكتېرلىك
قوزغىلىشىغا ئوخشاتساق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئامېرىكا
قوشۇنىنىڭ ھەربىي زەربىسىنى جۇغراپىيىلىك سىياسىيدىكى
«تاشقى ئوپېراتسىيە» گە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
ئافغانىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيدىكى ئورنى مەسىلىسى
كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى ئايان بولدى، بۇ يەردىكى تېخىمۇ

ماھىيەتلىك مەسىلە — ئىلىمىزنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن چېگرىلىنىدىغان كەڭ رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېڭىۋاشتىن قانداق ئويلىنىش، تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت.

## ئافغانىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيدىكى ئورنى

ئافغانىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيدىكى ئورنى توغرىسىدا كەم دېگەندىمۇ مۇنداق بىر قانچە خىل كۆز قاراش مەۋجۇت.

### *«غەربىي ئاسىيا» قارىشى*

خەلقئارا مەسىلىلەرنى كۆزەتكۈچىلەر، بولۇپمۇ ئىلىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار ئاسىيانى شەرقىي شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا دەپ بەش چوڭ بۆلەككە بۆلۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، ئافغانىستاننى غەربىي ئاسىيادا دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ ئاساسى بار. بىۋاسىتە كۆزەتكەندە، ئافغانىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا رايونلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئامۇ دەرياسى غەربىي ئاسىيادىكى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم جۇغراپىيىلىك سىياسىي پاسىلغا ئايلاندى، يۈز نەچچە يىل ئىچىدە، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت

جەھەتلەردە بارغانسېرى يىراقلىشىپ، تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى دۇنياغا ئايلاندى.

### *«چوڭ ئوتتۇرا ئاسىيا» قارىشى*

ئافغانىستاننى ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونىغا ياكى ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، ھېچبولمىغاندا ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى شىمالىي ئافغانىستاننى تەبىئىي جۇغراپىيىۋى كاتېگورىيىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئاسىياغا تەۋە دېيىشكە بولىدۇ. ئامۇ دەرياسى 1979 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگۈچە ئىككى دۇنيانىڭ مۇستەھكەم پاسىلى بولۇپ تۇردى. ئون يىلدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا چېكىنىشى بىلەن تەڭ، بۇ پاسىل بۇزۇپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ئىسلامىيەتنىڭ گۈللىنىش دولقۇنى، تاجىكىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تاجىكلار، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆزئارا ھەرىكەتلىرى ۋە «ئۈچ ئىزم» نىڭ كەشمىر، ئافغانىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋادىلىرىغىچە كېڭىيىشى تۈپەيلىدىن، خەلقئارادىكى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئافغانىستان ئەتراپىدىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تامامەن ئايرىۋېتىپ يەككە ـ يېگانە تەھلىل قىلىشى بارغانسېرى قىيىنغا توختىدى. بۇنىڭ بىلەن ئافغانىستاننى «چوڭ ئوتتۇرا ئاسىيا»غا تەۋە دەيدىغان كۆزقاراشلار بارلىققا كەلدى، ھەتتا بەزىلەر كەسكىنلىك بىلەن «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىنكى ئافغانىستان ئۇرۇشىنى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» دېدى.

### *«چوڭ ئوتتۇرا شەرق» قارىشى*

غەربلىكلەر ھەمىشە ئۆز مەۋقەسىگە ئاساسەن شەرق

دۇنياسىنى تەرتىپ بويىچە يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق، يىراق شەرق دەپ ئاتاپ كەلدى. يېقىن شەرق (Near East) دېگەن ئۇقۇم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللاردىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى خوجىلىقىدىكى شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقىدىكى يەرلەرنى كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا شەرق (Middle East) دېگەن ئاتالغۇنى ئامېرىكىلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىت سىياسەتشۇناسى ماخان 1902 ـ يىلى تۇنجى قېتىم قوللانغان بولۇپ، ئۇ پارس قولتۇقى ئەتراپىدىكى رايونلارنى كۆرسەتكەن، كېيىن «يېقىن شەرق» دېگەن ئۇقۇمنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، «ئوتتۇرا شەرق» ئۇقۇمى بارغانسېرى كېڭەيدى، ئۇ تۈركىيىدىن ئەدەنگىچە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەراكەشكىچە بولغان چوڭ دائىرىدىكى ھەرقانداق رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى»①، مانا بۇ «چوڭ ئوتتۇرا شەرق» تۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق ئىككى ئالىم مۇنداق دېگەن: «بىز 〈ئوتتۇرا شەرق〉 دەپ ئاتىغان ئۇ رايوننى جۇڭگولۇقلار 〈غەربىي ئاسىيا〉 دەپ قارايدۇ، ئوتتۇرا شەرق ئىراق ۋە ئىراندىن باشلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەن، تاكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭغىچە بولغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىدىنىلا ئىبارەت، خالاس».② غەرب دۇنياسى رۇسىيىنىڭ سىرتىدىكى ئاسىيانى «ئوتتۇرا شەرق» ۋە «يىراق شەرق» دەپ ئايرىم ـ ئايرىم ئاتاشقا بىر قەدەر ئادەتلەنگەن، بۇنىڭدا جۇغراپىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى بارەدەك قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام مەدەنىيىتى چەمبىرىكىگە قارىتىلغان. جۇڭگو، ياپونىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يىراق شەرق» بۇددا دىنى مەدەنىيىتى

---

① گېرال خوۋات: «دۇنيا تارىخى لۇغىتى»، خەنزۇچە نەشرى، 240 ـ بەت، سودا نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى.
② ئاندرېي نازون، روبېرت روس: «سەددىچىن سېپىلى ۋە نەيرەڭۋازلىق»، خەنزۇچە نەشرى 12 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى.

چەمبىرىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارغانسېرى 20 نەچچە يىللىق ئۆزگىرىشكە، بولۇپمۇ «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىنكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ۋە ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بارغانسېرى ئۇيغۇنلىشالمىدى. بۇنىڭ بىلەن يەنە يېڭى قاراشلار بارلىققا كەلدى.

### «كەڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان» قارىشى

تالىبانلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئامېرىكا قوشۇنى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئورۇنلىشىپ، رۇسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى «ئارقا هويلىسى» غا كىرىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگوغا نىسبەتەنمۇ ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ هۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ جۇغراپىيىلىك سىياسىينىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە قارىتا، ئالىملار «كەڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى» دېگەن ئاتالغۇ مەيلى مەملىكەت ئىچىدە ياكى خەلقئارادا بولسۇن بارغانسېرى ئومۇملاشتى. هازىر بەزى مۇهاكىمىچىلەر «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى» زادى قانچىلىك چوڭلۇقتا؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ تەبىر بەرمەكتە: «جۇغراپىيىلىك سىياسىينىڭ بۆلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى ئەسلىدىنلا ئاشكارا ئۇقۇمدۇر. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، كىشىلەر كۆپىنچە هاللاردا ‹يىراق شەرق› ۋە ‹شەرقىي ئاسىيا› دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارقىلىق تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى ئاسىيانى ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭ دائىرىسى ئاساسلىقى جۇڭگو، چاۋشيەن، كورىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق غەربىي تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى

ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، رايونلارنىڭ قوشۇلۇشى تېزلەشتى، مۇناسىۋىتى چوڭقۇرلاشتى ۋە رايون ئىقتىسادى، سىياسىيسى هەم بىخەتەرلىك دائىرىسى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيدى، ئالاقىلىشىش دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ، 〈يىراق شەرق〉ۋە〈شەرقىي ئاسىيا〉 دېگەن بۇ ئىككى ئەنئەنىۋى ئۇقۇمنى كىشىلەر ئاندا ـ ساندا تىلغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى ئۇقۇمى كەڭ ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى ئىشلىرىغا قاتنىشىش هەۋىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىغا چېتىشلىق دۆلەتلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، رايوننىڭ دائىرىسى پەيدىنپەي مۇجمەللىكتىن روشەنلەشتى هەمدە داۋاملىق كېڭىيىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بەزى ئالىملار ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ دائىرىسى ئەنئەنىۋى 〈شەرقىي ئاسىيا〉 دىكى دۆلەتلەردىن باشقا، رۇسىيىنىڭ يىراق شەرق قىسمى، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوكيانىيە قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، يەنە بەزىلەر هازىرقى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ دائىرىسى 〈شەرقىي ـ شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي ئاسىيا هەم تىنچ ئوكياندىكى ئاۋستىرالىيە قاتارلىق 40 نەچچە دۆلەت〉نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق جەزملەشتۈردى. قىسقىسى، ئافغانىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەسلىدىنلا سىياسىي جۇغراپىيە ئىلمىدە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئافغانىستان ئۇرۇشى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش بولۇپ، روشەن هالدا

ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان جۇغراپىيىلىك سىياسىيىسى مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1] . دەرۋەقە، «كەڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونى» قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئافغانىستان ئۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ماكرو جەھەتتىن تەھلىل قىلىشتا ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشىشىنى، ياۋروپا ـ ئاسىيا ۋە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىسى ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلىشتا، خېلى پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا ناھايىتى قىيىن مەسىلىلەر بار بېرىنچىدىن، ئافغانىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىنچ ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، «كەڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان» قىياسى دائىرىنى كېڭەيتىۋەتكەنلىك؛ ئىككىنچىدىن، «چوڭ ئوتتۇرا شەرق» قارىشىدا شىمالىي ئافرىقىدىن ھىندى دەرياسىغىچە بولغان جايلار ئۇيۇل تاشتەك بىر پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى دەپ قارىلىدۇ، بۇنىڭدا جۇغراپىيىلىك مەدەنىيەت نەزەردە تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇ تولىمۇ يۈزەكى بولۇپ قالغان، «چوڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى» ئۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا، جۇغراپىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ تېگى ـ تەكتىگە پەقەتلا ئېتىبار بېرىلمىگەن؛ ئۈچىنچىدىن، «غەربىي ئاسىيا» ، «چوڭ ئوتتۇرا شەرق» ، «چوڭ ئوتتۇرا ئاسىيا» قاراشلىرىنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئافغانىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چەتلەشتۈرۈۋېتىلگەن، «كەڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى» قارىشىدا بولسا بۇ رايوننى چەتلەشتۈرۈۋېتىش چېكىگە يەتكەن.

---

① جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات ئورنى: «خەلقئارا ئىستراتېگىيە ۋە بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە باھا» (2001—2002) ، خەنزۇچە نەشرى، 67 ـ 68 ـ بەتلەر، ئېقىم مەسىلىلىرى نەشرىياتى، 2002 ـيىلى.

## «پامىرنىڭ غەربى» قارىشى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىز ئالىمى ئەن ۋېيخۇا «پامىرنىڭ غەربى» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىرقاتار ماقالىلەرنى يازدى. «پامىرنىڭ غەربى» جۇڭگوغا قاراشلىق «پامىرنىڭ شەرقى» گە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، پروفېسسور ئەن ۋېيخۇا بۇنىڭغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي رايونى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قوشنا رايونلار ـــ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ تۇتىشىدىغان جايى، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت، ئافغانىستان، پاكىستان، ئىران ۋە كاسپىي دېڭىزى رايونىدىكى باشقا دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، كەشمىرنىڭ پاكىستان كونتروللۇقىدىكى رايونلىرى جۇڭگو بىلەن چېگرىلىنىدۇ.» ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: ئۆتكەنكى بىر مەزگىللىك تەتقىقات داۋامىدا، مەزكۇر رايون ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق رايونلارغا ئايرىلىپ تەكشۈرۈلگەن. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى يېڭى ۋەزىيەتتە، «بۇ رايوننى (ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا) دەپ ئايرىم رايونلار بويىچە تەتقىق قىلىش تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەي قالدى. شۇڭا، پامىرنىڭ غەربىدىن ئىبارەت بۇ رايوننى ياكى ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان رايونلارنى بىر ‹بىرلىك› سۈپىتىدە، يەنى پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلار دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش زۆرۈر.»

## «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» قارىشى

بىزنىڭچە «پامىرنىڭ غەربى» قارىشى ناھايىتى توغرا، ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر

مۇتەپپەككۇر، ئالىم ۋېي يۈەن (1794 ~ 1857) «زەپەرنامە» دە مۇنداق يازغان:

شىنجاڭنى تەڭرىتېغى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ، جەنۇبتا مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار)، شىمالدا جۇڭغارلار (جۇڭغارىيە) بار؛ ئۇنىڭ سىرتى كوكئارت (پامىر) بولۇپ، شەرق تەرىپى شىنجاڭ، غەرب تەرىپى ھەرقايسى بېقىندى ئەللەردۇر. بېقىندى ئەللەر يەنە ئىككىگە ئايرىلىدۇ: تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىنىڭ غەربىي شىمالىغا قازاقلار جايلاشقان؛ تەڭرىتېغى يولىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا بويرۇتلار (قىرغىزلار) جايلاشقان، ھەممىسى كۆچمەن ئەللەر بولسىمۇ، لېكىن جۇڭغار، ئۇيغۇر، مۇڭغۇللاردىن پەرقلىنىدۇ. كۆكئارتتىن ئۆتۈپ يەنە غەربىي شىمالدا ئەنجانلىقلار (ئۆزبېكلەر) جايلاشقان؛ غەربىي جەنۇبتا بەدەخشان، ئافغان (ئافغانىستان) جايلاشقان؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئېلى بولسىمۇ، لېكىن كوكئارتنىڭ غەربىدىكى بېقىندى ئەللەردە كوكئارتنىڭ شەرقىدىكىگە ئوخشاش ۋىلايەت ـ ناھىيىلەر تەسىس قىلىنمىغان.

كوكئارت، يەنى پامىر توغرىسىدا پروفېسسور ئەن ۋېيخۇانىڭ «پامىرنىڭ غەربى»، «پامىرنىڭ شەرقى» قارشى بىلەن ۋېي يۈەننىڭ «كوكئارتنىڭ شەرق تەرىپى شىنجاڭ، غەرب تەرىپى بېقىندى ئەللەر» دېگەن كۆز قارىشى ناھايىتى ماس كەلسىمۇ، لېكىن مەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى، جۈملىدىن ھىندىستان تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان كەشمىر رايونىمۇ بۇ ‹ئومۇمىي مەركەز› گە تەۋە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن شۇنداق مەسىلە كېلىپ چىقىدۇكى، بۇ كەڭ رايونلار «پامىرنىڭ غەربى» دە بولۇپلا قالماستىن، بەزىلىرى «پامىرنىڭ شىمالى» دا، مەسىلەن قازاقىستان، بەزىلىرى «پامىرنىڭ جەنۇبى» دا، مەسىلەن كەشمىردىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغىچە بولغان رايونلار؛ بۇنىڭدىن باشقا «پامىرنىڭ غەربى» نىڭ نەگىچە بارىدىغانلىقىمۇ بىر مەسىلە. ئالدىنقى يىللاردا، مەن «ئىچكى ئاسىيا» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا

قويغانىدىم، ئەمما ئۇنىڭدا باشقا بىرخىل تەھلىلنى نەزەردە تۇتقانىدىم. كېيىن ①قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، بىز سىناق تەرىقىسىدە «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى شەرقىي شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدۇق، ھازىرچە «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» نىڭ دائىرىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە، چېچىنىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاۋكاز رايونى، ئىران، ئافغانىستان، كەشمىر، پاكىستان ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان ھىندىستانىنىڭ شىمالىي قىسمىغىچە بەلگىلەشكە بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ «بىرلىك» نىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيسى ۋە جۇغراپىيىلىك مەدەنىيىتى ئۈستىدە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرىمىز.

## ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيسى

ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ نۆۋەتتىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىيسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىدە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى چوڭ خەلقئارالىق ۋەزىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلساق بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

### ئۈچ ئاساسىي يۆزلىنىش

① «ئىچكى ئاسىيا» «تۈركىيە، كاۋكازدىكى ئەزەربەيجان، رۇسىيىدىكى تاتارىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان ۋە ئېلىمىزدىكى شىنجاڭ» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى «ئىككى پان» نىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش نەزەردە تۇتۇلغان، شۇڭا تۈركىيە بىلەن شىنجاڭ بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تاجىكىستان، ئافغانىستان، كەشمىر، پاكىستان، ئىران كىرگۈزۈلمىگەن. فەن جېپىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە» گە قارالسۇن، «شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» خەنزۇچە نەشرى، 2001 ـ يىلى 3 ـ سان.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ھەربىي قارشىلىشىشىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا يەنىلا تىنچ بولمىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى دۇنيا كۈچلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا روشەن تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلدى، ئەسلىدە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان مىللىي ۋە دىنىي زىددىيەت گەۋدىلىنىپ، كونترول قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا يېتىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئەندىزىسى تۇراقلىق بولمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر روشەن بولغان ئۈچ ئاساسىي يۈزلىنىش خەلقئارا چوڭ مۇھىتنى يامانلاشتۇرۇۋەتتى:

بىرىنچى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى يېڭى «دۈشمەن» ئىزدىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئون يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەپەككۇرى غەربلىكلەر، بولۇپمۇ بەزى ئامېرىكىلىقلاردا يوقالمىدى ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، «رەقىبى» يوقالغاندىن كېيىن يېڭى «رەقىب» كە تەشنا بولدى ھەمدە پۈتۈن دۇنيادا «دۈشمەن» ئىزدىدى. سىياسىي مۇقىم، ئىقتىسادى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك جۇڭگو بارغانسېرى «ئامېرىكىنىڭ يېڭى دۈشمىنى» بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىي بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان خەلقئارا مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىشى مۇشۇ مەسىلىدىن بولدى.

ئىككىنچى، دۇنياۋى مىللىي بۆلگۈنچىلىك (Ethnic Separatism) ئەۋج ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 15 كە بۆلۈنۈشىگە، يۇگوسلاۋىيىنىڭ بەشكە بۆلۈنۈشىگە ئەگىشىپ،

هازىرقى زامان مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ يۇقىرى دولقۇنى پەيدا بولدى. بۇ مۇستەملىكە سىستېمىسى تامامەن يىمىرىلگەن، ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولغان ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش شوئارىنى بايراق قىلىپ كۆپ مىللەتلىك ئىگىلىك هوقۇقلۇق دۆلەتلەردە مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق هەرىكەتلىرى شەكلىدە ئەۋج ئالدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئەڭ ئەۋجىگە چىققان جايلاردا هامان غەرب چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ ئارىلىشىشى، قول تىقىشىدەك مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈش بايقالدى.

ئۈچىنچى، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى يامراپ كەتتى. ئېنىقنى ئېيتقاندا، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا هازىرقى زامان ئىسلام گۈللىنىش هەرىكىتى كۆتۈرۈلدى هەمدە ناهايىتى تېزلىكتە شىمالىي ئافرىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا يامرىدى. ئادەتتىكى مەدەنىيەت مەنىسىدىكى ئىسلام گۈللىنىش هەرىكىتى دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆپىنچە هاللاردا ئىنتايىن قويۇق دىنىي ئەسەبىيلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. بۇنداق كەيپىيات ئاستىدا، ئۇ ئىنتايىن ئاسانلا سىياسىيلىشىپ، تەشكىللىك خاراكتېرىنى، هەتتا تېررورلۇق خاراكتېرىنى ئالدى. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى هەرىكىتى سىياسىيلاشقان، تەشكىللىك ۋە تېررورلۇق خاراكتېرىنى ئالغان ئىسلام هەرىكىتى هېسابلىنىدۇ.

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ خىل كۈچ

يېقىندا بايان قىلىنغان چوڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە خەلقئارا تېررورىزم شىنجاڭغا چېگرىلىنىدىغان ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا باش كۆتۈردى.

### *مىللىي بۆلگۈنچىلىك*

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتى يەنىلا داۋاملاشتى، كەشمىر، چېچېنىيىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورلۇقنى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك قىلدى.

### *دىنىي ئەسەبىيلىك*

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھازىرقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرا شەرق رايونىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگىچە كېڭەيدى. ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاندا ئەسەبىي «ئىسلام گۈللىنىش پارتىيىسى»، «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» (IMU)، «ھىزبۇت» Hizbut Tahrir قا ئوخشاش تەشكىلاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە قويۇق پانئىسلام ياكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تۈسىنى ئالغان. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى سىياسىيلاشقان، تەشكىللەشكەن ۋە تېررورلاشقان ئىسلام ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى دىنىي ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى چېكىدىن ئاشقان سىياسىي ھەرىكەتتۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى «غازات» ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىش ئارقىلىق تېررورلۇق قىلىپ، دىنىي داھىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن

دىن بىرلەشكەن دىنىي ھاكىمىيەت قۇرۇش سىياسىي نىشانغا يېتىشتىن ئىبارەت.

### خەلقئارا تېررورىزىم

بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئوتتۇرا شەرق رايونىدا پەيدا بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىن لادىننىڭ «بازا» تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر تۈركۈم خەلقئارا تېررورچىلارنى ياردەم بېرىپ تەربىيىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى چېكىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تالىبان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئافغانىستان ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى خەلقئارا تېررورلۇق چوڭ لاگىرىغا ئايلاندى. خەلئارا تېررورىزىم ئېنىق سىياسىي نىشانغا ئىگە بولۇپ، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا پارتلىتىش، گۆرۈگە ئېلىۋېلىش، ئايروپىلان بۇلاش، زەھەر تاشلاش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىيانە ۋاسىتىلەر بىلەن ئاياللار، باللار، قېرىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاددىي خەلق ۋە ھۆكۈمەت مەمۇرىيىتى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارغا زەربە بېرىپ، كەڭ كۆلەمدە تېررورلۇق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى تېخىمۇ كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل سىياسىي مەقسىتىنى ئېنىق ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. سىياسىي مەقسىتىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى تېررورىزىمنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى.

تارىختا ۋە ئەمەلىيەتتە، دىنىي ئەسەبىيلىك دائىم چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مەسىلەن، پانئىسلامىزىم بىلەن پانتۈركىزىم بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى؛ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ھەرخىل چېكىدىن ئاشقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن ئۆزئارا گىرەلەشتى. بۇ چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك دىنىي يەنە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە

ئەسلىيەتچىلەشتۈردى ۋە تېررورلاشتۇردى. ئافغانىستاندىن چېچېنىيىگىچە، ئۆزبېكىستاندىن كەشمىرگىچە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى تېررورىزمنىڭ سىياسىي نىشانى مىللىي بۆلگۈنچىلىك بولماستىن، بەلكى دىنىي چېكىگە يەتكۈزۈش بولدى؛ بەزىلىرى ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن مەشغۇل بولدى، ھەم دىنىي چېكىگە يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى بۇ ئۈچ خىل كۈچ ھەمىشە بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەلدى.

## تۆت «پوروخ تۇڭى» ۋە تېررورلۇق قاپلىغان «قوش ھىلال ئاي» بەلۋېغى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈچ خىل كۈچنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشى تۇپەيلىدىن، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا تۆت «پوروخ تۇڭى» شەكىللەندى:

*ئافغانىستان*

ئافغانىستان يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئىچكى ئۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى ئافغانىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، غازاتچى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سوزۇلغان ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەردى، تالىبان شۇنىڭدىن باشلاپ باش كۆتۈردى ھەمدە ناھايىتى تېزلىكتە ئافغانىستاننىڭ كابۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلدى. تالىبان خەلقئارا تېررورىزم پېشۋاسى بىن لادىن بىلەن بىرلىشىپ، ئافغانىستاننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى خەلقئارادىكى تېررورچىلارنىڭ «شادلىق بېغى»غا ئايلاندۇردى. «11 -

سىنتەربىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، تالىبان ھاكىمىيىتى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، مەۋجۇتلۇقىدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن «بازا» تەشكىلاتىنىڭ قالدۇق ئۇنسۇرلىرى يەنىلا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ خەلقئارا تېررورچىلار يوقىتىلمايدىكەن، ئافغانىستاندا خاتىرجەملىك بولمايدۇ، ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ.

### *پەرغانە*

بۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى بىلەن بىر تاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ۋادا بولۇپ، ئۇنى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان بۆلۈشۈۋالغان، يەر شەكلى مۇرەككەپ، نوپۇسى زىچ، ئىقتىسادى قالاق، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئېغىر، ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى چېكىدىن ئاشقان كۈچلىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، يەنە كېلىپ تارىختا كىچىك كۆلەمدىكى قاراقچى «باسمىچى» لار غالجىرانە ھەرىكەت قىلغان رايون. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ئۈچ خىل كۈچنىڭ زوراۋانلىق جەننىتىگە ئايلىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

### *كەشمىر*

كەشمىر مەسىلىسى بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ يەردىن ئايرىلىدىغاندا قالدۇرۇپ كەتكەن قىيىن مەسىلە. ھىندىستان بىلەن پاكىستان مۇستەقىل بولۇپ ئەتىسىلا كەشمىرنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى، نەتىجىدە ھەر قايسىسى 1949 - يىلى بېكىتىلگەن ھەربىي كونترول قىلىش لىنىيىسى ئەتراپىدىكى جايلاردىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئىككى دۆلەت بۇ يەردە ئۈچ قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدى، ئادەتتىكى توقۇنۇش،

سۈركىلىشلەر توختاپ باقمىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، كەشمىردىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى دىنىي ئەسلىيەتچىلىشىپ، تېررورىزملىشىپ، بۇ رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى بىردىنلا جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، ھەتتا «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە تېررورچى زوراۋان كۈچلەر يەنە داۋاملىق ئەدەپ، پارتلاش نۇقتىسىغا بېرىپ يەتتى.

### چېچېنىيە

چېچېنىيەدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشنىڭ دەسلەپىدە باش كۆتۈرگەن. 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، چېچېنىيە ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىشى بىلەن، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتى جىددىي ھالەتكە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، رۇسىيە قوشۇنى چېچېنىيىنى تازىلىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش ئۇلارغا پايدىسىز بولدى. 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە، رۇسىيە چېچېنىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، چېچېنىيىنىڭ ئورنى بەش يىلغىچە رۇسىيە ئېچىنىشلىق چېچېنىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن چېچېنىيەدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىسلام غازات ئۇرۇشى ئەمدى باشلاندى دەپ قارىدى. كونكرېت ئېيتقاندا، 1995 ـ يىلدىكى ۋەزىيەتتىكى زور ئۆزگىرىشلەر چېچېنىيەدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى دىنىي ئەسلىيەتچىلەشتۈرۈپ، تېررورىزملاشتۇرۇۋەتتى، يەنى ئەسلىدىكى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ، «مۇستەقىل بولۇش» ، تېررورلۇق ۋە «غازات» قا ئۆزگەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، چېچەن قاراقچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى رۇسىيىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغىچە كېڭەيدى، ھەتتا خورىكى يوغىناپ

موسكۋاغا بومبا تاشلىغاچقا، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنى يەنە بىر قېتىم ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ قورشاپ يوقىتىشقا مەجبۇر قىلدى، بۇ ئىككىنچى قېتىملىق «چېچىنىيە ئۇرۇشى» بولدى.

2000 - يىلىنىڭ بېشىدا، رۇسىيە قوشۇنى گروزنىيىنى ۋە چېچىنىيىنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئازاد قىلدى، چېچىنىيىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ھەربىي كۈچلەر ئاساسىي جەھەتتىن تارمار قىلىندى، لېكىن قالدۇق ئۇنسۇرلار يەنىلا كاۋكاز تاغلىق رايونىدا رۇسىيە قوشۇنى بىلەن تىركەشمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى قالدۇق قاراقچىلار ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا پېتىراپ يۈرمەكتە. چېچىنىيىدىكى «بالايىئاپەت ئاسارىتى» ئېغىر بولۇپ، تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولماقتا.

ئۈچ خىل كۈچنىڭ ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈشى، تۆت «پوروخ توڭى» نىڭ ماسلىششى تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا تېررورلۇق قاپلىغان «قوش ھىلال ئاي» بەلۋېغىنى شەكىللەندى:

چېچىنىيە — ئوتتۇرا ئاسىيا — ئافغانىستان.

قىرغىزىستان — ئۆزبېكىستان — تاجىكىستان — ئافغانىستان — كەشمىر.

بۇ ھىلال ئاينىڭ ئىككى مەركىزىي نۇقتىسى ئافغانىستان بىلەن ئۆزبېكىستاندا بولۇپ، ئالدى دەل جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى پەرغانە ئويمانلىقىدا. شۇڭا، تۆۋەندىكى بىرقانچە پاكىتقا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. تالىبان دۇنيادا چېچىنىيىنى ئېتىراپ قىلغان بىردىنبىر «ھاكىمىيەت»، چېچىنىيىدىكى قوراللىق ئۇنسۇرلار ھەم تالىباننىڭ قورال - ياراغ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ھەم تالىباننىڭ بازىسىدا تەربىيىلەنگەن.

2. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېكىدىن ئاشقان تېررورلۇق تەشكىلاتى «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ( IMU )

تالىباندا ئارقا سەپ بازىسى قۇرۇپ، تالىباننىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ياردىمىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ جەڭچىلىرى يەنە ئافغانىستاننىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، تالىبان بىلەن بىللە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلغان.

3. «شەرقىي تۈركستان» تېررورچىلىرى تالىبان كونتروللۇقىدىكى جايلاردىمۇ مەشىق بازىسى قۇرغان ھەمدە ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشى، چېچېنىيە ئۇرۇشى ۋە IMU نىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەربىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان. IMU نىڭ بازىسى — گارم، جىرغاتال، تاۋىلدار ۋە 1999-، 2000-يىللىرىدىكى ھۇجۇم بازىسى بولغان باتكېن تاغلىق رايونىنىڭ چېگرىمىزدىكى ئۆركەشتام بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ 200 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئۈچ خىل كۈچكە قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرىدۇ.

يىگىرمە يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش باشتىن - ئاخىر ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ بېشىنى كۆپ ئاغرىتتى، ئاتالمىش «2+6» يىغىنى ئافغانىستاننىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئامېرىكا، رۇسىيىنىڭ ئافغانىستان مەسىلىسى توغرىسىدىكى قەرەللىك يىغىنىدىن ئىبارەت. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئامېرىكا - ئەنگلىيە تالىبانغا قارىتىلغان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنى باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئافغانىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار دۇنيا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەركىزىي نۇقتىغا ئايلاندى. بارلىق ئەھۋاللار يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى خەلقئارا سىياسىينىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئافغانىستان ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىينىڭ تۈگۈنىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

## ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك مەدەنىيىتى

بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيىسى مۇھاكىمە قىلىنغاندا، بىز «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى قوللىنىمىز، بۇنىڭدا ھازىرقى زامان سىياسىيىسى توغرىسىدىكى تەھلىل نەزەردە تۇتۇلۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى مۇشۇ كەڭ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە كۆزدە تۇتۇلغان

### *بۇ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، شەرق غەرب مەدەنىيىتى مۇشۇ يەردە ئۇچراشقان*

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قەدىمكى زاماندا دۇنيادا جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، مىسىر مەدەنىيىتى ۋە يونان مەدەنىيىتى مەۋجۇت بولغان. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا شەرق، غەرب قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىقىدا بولغاچقا، خىلمۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان: بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەتراپتىكى زور كۈچلەرنى بىرلەشتۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، يىراقتىكى مەدەنىيەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن. بۇنداق مۇناسىۋەت سىياسىي جەھەتتە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يىپەك يولى دېگەن دەل مۇشۇنداق ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى ۋاستە بولغان. يىپەك يولى بۇ ئۇقۇمنى گېرمانىيىلىك ئالىم رىچخوفېن ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭدا قەدىمكى زاماندىكى شەرق - غەرب خەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ئالاقە ئوبرازلىق تۈسكە يىغىنچاقلانغان. لېكىن، بۇ يەنىلا بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن ئۇقۇم بولۇپ، ھامان ئۇنىڭ

يېتەرسىز جايلىرى بار، ھېچبولمىغاندا ئۇ ئاسانلا كىشىلەردە بۇ كەڭ كۆلەمدە يىپەك سودىسى قىلىدىغان سودا يولى، 15 ـ ئەسىردىن كېيىن دېڭىز يولى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇ زاۋالغا يۈز تۇتتى، ئۈزۈلۈپ قالدى، دېگەندەك خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق تونۇشلار زىيادە تار مەنىدە ياكى ئاساسى كەمچىل. ئەمەلىيەتتە، يىپەك يولىدا يىپەك سودىسىلا قىلىنمىغان، دېڭىز يولى قاتنىشى بارلىققا كېلىشى شەرق، غەرب قۇرۇقلۇق يولى قاتنىشىنىڭ زاۋالغا يۈزلەنگەنلىكى، ھەتتا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان رەۋەن، چاي سودىسى يىپەك يولىدا مىڭ يىلغا يېقىن گۈللەنگەن، بۇ بىر ئىسپات.

يىپەك يولى ئەمەلىيەتتە ئۈزۈنىسىغا تۇتىشىپ كەتكەن پاراللېل قاتناش تورىدىن ھاسىل بولغان. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەللەر، شەھەر ـ بازارلار، مەسىلەن، كانگىيە (بۈگۈنكى قازاقىستاندا)، ئاۋرىسى (كاسپىي دېڭىزى، ئارال دېڭىزى ئوتتۇرىسىدا)، شاش (تاشكەنت)، سايرام (ئۆزبېكىستاندىكى چىمكەنت)، خارەزىم (ئۆزبېكىستاندىكى خىۋە)، درم (ئۆزبېكىستاندىكى تېرمىز)، سوغديانا (سەمەرقەنت)، بۇخارا (بۇخارا)، پەرغانە (پەرغانە)، تالاس (قىرغىزىستاندىكى جامبۇل)، سۇياب (قىرغىزىستاندىكى توقماق)، مەرۋى (تۈركمەنىستاندىكى مەرۋى)، خوجەند (تاجىكىستاندىكى خۇجەند)، زابولستان (كەشمىر)، خوراسان (ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدا)، نىشاپور (ئىراندىكى نىشاپور)، بەلخ (ئافغانىستاندىكى بەلخ)، كابۇل (كابۇل)، ھېرات (ئافغانىستاندىكى ھېرات)، قەندىھار (پاكىستاندىكى پېشاۋەر، راۋالپىندى) قاتارلىقلار دەل. يىپەك يولىدىكى سەييارە سودىگەرلەرنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىدىغان جايى ياكى

ئۆتىگىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەدىمكى يىپەك يولى شەرق، غەربنى كېسىپ ئۆتكەن، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا ئۇنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ.

## *بۇ مىللەتلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كارىدور، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مۇشۇ يەردە قوشۇلغان*

ئارخېئولوگلار پاكىستاندىكى سائون، ئافغانىستاندىكى دەش دىنائۇل، ئىراننىڭ مەشھەد ئەتراپىدىكى كۆشەپ دەريا ۋادىسى، شىمالىي ھىندىستاندىكى چاندىگار، تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي جەنۇبى، تاجىكىستاندىكى ئوغوز كېچىك، ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قاراتاۋ، قازاقىستاندىكى سىمىز بۇد قاتارلىق جايلاردا كونا تاش قورال دەۋرىگە تەۋە مەدەنىيەت خارابىلىرىنى قېزىپ چىقتى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىچە بۇ رايون «ئىنسانلار پەيدا بولغان مەركەزلەرنىڭ بىرى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايون» ① ئىكەن.

تارىختا بۇ رايونغا مىللەتلەر كۆپلەپ يۆتكىلىپ كەلگەن، بەزىلىرى ئوتتۇرا شەرقتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ پېرسىيە ئاخمېنىد خاندانلىقى، ماكېدونىيە ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى، سېلېۋك خاندانلىقى ۋە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش، مۇستەملىكە يۈرگۈزۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، كۆپىنچە شەرقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار جەنۇبقا يۆتكىلىپ بۇ رايونغا كەلگەن. پۈتكۈل ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى تەبىئىي

① بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتى: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 2 ـ بەت، جۇڭگو تاشقى تەرجىمە ـ نەشر شىركىتى 2002 ـ يىل.

جۇغراپىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى موڭغۇل ياىلىقىدىن جەنۇبىي رۇسىيە ياىلىقىغىچە بولغان نەچچە 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان ياىلاق، جەنۇبىي قىسمى دېھقانچىلىق رايونىدۇر. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدا بىپايان كەتكەن قازاق ياىلىقى شەرقتە ئالتاي ياىلىقى ئارقىلىق موڭغۇل ياىلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبىي قىسمى رۇسىيە ياىلىقى بىلەن قوشنا، جەنۇبىي قىسمى بولسا چۆللۈك، قۇملۇق ھەم پارچە - پارچە دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، سىر دەرياسى، ئارال دېڭىزى ئومۇمەن ئۇلارنىڭ چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئالىملار ئېيتقاندەك: «مۇقىم ئاھالىلەر رايونى بوستانلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى كەڭ ھەم چەكسىز بولۇش بىرقانچە خىل مەدەنىيەت ئارىلىقىدىكى رايونلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكىدۇر »[1] . ياىلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار، چەۋەنداز مىللەتلەر ھەمىشە كۆچۈپ يۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەرەلسىز ھالدا بىر- بىرلەپ جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇزاق قەدىمدىن تارتىپ، بۇ يەر مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىدىغان، بىرلىشىدىغان كارىدورى بولۇپ كەلگەن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئارىئانلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جەنۇبقا كۆچۈپ، بىر قىسمى ئىران ئېگىزلىكىگە، يەنە بىر قىسمى ھىندىستانغا بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ياىلاقتا ياشاۋاتقان كۆچمەن چارۋىچىلاردىن

---

① كىلىنكىت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، خەنزۇچە نەشرى، 8- بەت، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى1994 - يىل.

ساكلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، ئېفتالىتلار، تۇركلەر، موڭغۇللار، ئۆزبېكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ، بۇ رايوندا كۇشان ئىمپېرىيىسى (1 — 4 ـ ئەسىرگىچە)، ئېفتالىتلار دۆلىتى (5 —6 ـ ئەسىرگىچە)، غەربىي تۈرك خاندانلىقى (6 — 7 ـ ئەسىرگىچە)، سامانىيلار پادىشاھلىقى (874—999)، غەزنەۋىيلەر پادىشاھلىقى (936—1186)، سالجۇق تۈركلىرى ئىمپېرىيىسى (1055 — 1157)، خارەزىم خانلىقى (1200 — 1220)، چاغاتاي خانلىقى، ئىلخانىلار خانلىقى، تېمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى (1370 — 1405)، موغۇل ئىمپېرىيىسى (1526 — 1761) ۋە ئۆزبېك خانلىقىنى قۇرغان.

ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، قەدىمكى ئولبا ئىرقىدىكىلەر ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسىدۇر. ئارىيانلار، ساكلار، ھەتتا ياۋچىلار، ئۇيسۇنلارنىڭ ھەممىسى ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىن بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى زامان تارىخىدا نۇرغۇن ئەھۋاللار ئىنتايىن مۇجمەل، بىر ئالىمنىڭ مۇنداق بىر ھۆكۈمى ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن ئاسىيانىڭ ياقىسىدىكى يۇكسەك دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئىگە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نۆۋەتلىشىپ سەھنىگە چىقىش — ئاسىيا تارىخىنىڭ ئاساسىي رېتىمىنى ھاسىل قىلغان»①. بەزى كۆچمەن قەبىلىلەر، بولۇپمۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەبىلىلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە قۇدرەتلىك قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن يايلاق «كۆچمەن

① كىلىنكىت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ بەت، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

دۆلىتى» نى قۇرۇپ، قىسقا مەزگىلدە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ توپلاپ، جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا ئۈزلۈكسىز تۇردە تەھدىت سالغان، لېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خاندانلىقنىڭ كۈچلۈك توسۇشىغا ئۇچرىغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چۆللۈك، قۇملۇقلاردىكى بوستانلىقلارغا يۈرۈش قىلغان. ئومۇمەن، يايلاقتىكى «كۆچمەن دۆلەت» لەر بىردىنلا باش كۆتۈرۈپ، يەنە تېزلا ئاجىزلىشىپ، ھەقىقەتەن «كېلىشىمۇ، كېتىشىمۇ بىردەملىك» بولغان. جەنۇبتىكى بوستانلىقتىكى شەھەر - بازارلاردا ئولتۇراقلاشقانلار خېلى يۇقىرى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇلار يېڭى تېخنىكا ۋە ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، يەنە بۇلارنى قوشنا رايونلارغا تارقاتقان. مەسىلەن، بۇ بوستانلىقلاردىن 16 خىل تىل ۋە 24 خىل يېزىقتا يېزىلغان كىتابلار تېپىلدى. بوستانلىق ئۈزلۈكسىز تەھدىتكە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئۇ ھەم ئىچكى قىسمى تىنچ - بېكىنمە دۇنياغا، ھەم داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان چوڭ دېڭىزدىكى يېگانە ئاراللارغا ئوخشاپ قالغان. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئادىتى «يۆتكىلىپلا تۇرۇش»، «ھەرقانداق جايدا ماكانلاشماسلىق». بۇ سەلبىي جەھەتتىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ جەنۇبقا ماكانلىشىشى— توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، يۆتكىلىپ تۇرۇشتىن ماكانلىشىشقا يۈزلىنىش سىڭىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۈركلىشىش بۇ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

تۈركلىشىشنىڭ توغرا مەنىسى شۇكى، تارىختا بەزى خەلقلەر ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ

ئەسلىدىكى تىلىنى يوقىتىپ، تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان «تۈركلەر» گە ئايلانغان. ئالىملارنىڭ كەلتۈرگەن مىساللىرىدا، قىرغىزلار ئەسلىدە «تۈركلەر» ئەمەس ئىدى، كېيىن تۈركلىشىپ كەتتى، دېيىلگەن. دېمەك، كۆچمەن «تۈركلەر» نىڭ بوستانلىققا كېلىپ، شۇ جايدىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر بىلەن نىكاھلىنىش، شالغۇتلىشىش نەتىجىسىدە، تۈرك تىلى شۇ جايدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىلغا ئايلانغان. بۇنىڭغا ئۇزاق تارىخىي مەزگىل كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا كەم دېگەندە مۇنداق ئىككى شەرت ھازىرلانغان: بىرىنچىسى، كۆچمەن «تۈركلەر» ئەسلىدىكى كۆچۈپ يۈرۈش ئۇسۇلىنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆزگەرتكەن؛ ئىككىنچىسى، «تۈركلەر» ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، شۇ جايدىكى كىشىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. چۈنكى، يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىلا، ئاندىن ئۆزئارا نىكاھلىنىپ، سىڭىشىپ كەتكىلى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزئارا نىكاھلىنىپ، شالغۇتلاشقىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقادتىكىلەرنىڭ نىكاھلىنىشى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، مۇسۇلمان قىز - ئاياللار باشقا دىندىكىلەرگە تېخىمۇ ياتلىق بولمايدۇ، شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلىشىش بىلەن ئىسلاملىشىش ئومۇمەن تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە بىر- بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

رۇسىيە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى كېلىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل تەركىبتە بولغان: بىرى، شىمالىي قىسمىدىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر،

مەسىلەن، ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار ۋە تۈركمەنلەر؛ يەنە بىرى، جەنۇبىي قىسىمدىكى ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر، مەسىلەن ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان تاجىكلار، پۇشتۇلار ۋە ھىندى - ئوردۇ تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان پەنجابلار، بەلۇچلار. ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار ئامۇ — پەنج دەرياسى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگرىسى) نى كېسىپ ماكانلاشقان، بۇ چوڭ دەريا دەل بۇ ئىككى ئاساسىي مىللەت گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدۇر. پاكىستاننىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولغان ئوردۇ تىلى ئەسلىدە ھىندى تىلىنىڭ دىئالېكتى ئىدى، موغۇل ئىمپېرىيىسى ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، تۈرك تىللىرىدىكى نۇرغۇن سۆزلۈكلەرى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئەرەب - پارس يېزىقى بىلەن يېزىلىپ، بىر خىل مۇستەقىل تىلنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرمۇ شەكىللىنىش جەريانىدا تۈرك، موڭغۇل تىللىرى مەنبەلىرىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن باشقا، شۇ جايدىكى ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدىكى سۆز - ئاتالغۇلارنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئۇلارنى شۇ يەردىكى ئەسلىي خەلقنىڭ ئەۋلادى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوقمۇ ئەمەس. خۇددى ئالىملارنىڭ بايانلىرىدىكىدەك: ئۇلار «ھەم سىرتتىن كەلگەن، ھەم شۇ يەرلىك». ①

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، خۇلاسىمىز شۇكى، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى — مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇش تارىخىدۇر، يەرلىك ئاھالە

---

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرائاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 1997 - يىل 4- سان.

بىلەن كەلگۈندى ئاھالە مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى ئۇقۇمدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئۇزاق تارىخ ئۇقتىسىدىن قارىغاندا، كۆپ مەنبەلىك مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى بىلەن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى تارىخنىڭ تەرەققىياتى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن، بۇنداق تەرەققىياتقا ھەمىشە كەسكىن مىللىي توقۇنۇش ھەمراھ بولىدۇ ھەم قانلىق بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز دەۋرلەردىكى تارىخىي كىتابلارنى ۋاراقلاپ قارايدىغان بولساق، خان ـ پادىشاھ، ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان «زەپەرنامە» لەردە خەلق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان، يۇرت ـ ماكانلار چۆلدەرىگەن دەھشەتلىك قانلىق مەنزىرە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىنى ئەڭ غەزەپلەندۈرىدىغىنى تېمور «كەشىپ» قىلغان «ئادەم بېشى مۇنارى» دىن ئىبارەت. 1387 ـ يىلى ئۇ ئىسپاھاننى ئالغان چاغدا، قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرگە 70 مىڭ پۇقرانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئېھرام شەكلىدە تىزىشقا بۇيرۇق قىلغان. 1401 ـ يىلى ئۇ باغداد خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرغاندىن كېيىن، قۇربان ھېيت ئۆتۈپ بولغان كۈنى سەركەردىلىرىگە 90 مىڭ كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن 120 ئېھرام قوپۇرۇپ چىققان. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، بىپايان تېمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىدە بۇنداق ئادەم بېشى مۇنارلىرى سان ـ ساناقسىز بولغان.① ئادەم بېشى مۇنارى بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى ئىنتايىن چۆچۈتكەن، شۇڭا تېمۇردىن كېيىن، بۇنداق مۇنار تىكلەش ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا ئەۋج ئالغان. 1757 ـ يىلى، بۇخارا ئەمىرى مۇھەممەد رەھىم ھىسارغا جازا يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئەسىرلەرنىڭ

① ئېۋانوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 101 ـ بەت، موسكۋا، 1958 ـ يىلى.

ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ئۇنىڭدىن غايەت زور ئادەم بېشى مۇنارى تىكلىگەن. 200 يىل ئۆتكەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئادەم بېشى مۇنارى توغرىسىدىكى تېررورلۇق مەنزىرىنىڭ يەنىلا شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىغان. ①

## *بۇ جايدا كۆپ خىل دىنلار بىرى بىرىگە ئۇارىسلىق قىلىپ مەۋجۇت بولغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئىسلام دىنى مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان*

ئالدىدا بىز يىپەك يولى ئۈستىدە توختالغاندۇق، بۇ يەردە يەنە يىپەك يولىنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن قەدىمكى زامان شەرق- غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدا ئىگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغىنى غەربتىن شەرققە تارقالغان دىن مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز. قەدىمكى زاماندا پېرسىيىدىن تارقالغان ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى ۋە ھىندىستاندىن تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا، جەنۇبي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ئارقىلىق شەرققە تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: بىرىنچىسى، بۇددا دىنى روھىيىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بولۇپمۇ كەڭ دائىرىلىكلىكى بىلەن مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى 1000 يىلچە ۋاقىتتا ئوتتۇرا، جەنۇبي ئاسىيادا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان؛ ئىككىنچىسى، بۇددا دىنى تارقالغاندا قەدىمكى يونانلىقلار بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى باكتىرىيىدە قۇرغان تۇخارىستان (باكتىرىيە) يونانچە بۇددا دىنى سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرغان، بۇ سەنئەتنىڭ

---

① ئېۋانوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 101 - بەت، موسكۋا، 1958 - يىلى.

نۇرى تېخىمۇ يىراق جايلارنى يورۇتقان؛ ئۈچىنچىسى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى ۋە بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنلىرى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، جۈملىدىن دۇنيا قارشى تامامەن ئوخشاش بولمىغان بۇ دىنلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزگىچە بىرلىشىش پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ نەزىر - چىراغ مېھرابى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا تېزلىكتە ئىسلاملاشتى، باشقا دىنلار تامامەن يوقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى ئاساسىي دىنلىق ئورنى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى. ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا يىلتىز تارتىشى، تارىختا ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا تارقالغان يۇقىرىقى بارلىق دىنلارغا ئوخشاشلا قارشى ئېلىشقا ئېرىشىشى، بۇ رايوننىڭ دىن تارقىتىشتىكى ئوبدان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ جايدا يەنە كىشىنى چۆچۈتىدىغان قانلىق دىنىي ۋەقەلەرمۇ بولغان. مەسىلەن، 1512- يىلى ئىراندىكى «قىزىل باشلار قوشۇنى» قارشىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن شەھەردىكى بارلىق ئاھالىنى قىرىپ تاشلىغان، بالىلار، قېرىلار، ئاياللارمۇ ئامان قالمىغان. ئەينى چاغدا، «پەيغەمبەر ئەۋلادى» (مۇھەممەدنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى) دەپ ھۆرمەتلەنگەن بەزى سەئىدلەر مەسچىت ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان. ئەمما، شىئە مەزھىپىدىكى قىزىل باشلار قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان بابۇرخان: «غازات قىلىۋاتقان باتۇرلار قوراللىق كۈچ بىلەن ھەرقانداق بىر جاينى ئىشغال قىلغان چاغدا، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنى تولۇق يوقىتىشى كېرەك. بۇنىڭدا قانداقتۇر سەئىد - پەئىد دەپ ئايرىماسلىق كېرەك» دەپ بۇيرۇق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قىزىل باشلىقلار

قوشۇنى مەسچىتكە ئېتىلىپ كىرىپ، سەئىدلەرنىڭ باشلىرىنى بىر - بىرلەپ كېسىپ تاشلىغان①. شىئە مەزھىپىدىكى قىزىل باشلىقلار قوشۇنىنىڭ «پەيغەمبەر ئەۋلادى» نى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشىدىن ئىبارەت تراگېدىيىدىن «غازات» بىلەن دىنىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ھازىرقى نەزەرىمىز بىلەن قارىغاندا، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا ئومۇمىي جەھەتتىن ئىسلام دۇنياسىغا كىرىدۇ، لېكىن ئۇ پەقەت دىن تارقالغان، كېڭەيگەن رايون بولۇپ، ئىسلام دىنى پەيدا بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە ھەقىقەتەن ناھايىتى زور پەرق بار. ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا كىرىشى شۇ جايدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت قاتلىمىنى بېيىتقان ئىسلام دىنىنىڭ «شەمشىرى» ۋە جان بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشتەك قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىسى ئاستىدا، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېلىپ كىرىپ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىسلام دىنىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىدىكى مىستىتسىزمنىڭ بۇددا دىنى، مانى دىنىنىڭ روشەن تەسىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىشانلارنىڭ پائالىيىتىدە ئىپتىدائىي شامان دىنىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى، شىئە مەزھىپىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىدە مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە قەدىمكى ئىراندىكى باشقا دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى بارلىقىنى، مانى دىنى سەنئىتىنىڭ ناھايىتى روشەن ھالدا ئىسلام

---

① ئەخمەتوپ: «16 — 18 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، جۇغراپىيىسىگە دائىر ھۆججەتلەر»، خەنزۇچە نەشرى 44 - بەت، تاشكەنت، 1985 - يىل.

سەبىئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، مەسچىت قۇرۇلۇشىدا بۇتخانا قۇرۇلۇشىدىن ئۆرنەك ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىسلامنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا يەرلىكلىشىشى ئۇنى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا تامامەن يىلتىز تارتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مول مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىسلام دىنى كۆپ مەنبەلىك مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ رەڭگا رەڭ ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەپ بەردى.

## خۇلاسە

جۇغراپىيىلىك مەدەنىيەتتىن قارىغاندا، ئافغانىستاندىكى ئىسلامنى غەربىي ئاسىيادىكى بىلەن بىردەك دەپ تونۇغاندىن كۆرە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە جەنۇبىي ئاسىيادا دەپ قارالغان پاكىستان ۋە شىمالىي ھىندىستاندىكى بىلەن بىردەك دەپ تونۇغان تۈزۈك. ئەمەلىيەتتە، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋردە، باكتىرىيە (ئافغانىستان)، سوغدىيانا (ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسى «ئوتتۇرىسى» دىكى رايونلار)، قەندىھار (ھىندى دەريا ۋادىسى) ئەتراپى كىروس پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، ئالېكساندىر ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسى، سېلېۋكىڭ دۆلىتى، ئارساك دۆلىتى، ساسانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگرا رايونى ھېسابلىناتتى. ئىسلاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئەرەب ئۇمەييە خاندانلىقى، ئابباسىلار خاندانلىقىنىڭ شەرقىي ئۆلكىلىرى بولدى. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونى تارىخىدا ئەڭ شانلىق مەزگىل كوشان ئىمپېرىيىسى، تېمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى ۋە موغۇل ئىمپېرىيىسى مەزگىللىرى بولدى. كوشان ئىمپېرىيىسى خىروسا (بۈگۈنكى پەشاۋەر) نى پايتەخت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا، جەنۇبىي

ئاسىيادا ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو شەرقىي خەن سۇلالىسى، پېرسىيە - ئارساك خاندانلىقى ۋە رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى ھېسابلانغان. تېمۇر تۈركلەشكەن مۇڭغۇل بولۇپ، ئۇ سەمەرقەنتنى مەركەز قىلىپ ھەممە تەرەپكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، شىمالدا ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزى، جەنۇبتا ھىندى ئوكيان بويىدىكى ھىندىستان ۋە كىچىك ئاسىيا ئارىلىقىدىكى ناھايىتى چوڭ ئىمپېرىيىنى قۇرغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ھېراتنى، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى ھېرات دۆلىتىنى قۇرغان. 16 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، تېمۇر ئىمپېرىيىسى شىمالدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا گۇمران بولغان، تېمۇرنىڭ 6 - نەۋرىسى — پەرغانىنىڭ خانى بابۇر كابۇلغا چېكىنگەن، دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ھىندىستانغىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىپ، ھىندىستاندىن ئافغانىستانغىچە بولغان ئارىلىقتا بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغان. كېيىنكى ئۆزبېكلەرنىڭ بۇخارا خاندانلىقىنىڭ زېمىنى ئىنچىل تۇردە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغىچە كېڭەيگەن.

شۇڭا، بۇ ئەھۋال دەل ئافغانىستاننىڭ دائىم ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەم مۇئەييەن شارائىتتا ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيىسىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيە - رۇسىيە ئاسىيانىڭ كىندىك رايونىنى كەسكىن تالىشىپ، ئامۇ دەرياسى لىنىيىسىدە مۇستەھكەم دۆلەت چېگرىسى سىزىپ، ئۇرنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار بىلەن بولغان سىياسىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 1979 - يىلى سوۋېت تانكىلىرى بۇ دۆلەت

چېگرىسىدىن ئۆتكەندە، بېكىنمە جۇغراپىيىلىك مەدەنىيەت ئالاقىسى بۇنىڭغا ئەگىشىپ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەۋج ئالدى. بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندا، ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكى — مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بۆلگۈنچىلىك، ئەسەبىيلىك ۋە تېررورىزمدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل كۈچ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، كەشمىرنىڭ كەڭ رايونلىرىدا بىرلىشىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

كېيىنكى ماقالىلەردە مۇھاكىمە قىلىنغان بۇ رايونلاردىكى مىللىي، دىنىي توقۇنۇشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيىسى، مەدەنىيىتىگە بولغان ئاساسىي تونۇش ئاساسىغا ئورنىتىلغان، شۇڭا بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزى قىلىندى.

# 2. ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەتلەر توقۇنۇشى

*قىلچىمۇ شۈبھىلىنىشكە بولمايدىغىنى شۇكى، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى ئۇنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسىگە بويسۇنىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئېنىرچىل تۇردە: «ئامېرىكىنىڭ ئوبرازىنى (تىنچ ھالدىمۇ) خىرەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ»، «شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇغراپىيىلىك سىياسىي جەھەتتە (جۈملىدىن، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەدە) ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورنىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك» — بۇ يەردە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۈستۈنلۈكى، بۇنى قىلچە مۇجمەللەشتۈرۈشكە بولمايدۇ! دېگەنلەرنى تەرغىب قىلماقتا. شۇڭا، ئامېرىكا ئۆزىنى ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە مىللىي توقۇنۇش بولسا، شۇ يەردە ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆلەڭگىسى ياكى ساداسى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.*

*ۋاڭ مىڭيى*

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ خەلقئارا سىياسىي قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئامېرىكىنىڭ

ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىمۇ بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئومۇمەن قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاساسىي نىشانى ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى قوغداش بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى رۇسىيە، ياۋروپا ۋە شەرقىي ئاسىيا رايونىغا مەركەزلەشكەن، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان رايونلار باشقا رايونلار (مەسىلەن بالقان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا) بولسا ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تايانچ نۇقتىسىدۇر. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇرايونلاردا خىلمۇ خىل مىللىي، دىنىي توقۇنۇشلار پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى بىلەن ئاز - تولا باغلىنىشى بار.

## ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىسترا- تېگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي يولى

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋەزىيىتىگە بولغان ئاساسىي مۆلچىرى مۇنداق بولغان: بۇ يەردە ئەمدى ئامېرىكىنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان زور تەھدىت قالمىدى، بولۇپمۇ ھەربىي گۇرۇھ ياكى دۆلەت گۇرۇھى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تەھدىت ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى. ئامېرىكا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى دۆلەتلەر غەربنىڭ ھەمرىھىغا ئايلىنىدۇ، دەپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكىلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ

چوڭ دائىرىدىكى مۇقىمسىزلىق پەيدا بولىدىغانلىقىنى، بۇ مۇقىمسىزلىقلارنىڭ مىللىي توقۇنۇش ياكى دىنىي قارشىلىشىش ۋە ياكى تېررورىزم ۋە يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەزىدە ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بەزىدە بولسا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يەتتى. شۇڭا، ھەربىي ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئايرىم رايونلار (مەسىلەن، ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشى، پەلەستىن - ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى) دىن باشقا، بەزى جايلاردا پەيدا بولغان مىللىي توقۇنۇش ۋە دىنىي قارشىلىشىشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىستراتېگىيىسى ۋە سىياسىتى ھەرگىزمۇ ئاسانلا پەيدا بولغان بولماستىن، بەلكى خېلى ئۇزاق ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئومۇمەن قارىغاندا، 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، ئامېرىكا ياۋروپا، ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى تەھدىت شەكىللەندۈرمەيدىغان رۇسىيىگە مەركەزلەشتۈرمىگەن، ئامېرىكىلىقلار رۇسىيە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب بىلەن قارشىلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ قارىغان. لېكىن، شۇنداقتىمۇ رۇسىيىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، مىللىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى ھەم زور يادرو قوراللىرى ۋە ھەربىي سانائەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. شۇڭا، رۇسىيە يېقىنقى مەزگىلدە تەھدىت شەكىللەندۈرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇزاق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، يەنىلا ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئامېرىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغان دۆلەت بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىغان. مۇشۇنى چىقىش قىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ رۇسىيىگە قاراتقان ئىستراتېگىيىسى مەسىلىسىدە ناھايىتى تېزلىكتە ئىككى ئېقىم پەيدا بولدى.

*ئىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئېقىمى (ياكى غايىۋىزم ئېقىمى)*

بۇ ئېقىمنىڭ جارچىسى چوڭ بوش ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كاتىپى جامېس بېكتۇر. ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك ئەللىرى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرى چوڭ ئائىلىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. لېكىن، بېك بۇ دۆلەتلەرنى قوبۇل قىلىشتاتۆت شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) دېموكراتىك قىممەت قارىشى ۋە ئەمەلىيىتى؛ (2) كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغداش؛ (3) چېگرىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش؛ (4) خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش. بۇ تۆت شەرتنىڭ يادروسى «كىشىلىك ھوقۇق» قا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتىن ئىبارەت. 1992 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، دۆلەت كاتىپى جامىس بېك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلىرىنى ۋە ياۋروپادىكى قىسمەن دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، بارغانلا يېرىدە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى بۇ دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدى. ئىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئېقىمىغا ماسلىشىدىغان يەنە بەزى كىشىلەر رۇسىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئۇسۇلى بىلەن رۇسىيىنى تېزلىكتە قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە غەربچە سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئەندىزىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى

تەشەببۇس قىلىپ، مۇشۇنداق قىلغاندا «دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ نەپرىتى ۋە ئۆچمەنلىكىنىڭ رۇسىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى بىلەن ماسلىشىشنى توسقىلى بولىدۇ» دەپ قارىدى.① شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «رۇسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا دۆلەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ رەسمىي ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش كېرەك. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي دائىرىلىرى بىلەن دائىملىق كېڭىشىش ۋە زىچ ھەمكارلىشىش ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ سىياسىتىگە ئايلىنىشى كېرەك» دەپ قارىدى② . رۇسىيىگە كەڭ كۆلەمدە ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋەكىللىك شەخس ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رىچارد نىكسون بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: تىنچلىق ۋە ئامېرىكىنىڭ خەۋپسىزلىكى رۇسىيىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن زىچ باغلانغان. ئەگەر يېلتسىن غەلىبە قىلسا، دېموكراتىك رۇسىيە غەرب بىلەن بىرلىشىدۇ. ئۇ ياۋروپانىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىپ، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ كىرىزىسنى ھەل قىلىدۇ؛ ئەگەر يېلتسىن مەغلۇپ بولسا، چېكىدىن ئاشقان رۇس مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان يېڭى ھاكىممۇتلەق ھاكىمىيەت پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ غەربنى رۇسىيىنى بىرقانچە مىليارد دوللار بىلەن تەمىن ئېتىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرىق قىلغان ③ . ئومۇمەن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر

---

① ئامېرىكا «نيۇ - يورك ئاخبارات گېزىتى» نىڭ 1992 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى ماقالىسى، تېمىسى «ئۇرۇشتىن كېيىنكى يەنە بىر دەۋرگە ئاقابىل تۇرۇش» ، ئاپتورى مايكېل ماندېلباۋم.

② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

③ ئامېرىكا «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 16- كۈنىدىكى ماقالىسى، تېمىسى «بىز ئېلىمىزنىڭ دۇنيادىكى رولىغا سەل قارىدۇق» ، ئاپتورى رىچارد نىكسون.

ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، غايىپەرەسلەرنىڭ سىياسىتى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىشنى «ماسلاشتۇرۇش» مەقسىتىدىكى ۋاشىنگتون يىغىنىدا، چوڭ بوش ئامېرىكىنىڭ يەنە 645 مىليون دوللار ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. دۆلەت كاتىپى بېك بولسا ھاۋا كۆۋرۈكى سېلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە 53 ئايروپىلاندا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە دورا يۆتكەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاق ساراي يەنە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاساسلىق جۇمھۇرىيەتلەرنى تېزلىكتە قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى ①. ئامېرىكىنىڭ تېپپىشتۇرۇشى ئارقىسىدا، غەرب ئەللىرى بىرلىشىپ 24 مىليارد دوللار ياردەم بېرىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئامېرىكا بىلەن رۇسىيىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى شېرىن مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

## *جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېقىمى (ياكى رېئالىزم ئېقىمى)*

بۇ غايىۋىزم ئېقىمى بىلەن قارىمۇقارشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىششى بىلەن ئامېرىكىدا يەنىلا رۇسىيىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر پەيدا بولدى. بۇ ئېقىمدىكىلەر تارىخ ۋە

---

① فرانسىيە «تېز خەۋەرلەر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى ماقالىسى، تېمىسى «ئامېرىكا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ يالغان دوستى».

رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇسىيىنى ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي دوستىغا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن رۇسىيىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، رۇسىيىنىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈشىنى چەكلەيدىغان بىر يۈرۈش مېخانىزمنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئېقىمنى جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېقىمى (ياكى رېئالىزم ئېقىمى) دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرى كېسىنگېر ۋە بۇرجىنسكىيلەر-دۇر. 1992 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدىلا، كېسىنگېر ماقالە يېزىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتى دەل كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ يېتەرلىك ئۇيۇشۇش كۈچى ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىق قوزغايدىغان فېدېراتسىيە ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يېتىشتە، ئامېرىكىنىڭ سىياستى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش، رۇسىيىنى كېڭەيمىچىلىك قىلمايدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت» ①. ئەمما، ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارىغان: «دۆلەت كاتىپى بېيك ئوتتۇرىغا قويغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىنى دېموكراتىك دۆلەتلەر چوڭ ئائىلىسىگە كىرگۈزۈشتىكى تۆت شەرتنى ناھايىتى كۆپ يىللاردىن كېيىنمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ سىياستىنى بۇ تۆت تۈرلۈك خەلقئارا ۋەدىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان رەنە بۇيۇمى قىلىش

① ئامېرىكا «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى ماقالىسى، تېمىسى «ئىمپېرىيىنىڭ تىرىلىشىنى كېرەك قىلمايمىز»، ئاپتورى: ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت كاتىپى كىسىنگېر.

ئۇسۇلى تولىمۇ خەتەرلىك» . ①

1992 - يىلى تەختكە ئولتۇرغان كلىنتوننىڭ دېموكراتلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېقىمنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى قوللانمىدى، بەلكى غايىۋىزىم ئېقىمىنىڭ ئۇسۇلىنى داۋاملىق قوللىنىپ، رۇسىيىگە داۋاملىق ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئىزىغا چۈشۈشى ۋە سىياسىي ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. كلىنتون بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەگەر يېلتسىن زۇڭتۇڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىن ۋاز كېچىدىغان بولسا، پۈتكۈل دۇنيا ئاپەتكە ئۇچرايدۇ» ②. لېكىن، 1993 - يىلى رۇسىيىنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتىدە بىرقەدەر روشەن بۇرۇلۇش بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، رۇسىيىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ قالايمىقانلىشىشى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەركەزدىن قېچىش خاھىشىغا بولغان نارازىلىق ۋە ئەندىشە پەيدىنپەي كۈچلۈك مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى، ئۇ ژىرىنوۋىس ۋەكىللىكىدىكى رۇسىيە لىبېرال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا بىلەن غەرب ۋەدە قىلغان زور ياردەم كۆپىنچە ھاللاردا قۇرۇق ۋەدە بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىنمۇ رۇسىيىلىكلەر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ مەقسىتى رۇسىيىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە چەكلەش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتتى، شۇنىڭ

---

① ئامېرىكا «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى ماقالىسى، تېمىسى «كىمپېرىيىنىڭ تىرىلىشى كېرەك ئەمەس»، ئاپتورى ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت كاتىپى كىسىنگېر.

② «ياپونىيە ئىقتىساد خەۋىرى» نىڭ 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۇلاپ باسقان ماقالىسى، تېمىسى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئورۇشىدىن كېيىنكى يېڭى دۇنيا تەرتىپى»، ئاپتورى شياۋداۋمىڭ.

بىلەن، رۇسىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غەربكە قارشى تۇرۇش پىكىر ئېقىمى بىردىنلا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. خەلقئارادا، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇمھۇرىيەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەتتە، رۇسىيىنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ بارغانسېرى قاتتىق بولدى، بۇنىڭ بىلەن غەربتىكى بەزى كىشىلەر رۇسىيە يەنە ئىمپېرىيىچە ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا، تۈرلۈك ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، گەرچە رۇسىيىدە يەنىلا غەربپەرەسلەر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان شېرىن مۇناسىۋىتى ئاخىرقى چەككە يەتتى. بۇ ئۆزگىرىشكە مۇناسىپ ھالدا ئامېرىكىنىڭ رۇسىيىگە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىمۇ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېقىمدىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە باشلىدى.

1994 - يىلى 3 - ئايدا، كىسىنگېر «دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېقىمدىكىلەرنىڭ رۇسىيىگە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ شەرھلىگەن. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بەزىلەر «رۇسىيىنىڭ قارشىلىشىش نىيىتى يوقالدى، جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋە تارىخنى تەتقىق قىلىدىغانلار بۇنداق ساددا ئوي - پىكىردىن خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلماقتا» دەپ قاراشتى.① بۇ مۇنداق دەپ قارىغان: مەيلى غەربنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولسۇن، مەيلى رۇسىيىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتتا قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن، رۇسىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيىسىنىڭ ئاساسىي يۆزلىنىشى «تىنچلىقنى قوغداش نامى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلگىرى

---

① ئامېرىكا «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى 1 - سان ماقالىسى، تېمىسى «دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك»، ئاپتورى كىسسىنگېر.

موسكۋاغا بوسۇنىدىغان بارلىق زېمىنلارنى باشقۇرۇش ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولدى. لېكىن، ئامېرىكا بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇردى. «ئىسلاھاتچى» ھۆكۈمەتنىڭ سەممىيىتىگىلا دىققەت قىلىپ، جۇغراپىيىلىك سىياسىي پىلانىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. ھېچقانداق ئىش قىلماي، كېيىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلەرگە ياردەم قىلىپ — بالتىق دېڭىزدىكى ئۈچ دۆلەتتىن باشقا — خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، رۇسىيە قوشۇنىنىڭ ئۇنىڭ زېمىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ھەرىكەت قىلىشى ناھايىتى ئاز خىرىسقا ئۇچرىدى» ، «ئامېرىكا رەھبەرلىرى رۇسىيىنىڭ سىياسىتىگە قارىتا ئەنئەنىۋى دىپلوماتىك چەكلەش ۋاستىسىنى قوللىنىشنى خالىمىدى» .①

جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېقىمدىكىلەرنىڭ يەنە بىر چارچىسى — ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسلىھەتچىسى زبىگنىيۇۋ بۇرجىنىسكىيمۇ ئامېرىكىنىڭ رۇسىيە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىگە قارىتا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسىدىكى بەزى پەرەزلەردە كەمتۈكلىكلەر بار، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى خاتا، بۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋىتى خەتەرلىك. ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئاساسلىقى «دېموكراتىك رۇسىيە بىلەن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەيدىغان نىشانىغا يېتىش» تە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نىشانى دەل يېلتسىن زۇڭتۇڭنىڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىش، «شۇنىڭ بىلەن بىللە

① ئامېرىكا «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 1 - سان ماقالىسى، تېمىسى «دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» ، ئاپتورى كېسىنگىر.

ئامېرىكا - رۇسىيە ئورتاق زىممىسىگە ئالغان دۇنياۋى ئالاھىدە مەسئۇلىيەتنى تەكىتلەش ئارقىلىق، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى رۇسىيىدىن ئىبارەت»①. لېكىن، بۇرجىنسكىي مۇقىم دېموكراتىك رۇسىيىنى قۇرۇش ئىستىقبالىنىڭ ئانچە پارلاق ئەمەسلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرسەتكەن. ئۇ كەلتۈرگەن ئاساس مۇنۇلاردۇر: رۇسىيە قوشۇنىنىڭ سىياسىي تەسىرى بارغانسېرى زورايدى؛ يېلتسىن زۇڭتۇڭنىڭ ھاكىممۇتلەقچىلىق خاھىشى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، رۇسىيىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنى شەخسنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى ئاسانلا قانۇنلاشتۇرۇۋېتىدىغان ھۆججەتكە ئايلىنىپ قالدى؛ رۇسىيىنىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى مۇرەسسە پرىنسىپىنى ئەسلا قوبۇل قىلمىدى، ئۇنى سىياسىي مۇلاھىزىنىڭ ئاساسى قىلمىدى؛ ئاممىنىڭ دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەركىن بازار پرىنسىپىغا نىسبەتەن نارازىلىقى ۋە گۇمانى قوزغالدى؛ رۇسىيە دوماسىنى تىزگىنلەۋاتقىنى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيىلەر بولمىدى؛ ئۈچتىن ئىككى قىسىم رۇسلار، ھەتتا كۆپ ساندىكى دېموكراتىيىچى سىياسىئونلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى پاجىئەلىك خاتالىق، ئۇنى تۈزىتىش كېرەك، دەپ قارىدى②. شۇڭا، بۇرجىنسكىي مۇنداق دەپ قارىغان: رۇسىيىدە «ئىمپېرىيە قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ھاياجانلىق كەيپىيات يەنىلا كۈچلۈك

① ئامېرىكا «دىپلوماتىيە» قوش ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىل 3 - 4 - ئايلىق 1 - سان ماقالىسى، تېمىسى «پىشىپ يېتىلمىگەن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى»، ئاپتورى ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسلىھەتچىسى زبىگنىيۇ بۇرجىنسكىي.

② ئامېرىكا «دىپلوماتىيە» قوش ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىل 3 - 4 - ئايلىق 1 - سان ماقالىسى، تېمىسى «پىشىپ يېتىلمىگەن ھەمراھ مۇناسىۋىتى»، ئاپتورى ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسلىھەتچىسى زبىگنىيۇ بۇرجىنسكىي.

بولۇۋاتىدۇ، ھەتتا تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ»[1]. بۇنىڭغا ئاساسەن، بۇرجىنىسكىي ئامېرىكىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدىكى ئىستراتېگىيىسى جۇغراپىيىلىك سىياسىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۇرۇش بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارىغان: «بۇ نىشان ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى بىرقەدەر مۇۋاپىق ھالدا بەلگىلەيدۇ»[2] ھەمدە مۇقىم دېموكراتىك رۇسىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇرجىنىسكىينىڭ كۆز قارىشى بويىچە بولغاندا، جۇغراپىيىلىك سىياسىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۇرگەندە، مەيلى رۇسىيىنىڭ دېموكراتىك بولغان - بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن دوستانە ئۆتۈشى، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە بۇ دۆلەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك. شۇڭا «جۇغراپىيىلىك سىياسىينىڭ كۆپ مەنبەلىششىنى كۈچەيتىش ئىمپېرىيىنى يېڭىۋاشتىن بارلىققا كەلتۈرۈش ۋەسۋەسىسىنى ۋە رۇسىيىنىڭ دېموكراتىك ئىستىقبالىغا بولغان زىيانلىق تەسىرنى چەكلەيدۇ»[3]. جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يولىدا، بۇرجىنىسكىي تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ قارىغان:

— رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي ياردەمنى بىرقەدەر تەكشى ھالدا تەقسىم قىلىش كېرەك.

— روسىيىگە ياردەم بەرگەندە مەلۇم قوشۇمچە شەرتلەرنى

---

① يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.
② يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.
③ ئامېرىكا «دېپلوماتىيە» قوش ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىل 3 - 4 - ئايلىق 1 - سان ماقالىسى، تېمىسى «پىشىپ يېتىلمىگەن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى»، ئاپتورى ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسلىھەتچىسى زبىگنىيۇ بۇرجىنىسكىي.

قويۇش ئارقىلىق، ئۇنى ئەسلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلىرىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنمايدىغان قىلىش كېرەك.

— ئامېرىكا سىياسەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىمكانقەدەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى ھەمكارلىششقا ئىلھاملاندۇرۇشى، رايون مۇقىملىقىنى ساقلاش ئاساسىدا، بۇ يېڭى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە مۇستەھكەملىشى كېرەك.

— جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز رايونىدىكى ئىقتىسادىي تەسىرىنىڭ بارغانسېرى زورىيىشى ۋە جۇڭگونىڭ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىستىقبالىغا تەبىئىي قىزىقىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن بۇ رايوننىڭ ئىشلىرى تەغرىسىدا ئانچە-مۇنچە «سىياسىي جەھەتتە كېڭىششى» كېرەك.

— ياۋروپا بىخەتەرلىكىنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. بۇرجىنىسكىينىڭ قارىشىچە، بۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا ياۋروپادىكى بىرقانچە دېموكراتىك دۆلەتلەرنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىشتىن دېرەك بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە بولغان نارازىلىقىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئەھدى تۈزۈشسە بولىدىكەن. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم رۇسىيىنى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىدىن بەھرىمەن قىلغىلى، ھەم ئۇنى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىخەتەرلىكى رامكىسىنىڭ ئىچىگە ئەكىرگىلى بولىدىكەن.①

مەيلى غايىۋىزم ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى ياكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي

---

① ئامېرىكا «دېپلوماتىيە» قوش ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىلى 3 — 4 - ئايلىق 1 - سان ماقالىسى، تېمىسى «پىشىپ يېتىلمىگەن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى»، ئاپتورى زىبىيۇ. بۇرجىنىسكىي.

ئېقىمدىكىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە مەزمۇنى قانچىلىك ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مەقسىتى رۇسىيىنىڭ ئامېرىكىغا ۋە غەرب دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا، ھەتتا يەر شارىدا پەيدا قىلغان ئىستراتېگىيىلىك تەھدىتىنى يوقىتىپ، ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن رۇسىيىگە قاراتقان ئىستراتېگىيىسى غايىۋىزمدىن رېئالىزمغا بۇرۇلۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. غايىۋىزمچىلار رۇسىيىنىڭ دۇنياۋى ئىشلاردا ھەقىقىي ھەمراھقا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، رېئالىزمچىلار باشتىن - ئاخىر بىرقەدەر ئۈممىدسىزلىنىش پوزىتسىيىسى بىلەن رۇسىيە ھامان ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە تەھدىت سالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

1992 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە بولغان قىزغىن مۇناسىۋەت، سوغۇق مۇناسىۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشتىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ رۇسىيىگە قاراتقان سىياسىتىدە جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېقىمدىكىلەر پەيدىنپەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، رۇسىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى قارشىلىشىش كەيپىياتى بارغانسېرى كۈچەيدى. 1994 - يىلى 12 - ئايدىكى ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشى باشلىقلار يىغىنىنى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا - رۇسىيە سىياسىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ۋە رۇسىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ بۆلۈنۈش نۇقتىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا بۇداپېشتتا چاقىرىلغان 52 دۆلەت باشلىقى قاتناشقان ياۋروپا خەۋپسىزلىكى كېڭىشى باشلىقلىرى يىغىنىدا ئەسلىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە — ياۋروپا خەۋپسىزلىكى، ھەمكارلىقىنى ۋە بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا

كرىزىسى، ناكا تىنچلىقىنى قوغداش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش، ياۋروپانىڭ كەلگۈسى خەۋپسىزلىك رامكىسىنى بېكىتىش ۋە ياۋروپا خەۋپسىزلىكى كېڭىشىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، يىغىن باشلىنىش بىلەنلا ئىش باشقىچە بولۇپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون بىلەن رۇسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ كەسكىن ئېلىشىپ كەتتى. كلىنتون «ئىتتىپاق، ئەركىن ۋە تىنچ بولغان ياۋروپا»نى قۇرۇش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى ياۋروپا خەۋپسىزلىكىنىڭ «ھۇلى» قىلىش كېرەكلىكىنى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋرپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇ گۇرۇھنىڭ خەۋپسىزلىك سىستېمىسىغا كىرىشكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە قەتئىي ھالدا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىن سىرت ھەرقانداق دۆلەتنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش پىلانىنى ئىنكار قىلىشىغا «ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ»غانلىقىنى تەكىتلىدى. شىمالىي ئاتلانتىك تەشكىلاتىنىڭ سىرتىدىكى بۇ دۆلەت روشەنكى رۇسىيىنى كۆرسىتەتتى. رۇسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن كلىنتوننىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى شەرققە كېڭەيتىش پىلانىغا، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بۇ پىلاننىڭ «ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقىنى چاچقان»لىقىنى، بۇنىڭ پانياۋروپا خەۋپسىزلىكىنى بەرپا قىلىش تىرىشچانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي: «بىز

دۈشمەن ئەمەس ھەمراھ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىسىلەر؟ »① دېدى. ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، قارشىلىشىش كەسكىنلىشىپ، يىغىندا ئۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىدىغان بوسنىيە - گېرتسوگۋىنا مەسىلىسىدە ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. رۇسىيە سېربلار تاجاۋۇزچىلار دەپ تىلغا ئېلىنغان بايانلاردا ئىمزا قويۇشنى رەت قىلىندى. ئاخىرىدا يىغىنغا قاتناشقان باشلىقلارنىڭ تەشەببۇسى شەكلىدە يۇزەكى ھالدا بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنادىكى ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىشى مۇراجىئەت قىلىندى. رۇسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىننىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، بۇ قېتىمقى ياۋرۇپا خەۋپسىزلىكى كېڭەشى باشلىقلار يىغىنى «سوغۇق تىنچلىق» نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، رۇسىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە بولغان بۇنداق ئۈمىدسىز باھا رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسىدە يەنىلا رۇسىيىنى زور تەھدىت دەپ قارايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى شەرققە كېڭەيتىش پىلانى يەنىلا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقىدىغان ئۇرۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئەگەر ئامېرىكا شەرقىي ياۋروپادىكى سابىق سوتسىيالىستىك ئەللەرنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا كىرگۈزىدىغان بولسا، شەرقتە، رۇسىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ رايونلىرىنىڭ رۇسىيە غەربىي چېگرىسىغا كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى

① گۇڭتۇڭ ئاگېنتلىقىنىڭ 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بۇداپېشتتىن بەرگەن تېلېگراممىسى، ئاخبارات تەھلىلى: «ياۋرۇپا خەۋپسىزلىكى تۈزۈلمىسى تويۇق يولغا كىرىپ قالدى» ، ئاپتورى سۇڭ داۋ؛ «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ 1994- يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سانى، ئاخبارات بايانى: «بىر قېتىملىق ماسلاشمىغان ياۋروپا خەۋپسىزلىكى كېڭەشى باشلىقلار يىغىنى» ، ئاپتورى فەن يۇجۇڭ.

ئاللايدۇ، بۇنىڭ بىلەن رۇسىيىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپاغا كېڭىيىش مۇمكىنچىلىكىنى بىراقلا يوقىتالايدۇ. غەربتە بولسا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بولۇپ، ئەھۋال بىرقەدەر مۇرەككەپ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋارشاۋا شەرتنامىسىگە قارىمۇ قارشى شەيئى سۈپىتىدە پەيدا بولغان ھەربىي - سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ، ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالىدىغان قارىمۇ قارشى تەرەپ مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن، ياۋروپا (غەربىي ياۋروپا) نىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ياخشىلىنىشلار پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئەللەردە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇۋاپىقمۇ - يوق؟ دېگەن گۇمان پەيدا بولدى.

ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانى تىزگىنلەشتىكى ئاساسىي قورالى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بولۇپ، ئەگەر شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى يوقالسا، بۇ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىگە نىسبەتەن شۈبھىسىزكى غايەت زور زەربە بولىدۇ. شۇڭا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن پەيدا بولغان مۇستەقىللىق خاھىشى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا بولغان گۇمان ئامېرىكىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويىدى. لېكىن، شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى ئامېرىكىنى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى، ئەگەر بۇ دۆلەتلەر شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا كىرگۈزۈلسە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا باشقىچە نىيەتتە بولۇش خاھىشى تۈگىتىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانى تىزگىنلەش كۈچى

مۇستەھكەملىنىپ ۋە كېڭىيىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىغا بىر شىنا قېقىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي ياۋروپا بىلەن رۇسىيىنىڭ كۇنسايىن ياخشىلىنىۋاتقان مۇناسىۋىتى بۇزۇلىدۇ ھەمدە رۇسىيە، فرانسىيە، ھەتتا ئەنگلىيە تەشەببۇس قىلغان ئامېرىكىنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت پانياۋروپا بىخەتەرلىك سىستېمىسى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى — ئامېرىكىنىڭ سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدۇر. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئاپتونوم ئۆلكىلەردە پارچىلىنىپ كېتىش يۇزلىنىشى تېزلا پەيدا بولدى. غەربپەرەس كرودىيە، سلوۋېنىيىلەر يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلدى، سېربىيەجۇمھۇرىيىتى، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا رايونى ۋە كوسوۋو ئاپتونوم ئۆلكىسىمۇ غەربنىڭ قوللىشى ئاستىدا مۇستەقىللىققا ئېرىشىشكە ئالدىرىدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مەنپەئەتى ۋە مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ھالىتى ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئايرىلىپ كېتەي دېسىمۇ ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان ۋە تاشلىشىپ كېتەي دېسىمۇ تاشلىشالمايدىغان قىلىپ قويدى. يۇگوسلاۋىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئامېرىكا تېخى ئېنىق تاقابىل تۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى تۇزۇپ چىقمىغانىدى. ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى ۋە قاتناشقان تەرەپلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەر ئىلاجسىز قالدى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ

ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداش دۆلىتى رۇسىيمۇ مىلوشېۋىچ باشچىلىقىدىكى يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئامېرىكا يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلاشقاندا غەربىي ياۋروپانى تىزگىنلىگىلى ۋە رۇسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر كۈچ دائىرىسىگە كىرگىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىۋاتقان مىلوشېۋىچنى چەكلىگىلى ۋە يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. سلوۋېنىيە بىلە كرودىيە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، غەرب جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ھۇجۇمىنى قوزغاپ، سېربىيىلىكلەرنى يۇگوسلاۋىيىنى پارچىلىغان ۋە ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باش جىنايەتچى دەپ ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب بوسنىيە - گېرتسېگوۋېنادىكى ئۈچ مىللەتنىڭ زېمىنىنىڭ ئايرىلىشى ھەل قىلىنماي تۇرۇپلا، 1992 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدا بوسنىيە - گېرتسېگوۋېنانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئۇرۇنلاشتۇرۇش ناھايىتى تېزلىكتە بوسنىيە - گېرتسېگوۋېنادا زور كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئامېرىكا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىلاشتى. 1994- يىلىنىڭ بېشىدا، يەنى رۇسىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىسۇس ھالەتتەتۇرۇۋاتقاندا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئايروپىلانلىرى بوسنىيە - گېرتسېگوۋېنا ئاسمىنىدا ھەرىكەت قىلىپ، سېربىلارنىڭ تۆت ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا قوشۇنىنى ئاساس قىلغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قوشۇنى بوسنىيە - گېرتسېگوۋېنادىكى سېربىلار تىزگىنلەۋاتقان رايوننى ئارقا - ئارقىدىن بومباردىمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئامېرىكىنىڭ بېسىمى

ئاستىدا يەنە يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا جازا يۈرگۈزدى، 1992ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى 787 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئادرىئاتىك دېڭىزىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قوشۇنى يۇگوسلاۋىيىگە قارىتا دېڭىزدا قامال قىلىشنى كۈچەيتتى. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدىن چىقىرىۋېتىلدى. بومباردىمان قىلىش، قامال قىلىش، چەكلەش ۋە ئىچكى توقۇنۇشنىڭ بېسىمى ئاستىدا، سېربىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى سېربلار سۆھبەت ئۈستىلىگە كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئامېرىكا تۈزگەن دايتون كېلىشىمىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تەسىر كۈچى ئوخشۇشلۇق ھالدا سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونىغا كىردى. بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى ئۇرۇش ئەمدىلا توختىشىغىلا، سېربىيە جۇمھۇرىيىتى كوسوۋو ئاپتونوم ئۆلكىسىدىكى ئالبانلار يەنە تېررورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، كەڭ كۆلەملىك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوزغىدى، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى ئىلاجىسىزلىقتىن قوشۇن چىقىرىپ باستۇرغاچقا، ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا تەھدىت سالدى ۋە ئۇنى جازالىدى، كېيىن 1998 ـ يىلى 78 كۈن كەڭ كۆلەملىك بومباردىمان قىلدى، ئاخىرىدا يەنە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا قوشۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نامىدا كوسوۋوغا كىردى، قوراللىق كۈچىنىڭ قوغدىشى ئارقىسىدا يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت قۇرۇلدى.

نۆۋەتتە، مەيلى بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا بولسۇن ياكى يۇگوسلاۋىيىدىكى باشقا توقۇنۇش بولۇۋاتقان رايونلاردا بولسۇن

ياكى كوسوۋودا بولسۇن، غەربنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەرپا قىلىنغان تىنچلىقنىڭ ئۆلى ئىنتايىن ئاجىز، تىنچلىق قوغداش قىسمى چېكىنىپ چىققان هامان توقۇنۇش ناهايىتى تېزلا پارتلايدۇ، بۇ دەل ئامېرىكىنىڭ مەقسىتى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، يوشۇرۇن توقۇنۇش ياۋروپادىكى هەرقايسى ئەللەرنى ئامېرىكا كەم بولسا بولمايدىكەن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدىكەن دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئامېرىكا قوشۇنىنىمۇ ئاشكارا هالدا بۇ رايونلاردا ئىزچىل جايلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتى 1997 ـ يىلى كۆپ يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىرقى هېسابتا ۋېنگرىيە، پولشا، چېخ ـ سلوۋاكىيىدىن ئىبارەت شەرقىي ياۋروپادىكى ئۈچ دۆلەتنى ئۆزىنىڭ رەسمىي ئەزاسىغا ئايلاندۇردى. بۇ ئامېرىكىنىڭ ياۋرپا بىلەن رۇسىيىگە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى بىر نامايەندە هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش قەدىمى توختاپ قالمىدى، ئۆچىرەت ساقلاۋاتقان دۆلەتلەردىن ئەسلىدىكى شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرلا ئەمەس، يەنە بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەت، هەتتا كاۋكاز رايونىدىكى دۆلەتلەرمۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتى بىلەن بولغان هەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇراجىئەت قىلىپ، ئىشەنچلىك ۋە سەمىمىي قەسەم بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولماقچى بولۇشتى. مۇشۇنداق قىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر مەهەل كرىزىسكە پېتىپ قالغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەهدى تەشكىلاتى ئامېرىكىنىڭ شەرققە كېڭىيىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا جانلىنىپ كەتتى، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىغا قاراتقان تىزگىنلىشىمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى.

## ئامېرىكىنىڭ ياۋرپا ـ ئاسىيادىكى باشقا رايونلارغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

1997 ـ يىلى «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىنىڭ 9 ـ، 10 ـ ئايلىق سانىدا يەنە بۇرجىنىسكىينىڭ يېڭى ماقالىسى «ياۋروپا ـ ئاسىيا جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىسى» ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىنى ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى دېيىشكە بولىدۇ. مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ يادرولۇق رايونى بولىدۇ، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى نىشانى ئامېرىكا رەھبەرلىكىدە «ياۋروپا ـ ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسى»نى تەشكىللەشتىن ئىبارەت. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «ياۋروپا ـ ئاسىيا جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىسى»دە، بۇرجىنىسكي ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدىن پۈتكۈل ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: قىسقا مەزگىلدىن قارىغاندا، ئامېرىكا ياۋروپا ـ ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە يېتەكچى ئورۇنني ئىگىلەيدىغان جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ھالىتىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ساقلاپ قېلىشى كېرەك. بۇ ئىستراتېگىيە ھەرقايسى ئەللەرنى سىياسىي ھىيلىلەرنى تۈزىدىغان، دىپلوماتىيە نەيرەڭلىرىنى ئوينىتىدىغان قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ئورنى بىلەن قارشىلىشالايدىغان دۈشمەن ئىتتىپاق شەكىللىنەلمەيدۇ، مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئامېرىكىنىڭ بۇنداق ئورنىغا جەڭ ئېلان

قىلىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئېغىز ئېچىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى قالمايدۇ.

بۇرجىنسكىينىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئايرىىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى جۇغراپىيىلىك سىياسىينىڭ كۆپ مەنبەلىشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى زومىگەرلىك ئورنىغا تولىمۇ پايدىلىق. زومىگەرلىكنى ساقلاشنى نىشان، ھەربىي ئەمەلىي كۈچنى ئاساس قىلغان جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەندى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئۈزلۈكسىز تۈردە شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى ئەللەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنمەسلىك ۋە بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىنى مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا قوغىدىدى. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاغزىدا بىر جۇڭگو سىياسىتىدە چىڭ تۇرىمىز دېسىمۇ، لېكىن، تەيۋەن بىلەن بولغان ماھىيەتلىك مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. بوش ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەن كېيىنكى مەزگىللەردە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە بىر قېتىمدىلا 150 ئىلغار كۈرەشچى ئايروپىلاننى سېتىپ بېرىشنى تەستىقلىدى. كلىنتون ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا - تەيۋەن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ راۋاجلاندى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى لى دېڭخۇينىڭ ئامېرىكىنى

زىيارەت قىلىشنى تەستىقلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەيۋەننى مۆلچەرىي ئۇرۇش رايونلىرىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسى ئىچىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ، دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ مۇستەقىلمۇ بولمايدىغان، بىرلىككىمۇ كەلمەيدىغان ۋەزىيىتىنى ئۇزاق مۇددەتلەشتۈرۈۋەتتى. كىچىك بوش تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا ـ تەيۋەن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچەيدى، بوش ھەربىي كۈچ بىلەن تەيۋەننى قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تەيۋەنگە نۇرغۇن ئىلغار قوراللارنى سېتىپ بەردى، ئامېرىكا ـ تەيۋەن ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئۇچرىشىشمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. ئامېرىكا ـ ياپونىيە ئىتتىپاقى مەسىلىسىدە، ئامېرىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ پىلاننى قىلچىمۇ بىكار قىلمىدى، ئەكسىچە چارە ـ تەدبىر قوللىنىپ خۇددى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئوخشاش، بۇ ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملىدى ۋە پۇختىلىدى. شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە، ئامېرىكا ئامال ـ چارە تېپىپ جۇڭگو بىلەن بۇ ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى «جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسى»نى تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئامېرىكىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى جۇڭگونى قورشاپ تۇرىدىغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گورۇھىنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. لېكىن، ئامېرىكىمۇ جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشتىن پايدىلىنىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى ئىسكەنجىگە ئالدى. مەسىلەن، جەنۇبىي ـ شىمالىي چاۋشيەننىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، ئامېرىكا بىر تەرەپتىن، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەنۇب-

شىمال ئىككى تەرەپنىڭ دۈشمەنلىشىشىنى ساقلاپ قالدى. كورېيىدە جىن داجۇڭ زۇڭتۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن شىمال بىلەن بولغان جىددىيلىكنى پەسەيتىدىغان ۋە ھەمكارلىشىدىغان «كۈن نۇرى سىياسىتى»نى يولغا قويدى، ھالبۇكى ئامېرىكا كىچىك بوش ھۆكۈمىتى بۇنى توغرا دەپ قارىمىدى. بۇ شۈبھىسىزكى بۇنداق سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ يارىشىشى ۋە بىرلىككە كېلىشى ئامېرىكىنىڭ چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رايوننى كونترول قىلىش تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى تۈگەشتۈرىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى زومىگەرلىك ئورنىغا تەھدىت سېلىشىغا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ. ياپونىيىنىڭ سىياسىتى ئامېرىكىنىڭ بۇ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى ئومۇمىي مەقسەت قىلىدۇ. 1997 — 1998 - يىللىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ياپونىيە ياپون يېنىنى يېتەكچى قىلغان ئاسىيا فوندىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا بۇ تەسەۋۋۇر رېئاللىققا ئايلانغاندىن كېيىن ئامېرىكىنى يېتەكچى قىلغان خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىغا تەھدىت سېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ تەسەۋۋۇرغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىدى، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي كۈچىنى تىرەك قىلىپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ئىقتىسادىي گۇرۇھ قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش پىلانىنى تاشلاپ قويدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونى - ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم تىرەك رايوندۇر.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتە ئىراقنى مەغلۇپ قىلىش، ئىراننى چەكلەش ئارقىلىق بۇ رايوندىكى زومىگەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى. كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەسكى، جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى زومىگەرلىك ئورنىنى قوغداشتىكى ئاساسىي ۋاستىسى. ئامېرىكا ئالدى بىلەن ئەرەب ۋە مۇسۇلمان ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سالدى، مەسىلەن ئىران، ئىراق تەھدىتىنى تەكىتلەش چارىسى ئارقىلىق پارس قولتۇقىدىكى نېفىت چىقىدىغان باي دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت تۇيغۇسىنى ئامېرىكىنىڭ قوغدىشىدىن ئايرىلالمايدىغان قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق تېررورىزىم تەھدىتىنى پەيدا قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئەرەب ئەللىرىنى تېررورلۇققا قارشى لاگېرىغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىدى. پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ توقۇنۇشىدا، ئۇ توقۇنۇشنى ئاياغلاشتۇرىدىغان ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بىر يۈرۈش پىلاننى تۈزۈپ چىققىنى يوق، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىشلىرىغا ھەرۋاقىت ئارىلىشىشتۇر، نۆۋەتتە، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەب مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئامېرىكىپەرەس، ئامېرىكىغا قارشى تۇرغۇچى ۋە ئامېرىكا بىلەن بەلگىلىك ئارىلىقنى ساقلىغۇچى دۆلەتلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ، ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش سىياسىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۆپىيىپ باردى، ئەمما بۇ رايوندىكى ئىشلارنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئانچە كۈچلۈك بولمىدى.

جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ غەربىي ئوتتۇرا شەرق بىلەن، غەربىي شىمالى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى

جۇڭگوغا يېقىنلىشىدۇ، شەرقىي شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تۇتىشىپ، ھىندى ئوكيان دېڭىز يولىنى تىزگىنلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى پاكىستانغا ئەھمىيەت بېرىپ ھىندىستانغا سەل قاراش سىياسىتىنى پەيدىنپەي تەڭشىدى، 2000 - يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتوننىڭ ھىندىستانغا قىلغان زىيارىتى ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ھىندىستانغا بۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، پاكىستاننىڭ ئورنى يەنە بىر قېتىم مۇھىم بولۇپ قالدى. ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ھىندىستان بىلەن پاكىستانغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە ئىپادىلەندى. لېكىن، بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە بولۇپ، ئامېرىكا شەرقىي ئاسىيادا جۇڭگونى چەكلەش ئىستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتمىسە، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ھىندىستانغا بۇرۇلۇش يۈزلىنىشى توختىمايدۇ. لېكىن، ئۇ پاكىستاندىن ۋاز كەچمەيدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىن، پاكىستان ئافغانىستان ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم بىر ھالقىغا ئايلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىشلارغا ئارىلىشىپ پاكىستاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزسە، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، مۇستەقىل جۇغراپىيىلىك سىياسىي بىرلىك ھېسابلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مۇھىملىقى يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى.

جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش سىياستى بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىملىقى مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ:

— بۇ رايون ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبى ئوتتۇرا شەرققە قوشنا كېلىدۇ، شىمالى رۇسىيە بىلەن، چېگرىلىنىدۇ، غەربى كاۋكاز بىلەن شەرقى جۇڭگو بىلەن ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئاچقۇچلۇق رايون ھېسابلىنىدۇ.

— ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ شەرقى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ بىلەن قوشنا كېلىدۇ. شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى ئاساسي ئورۇننى ئىگىلىگەن كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بەزىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى چەكلەيدىغان يوشۇرۇن پېچكىسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

— ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى يەنە بىر رەقىبى ئىرانغا يېقىن. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىران ئىنتايىن يۇكسەك ئىرادە بىلەن ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتتى، بۇنى ئامېرىكا ئارزۇ قىلمايدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىران بىلەن مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىران دىنىي ئەسەبىيلىكى تەھدىتى نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلىپ، ئىراننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىنتىلىش پىلانىنىڭ تەرەققىياتىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى زور ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى ئۈچ تايانچ نۇقتىسىنىڭ بىرى. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن ئىلگىرى، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچى ئىزچىل تۇردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرمىگەنىدى. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تۇتاشتى. نۆۋەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنى بۇ يەردىكى مىللىي توقۇنۇش، ئىچكى مۇقىمسىزلىق ۋە ئايرىم دۆلەتلەر (مەسىلەن ئىران) نىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىدۇر.

## ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللىي توقۇنۇش

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاساس، جۇغراپىيىلىك سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۇرۇشنى ۋاستە قىلىپ، جۇڭگو، رۇسىيە قاتارلىق يوشۇرۇن رەقىبلەرنى چەكلەش، ياۋروپا، ياپونىيە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلارنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. ئامېرىكا

بۇ ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرا بەلۋېغىدا پەيدا بولغان مىللىي توقۇنۇش، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە سىياسىي مۇقىمسىزلىق ئەھۋاللىرىغىمۇ ئوخشاش بولمىغان تاكتىكىنى قوللاندى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان چوڭ ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، بەزى رايونلاردا مۇقىمسىزلىق ۋە توقۇنۇشنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، بەزى رايونلاردا مىللىي توقۇنۇش ۋە مۇقىمسىزلىق ھادىسىلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا موھتاج بولدى. تۆۋەندىكىلىرى ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىنىڭ بىرقانچە خىل تىپىك ئىپادىلىنىش شەكىللىرى.

### *ئەسلىدىكى سوتسىيالىستىك ئەللەرنى پارچىلاش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇش ــ مىللىي توقۇنۇشقا ھېسداشلىق قىلىش، مەدەت بېرىش، ھەتتا ئۇنى پەيدا قىلىش*

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك ئەللەر گۇرۇھى باشتىن ـ ئاخىر ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە يەر شارى دائىرىسىدىكى بىرىنچى رىقابەت رەقىبى بولدى. رەقىبىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسى كۈچىنى ئايىمىدى. ئەلۋەتتە، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلىرىدا، ئامېرىكا ئاساسلىقى يەنىلا ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىگە كەلگەندىلا، ئامېرىكا ئاندىن مىللىي مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز ھالقىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ

جۇمھۇرىيەتتە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى بىر تەرەپتىن، مەنىۋى جەھەتتىن مەدەت بېرىپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دېموكراتىيىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى دەپ ئاتىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرۇشىغا ھەدەپ توسقۇنلۇق قىلدى. ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ۋە گورباچېف رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىغا بويسۇنۇشى تۈپەيلىدىن، بالتىق دېڭىزىدىكى ئۈچ دۆلەت ئاخىرقى ھېسابتا ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى خۇددى يانغىندەك يامراپ كەتتى، تاشقى كاۋكازدا، ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيىلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ياكى جۇمھۇرىيەت نامى بىلەن ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى شەكلى بىلەن كەسكىن ياكى تىنچ يول تۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئامېرىكا مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گورباچېفقا بېسىم ئىشلىتىپ، ئەگەر ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى باستۇرۇلسا، ئۇھالدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدۇ، غەربنىڭ گورباچېفنى قوللىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىدىغان ھەرخىل ياردىمى توختايدۇ ۋەھاكازا دېدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئىلاجىسىز قېلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئىتتىپاق پارچىلىنىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاش ئىستراتېگىيىسى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، رۇسىيە ناھايىتى تېزلىكتە ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى مەركىزىي نۇقتىغا ئايلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ رۇسىيىنى چەكلەش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشمۇ بارغانسېرى روشەنلەشتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئامېرىكا رۇسىيە چېگرىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن مىللىي توقۇنۇش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئانچە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى، جۈملىدىن ياكى ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، ياكى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. بۇ جەھەتتە چېچېنىيە مەسىلىسى تىپىك مىسال بولالايدۇ. چېچېنىيە رۇسىيىنىڭ كاۋكاز رايونىدىكى مۇسۇلمانلار جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئوفىتسېرى دۇدايېف ئوللىغۇچىلارنى توپلاپ زور بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. رۇسىيە 1994 ـ يىلى، 1996ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىلى قورallıq كۈچ بىلەن دۇدايېفنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. ئامېرىكىنىڭ چېچېنىيىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى مەركەزلىك ھالدا ئۇنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى، يەنى مەيلى دۇدايېفنىڭ كۈچلىرى قانداق خاراكتېردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىقلا بولسا، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى ياكى مەدەت بەردى. رۇسىيە قوشۇنى دۇدايېفنى قورشاپ يوقىتىش مەزگىلىدە، ئامېرىكا بىلەن غەرب ئەللىرى بەزىدە رۇسىيىنى چېچېنىيىدە كىشىلىك ھوقۇقنا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى دەپ ئەيىبلەپ، رۇسىيىدىن قوشۇنىنى چېچېنىيىدىن تېزلىكتە

چېكىندۇرۇپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ھەر ۋاقىت
چېچېنىيىگە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقىنى تەكشۈرگۈچى
خادىملارنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇردى. «11 – سېنتەبىر
ۋەقەسى» دىن كېيىن، گەرچە رۇسىيە دائىرىلىرى كۆرسەتكەن
ئاساسلار چېچېنىيە بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ «بازا» تەشكىلاتى ۋە
تالىبانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىغان، ئامېرىكىنىڭ چېچېنىيە مەسىلىسىگە تۇتقان
پوزىتسىيىسىمۇ رۇسىيىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى
ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىدىن ئاز - تولا
پەسەيگەن ياكى مۇجمەللەشكەنلىكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر يىلغا
يېقىن ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا،
ئامېرىكىنىڭ جان - دىلى بىلەن رۇسىيىنىڭ چېچېنىيە
مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىنى قوللىشى مۇمكىن ئەمەس.

مىللىي مەسىلىدە ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا - ئاسىياغا قاراتقان
ئىستراتېگىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر
رايون جۇڭگودىن ئىبارەت. ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭگودا
ئۇزاقتىن بۇيان ئۈچ خىل بۆلگۈنچى كۈچ يەنە مەۋجۇت بولۇپ
كەلدى: بىرى، شىزاڭدىكى دالاي گۇرۇھى باشچىلىقىدىكى
بۆلگۈنچى كۈچ؛ بىرى، لى دېڭخۇي، چېن شۈيبيەن
ۋەكىللىكىدىكى تەيۋەن بۆلگۈنچى كۈچلىرى؛ يەنە بىرى،
«شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرى. ئامېرىكا جۇڭگونى
چەكلەش، قورشاشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى
چىقىش قىلىپ، بۇ ئۈچ خىل كۈچنى قوللاشنى ئەزەلدىن
توختاتقىنى يوق.

ئامېرىكىنىڭ شىزاڭدىكى دالاي گۇرۇھىنىڭ جۇڭگونى
پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشىنى قوللىغانلىقىنى دۇنيا خەلقى ئاللىقاچان
بىلىپ بولدى. جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك
سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، شىزاڭنىڭ ئىقتىسادى

ناھايىتى زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خەلق ئارامخۇدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ھەر يىلى شىنجاڭ مەسىلىدە جۇڭگونى كەلسە - كەلمەس تەنقىد قىلىپ، ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن جۇڭگوغا ھاقارەت كەلتۈردى. مۇئەللىپىنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىلىقلار شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈش بولماستىن، بەلكى بۇ مەسىلىنى باھانە قىلىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رايوننى جۇڭگودىن ئايرىۋېتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۆھمەتلەر بىلەن جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدە يەتمەكچى بولغان تۈپ مەقسىتى — تەيۋەن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا جۇڭگونى چەكلەش ۋە قورشاش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. شۇڭا، ئامېرىكا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۈتۈن جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى، تەيۋەننىڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ئېتىراپ قىلغان تەيۋەننى قورال بىلەن تەمىن ئېتىشنى توختىتىشقا ھەمدە تەيۋەن بىلەن بولغان ھەرقانداق ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى توختىتىشقا بۇرۇنلا ۋەدە بەرگەن تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىماسلىققا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پاكىتلار ئامېرىكىنىڭ ئىزچىل تۈردە تەپتارماستىن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن تەيۋەن بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئامېرىكا ناھايىتى ئۇزاقتىن بۇيان ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچىلىكىگە ھېسداشلىق قىلدى ۋە مەدەت بېرىپ كەلدى. 1997 ـ يىلى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى تۈنجى قېتىم ئاتالمىش شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ، بۇ خىل ھەۋەسىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئامېرىكا ئافغانىستاندا «بازا» تەشكىلاتى ۋە تالىبان بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشقان بىر تۈركۈم شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى تۇتۇۋالدى. بۇ پاكىت «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇق ئەپت ـ بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. لېكىن، ئامېرىكا بۇ تېررورچىلارنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئويلىشىپ باقمىدى. يېقىندا ئامېرىكا ئاخىرقى ھېسابتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ تېررورىزملىق تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ بىر ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرىغا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ زادى جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشىغا سەممىي ياردەم بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆزىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ مىللىي بۆلگۈچىلىككە ۋە توقۇنۇشقا مەدەت بېرىش ۋە ئۇنى پەيدا قىلىش پاكىتلىرى يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا، بۇنداق قىلىش تامامەن ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ

جۇغراپىيىلىك سىياسىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ۋاستىسىنىڭ سايىسىنى قايتا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### *رايون زوراۋانلىقىنى يوقىتىش — مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە مەدەت بېرىش*

ئامېرىكا ئۆزى بىلەن قارشىلىششقا جۈرئەت قىلغان رايون دائىرىسىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە ئالدى بىلەن قورال كۈچى ئىشلەتتى، ئارقىدىن بۇ دۆلەتلەردىكى ئاز ساندىكى ئاممىنى بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ۋە مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىششقا قۇتراتتى. بۇ جەھەتتىكى پاكىتلار تىپىك ھالدا كوسوۋو مەسىلىسى ۋە ئىراقتىكى كورتلار مەسىلىسىدە ئىپادىلەندى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىغا يېقىنلاشتى، پەقەت بالقان رايونىدىكى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىراق ئارقا ـ ئارقىدىن ئامېرىكا بىلەن قارشىلاشتى، ئىراق ئاۋۋال كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلدى، ئارقىدىن يەنە ئامېرىكىنىڭ ئىزچىل تەھدىت سېلىشىغا قارىماي ئولجىدىن ۋاز كېچىشنى رەت قىلدى، نەتىجىدە ئامېرىكىنىڭ قوراللىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قولغا كەلگەن بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ئىراق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئىراقنىڭ شىمالىي رايونىدا كورتلارنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇشى چەكلەنگەن رايوننى تەسىس قىلدى. نەتىجىدە كورتلار تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان رايون ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىپ، ئىراقنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى قاتتىق تەھدىتكە ئۇچرىدى. يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدىكى سېربىيە جۇمھۇرىيىتىدە، ئالبانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كوسوۋو ئاپتونوم

ئۆلكىسىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىچكى ـ تاشقى ئامىلنىڭ قوللىشى ئاستىدا غالجىرلارچە ھەرىكەت قىلىپ، سېربىيە تەرىپىدىن قوراللىق باستۇرۇلدى. ئامېرىكا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخىرىدا سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنى سۈلھىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قوشۇنى كوسوۋوغا كىرىپ ئالبان مىللىتىنى قوغدىدى. كوسوۋو شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ئارقىسىدا، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل مىللىي سىياسىي گەۋدىگە ئايلاندى.

### ئىستراتېگىيىلىك رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ــ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەش

ئامېرىكا ياۋروپا ـ ئاسىيا ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى بار رايونلارنىڭ مۇقىملىقى، ھەتتا تەرەققىياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشقى كاۋكاز رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى كەشمىر رايونى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىگە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە رايون ھېسابلىنىدۇ، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايونلاردا پەيدا بولغان مىللىي توقۇنۇش ۋە مۇقىمسىزلىق ئامىلىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئالدىدا تىلغا ئالغان ئىككى رايون بىلەن دەل ئەكسىچە بولدى. تاشقى كاۋكاز رايونىدىكى گرۇزىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئىزچىل تۇردە بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە تېرروروچى كۈچلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى تەھدىتكە

ئۆچۈردى. گرۇزىيە ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ ئامېرىكىپەرەس مەيدانىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەنلىكتىن، شۇنداقلا ئۇ ئامېرىكىنىڭ رۇسىيىگە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكتىن، ئامېرىكا ئىزچىل تۈردە تىرىشىپ بۇ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالدى. ئامېرىكا گرۇزىيىگە ھەربىي ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى بىلەن ھەربىي مانېۋىر قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزگەن. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئامېرىكا قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرىپ، بۇ يەرنىڭ مۇقىملىقىنىڭ ئامېرىكىغا بولغان مۇھىملىقى بىردىنلا ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن، ئۆزبېكىستاندا جانلىنىۋاتقان «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئامېرىكا تەرىپىدىن تېررورلۇق تەشكىلات دېگەن قالپاقنى كىيىپ، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى دادىل ھالدا بۇ تەشكىلاتنى باستۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىبلىشىدىن ئەندىشە قىلمايدىغان بولدى. جەنۇبىي ئاسىيادا، كەشمىر رايونىدىكى مۇسۇلمان ئۇرۇشقاق ئۇنسۇرلىرىنىڭ ھىندىستانغا قارشى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىيىشى ھىندىستان - پاكىستان ئوتتۇرىسىدا جىددىي ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئامېرىكا كەشمىر مەسىلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تېررورلۇققا قارشى پىلانىغا توسالغۇ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، مەزكۇر رايوندىكى مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. بولتۇر تېررورچىلارنىڭ ھىندىستان پارلامېنت بىناسىغا ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە ھىندىستان - پاكىستاننىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى تىركىشىشى پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت كاتىپى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، مۇئاۋىن مىنىستىرى، دۆلەت كاتىپى ياردەمچىسى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ھىندىستان - پاكىستان

ئوتتۇرىسىدا پايپېتەك بولۇپ، ھىندىستانغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، پاكىستاننى بېسىپ، ئۇرۇشقاق ئۇنسۇرلارغا ھەرىكەت قوللاندى. شۇڭا، جەنۇبىي ئاسىيادا ئومۇمىيۈزلۈك توقۇنۇشنىڭ پارتلىماسلىقىدا ئامېرىكىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسى بار دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ بۇنداق قىلىشىدا خۇسۇسىي غەرىزىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

## *ئىتتىپاقداشلارنى قوغداش— مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش*

بۇ جەھەتتە تۈركىيە تىپىك مىسال بولالايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، تۈركىيە ئوتتۇر شەرقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلىشى ۋە قورشىشىنىڭ ئالدىنقى بەلۋېغىدا تۇرغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم پېچكا ھېسابلانغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىدىكى ئورنى تۆۋەنلىمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازدىكى ھەرقايىسى ئەللەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، تۈركىيە ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى كۈچلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى رايونغا كىرىشىدە بوسۇغا بولۇپ بەردى، يەنە كېلىپ تۈركىيىنىڭ بۇ رايون بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى تۈركىيىنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى رايونغا كىرىشى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدە، تۈركىيە كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا ئىراق بىلەن ئىراننى كۆزىتىش ئۈچۈن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تۈركىيىدىكى ھەربىي بازىسى ۋە ئاخبارات توپلاش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىشى كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى، تۈركىيە ئىلگىرىمۇ ۋە ھازىرمۇ يەنىلا ئامېرىكىنىڭ رۇسىيىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇھىم ئىتتىپاقدىشى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، تۈركىيىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئىزچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 80 ـ يىللاردىن بۇيان، تۈركىيىدىكى كۇرت ئىشچىلار پارتىيىسى ۋەكىللىكىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلىشىشى كۈنسايىن ئەۋجىگە چىقىپ، تۈركىيىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغانىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، تۈركىيىدىكى كۇرت ئىشچىلار پارتىيىسى ئوكالاننىڭ (A. Ocalan) رەھبەرلىكىدە بۆلگۈنچىلىك ـ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىيە قوشۇنلىرى كۇرتلارنى قاتتىق باستۇردى. ئەگەر بۇنداق باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى سوتسىيالىستىك ئەللەر ياكى ئامېرىكا بىلەن ئەپ ئەمەس ئەللەردە يۈز بېرىدىغان بولسا، ئامېرىكا ئاللىبۇرۇن كىشىلىك ھوقۇق كالتىكىنى ئوينىتىپ ئارىلاشقان بولاتتى. لېكىن، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھەرىكەتلەرگە قارىتا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇنداقلا كۆز سېلىپ قويدى. كۆڭلىدە بولسا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەسىلىسىنى تېزلىكتە ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئوكالاننى قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا، ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ئاپپاراتلىرى زىچ ھەمكارلاشتى. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ئامېرىكا ئاخبارات ئاپپاراتىنىڭ ياردىمى بولمىسا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئوكالاننى ئۇنداق ئاسان تۇتالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كوردلار ئوخشاشلا باستۇرۇشقا ئۇچرىغان ئاز سانلىق مىللەت بولسىمۇ، ئىراقتا ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشىغا ئېرىشتى، تۈركىيىدە بولسا قەست قىلىشقا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئىراقتىكى كوردلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغانلىقى بولماستىن، بەلكى بۇنداق قىلىش ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئومۇمىي نىشانىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىدۇر.

قىلچە شۈبھىلىنىشكە بولمايدىغىنى شۇكى، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىياغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى ئۇنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسىگە بويسۇنىدۇ، مەسىلەن ئۇنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىزچىل تۈردە مۇنۇلارنى تەرغىب قىلماقتا: «(تىنچ مەزگىللەردىمۇ) ئامېرىكىنىڭ ئوبرازىنى خىرەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ»، «جۇغراپىيىلىك سىياسىي جەھەتتە (جۈملىدىن مۇھىم ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە) ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئورنىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك»①. بۇ يەردە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتى، ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى بۇ تولىمۇ ئېنىق. شۇڭا، ئامېرىكا ئۆزىنى ھەرقانداق ئىشلارنى قىلالايدۇ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ قەيېرىدە مىللىي توقۇنۇش بولىدىكەن، شۇ يەردە ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆلەڭگىسى ياكى ساداسى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

① مايكىل. سىۋېت قاتارلىقلار: «جۇڭگو چوڭ ئىستراتېگىيىسى» (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى)، شىنخۇا نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى.

## 3. پانتۈركىزم ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا- دىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى

*پانتۈركىزم بىلەن پانئىسلامىزم ھەمىشە بىر - بىرىگە تايىنىپ، بىر - بىرىگە باغلىنىپ «قوش پان» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. «قوش پان» نىڭ تەرەققىياتىدا نۇرغۇن رېئال سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خېلى زور دەرىجىدە «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» نىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە باغلىنىشلىق.*

*21 نۆۋەتتە، پانتۈركىزم بىلەن ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى بىللە ھەرىكەت قىلماقتا ۋە بىرلەشمەكتە. بۇ ئاساسلىقى ھەزبۇت تەھرىر ۋە ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ئەسەبىي تەشكىلاتنىڭ يېقىنقى ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.*

*ۋاڭ شۇمېي*

پانتۈركىزم ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان بولۇپ، 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان گاھىدا ئەۋج ئېلىپ، گاھىدا پەسىيىپ تۇردى ھەمدە دىنىي، سىياسىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» دا مىللەت، دىن توقۇنۇشلىرىنى پەيدا قىلىدىغان زور ئاپەتكە ئايلاندى. پانتۈركىزمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، پانئىسلامىزم، دىنىي ئەسەبىيچىلىك بىلەن بىرلىشىشى قاتارلىق مەسىلەرنى سىستېمىلىق كۆزىتىش ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشلىرى ۋە

«شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشقا پايدىلىق.

## پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى

پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنتايىن چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولۇپ، تەھلىل قىلغاندا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ ئارقا كۆرۈنۈشى بار:

*بىرىنچى، تۈركولوگىيە تەتقىقاتى*

«تۈركلەر» ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تىل - يېزىق ۋە تارىخىنى ئالىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، ياۋروپا ئىلىم ساھەسى ئۇلارنىڭ بۇ سىرلىق تارىخ، مەدەنىيىتىنى قېزىشقا باشلاپ، دىققەت نەزىرىنى ئالدى بىلەن يايلاقتا مىڭ يىلدىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمىي تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان ئابىدىلەرگە تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى قەدىمىي تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلانغانىدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتتا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، نۇرغۇن ئالىملارنىڭ تەتقىقات پوزىتسىيىسى كەسكىن بولدى، جۇملىدىن سىياسىي تۈس ئالمىدى، لېكىن بىر پەن بولۇش سۈپىتىدە «تۈركولوگىيە» دە مەسىلە كۆرۈلدى، يەنى بەزى تەتقىقاتچىلار پارسلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ قاراشلىرىنى تەھلىل يۈرگۈزمەيلا قوبۇل قىلىپ، تۈرك بىلەن تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىرلەشتۈرۈۋەتتى ھەمدە ئىلمىي بولمىغان ھالدا ئۇنىڭدىن تارىخ ۋە مەدەنىيەتنىڭ «ئورتاقلىق» نى تاپماقچى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە رۇسىيە،

گېرمانىيە، ۋېنگرىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بەزى ئالىملار ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولماي، تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانماستىن پارسچە، ئەرەبچە ماتېرىياللارغا ھەددىدىن زىيادە ئېسىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن تۈركولوگىيىنىڭ دائىرىسى چەكسىز كېڭىيىپ كەتتى ۋە مەزمۇنى مۇجمەللەشتى. «تۈركولوگىيىنى»نى ئاددىي ھالدا پانتۈركىزم بىلەن ئوخشاش دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نۇقسانى شۇكى، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇ پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئىلمىي نىقابقا ئىگە قىلدى.

### ئىككىنچى، ياۋروپانىڭ «مىللىي دۆلەت» نەزەرىيىسى ۋە «مىللەت پرىنسىپى»

ياۋروپا، ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەر ئىدى. مەسىلەن، تۈركلەر بىر قەدىمىي مىللەت بولۇپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ دۇنياغا مەشھۇر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى قاغانلارنىڭ كاللىسىدا دۆلەت ۋە خەلق دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۆلەتلەر ئاساسەن فېئودال سۇلالە دۆلەتلىرى بولدى. بولۇپمۇ، ئىسلاملاشقاندىن كېيىن مىللەت بىلەن دىن قارىشى ئارىلىشىپ كەتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە دىن، مىللەت ۋە دۆلەت ئوخشاش قارىلىدۇ، مەسىلەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكىلەر ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەچكە ھەم ئۇنىڭ سۇلتانى ئەينى ۋاقىتتا قۇدرەتلىك بولغاچقا، ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتىۋېلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇقۇم بار دەپ قارىغان. 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزم ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قازىنىپ، ئېنگلىز،

فرانسۇز، نېمىس، ئىتالىيان قاتارلىق يېقىنقى زامان مىللەتلىرى بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ تەڭ قەدەمدە شەكىللەندى. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بۇ خىل بىرلىككە كېلىشى ۋە مىللىي دۆلەتنىڭ پەربا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭىچە مىللەت قارىشى، يەنى بىر مىللەت بىر دۆلەتتە، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، مۇستەقىل بولۇش، ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بار دەيدىغان قاراش بارلىققا كەلدى، بۇ يەردىكى مىللەت غەربىي ياۋروپا كاپىتالىزمى تەرەققىياتىدا، قانداشلىق، ئۇرۇغداشلىق، دىن ئالاقىسىنى ۋە فېئودال بۆلۈنمىچىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغان يېقىنقى زامان كاپىتالىزم «مىللىتى» (nation) دۇر. غەربىي ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامانىدىكى بۇ خىل مىللەت قارىشى، نەزەرىيىسى ۋە پرىنسىپى بىر ئومۇمىي ھەقىقەت بولۇش - بولماسلىقتىن قەتئىينەزەر، مۇقەررەر ھالدا شەرق ئەللىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى «مىللەتلەر» (nationality) يەنىلا قانداشلىق، دىن مۇناسىۋىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي ياۋروپادىكى مىللەتلەر بىرلىكى ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن پانتۇركىزم ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان يېقىنقى زامان مىللەتچىلىكى قىياپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

### *ئۈچىنچى، «پان» ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى*

غەربىي ياۋروپادىكى مىللەتلەر بىرلىكى ھەرىكىتى خانىدانلىق ۋە تىل گۇرۇھى (ئوخشاش ئەدەبىي تىل ئىشلىتىلىدىغان جەمئىيەت) ھەم جۇغراپىيىسى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلاردا يۈز بەرگەن. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، «بۇرژۇئازىيە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىدا تولۇق غەلىبە

قازىنىش ئۈچۈن، بىرخىل تىل قوللىنىلىدىغانلار ياشاۋاتقان جايلارنى دۆلەت شەكلىدە بىرلەشتۈرۈشنى ھەمدە بۇ تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە بۇ تىللارنى ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە مۇستەھكەملەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق توساقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشنى زۆرۈر بولغان» . لېكىن، 1948 - يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئادەتتىكى يۈزلىنىشى قۇدرەت تېپىشقا ئىنتىلىش ۋە مەدەنىيەت، ئىرق جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلانغان «مىللەت» لەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش، ئەسەبىي يۈزلىنىشى سىياسىي ھوقۇققا ئەسەبىيلەرچە چوقۇنۇش، ئىرقىي ئەۋزەللىك تەلىماتىنى قارىغۇلارچە قۇۋۋەتلەش، ھەتتا مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنى قارىغۇلارچە قوغلىشىش بولدى. مەسىلەن ئەينى ۋاقىتتا پانئىتالىيانىزم بىر ئادەتتىكى يۈزلىنىش بولغان بولسا، بىسمارك دەۋرىدىكى پاننېمىسىزم بىر ئەسەبىي يۈزلىنىش بولدى. غەربىي ياۋروپا «پان» پەرەسلىكنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا، پانسلاۋيانىزم ئالدى بىلەن ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پراگا، زاگرېب دېگەن جايلىرىدا باش كۆتۈردى. سلاۋيانلار جۇغراپىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە ئايرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يىلتىزىمىز ۋە تىلىمىز بىر دەپ قارىغاچقا، پانسلاۋيانىزمنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە پانسلاۋيانىزم تونىغا ئورۇنۇۋالغان چوڭ رۇسپەرەسلىك بارغانسېرى ئۇرۇشخۇمار ئىرقىي تۈس ئالدى. ئېنگېلس: «پانسلاۋيانىزمنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىر خام خىيال ئەمەس، بەلكى رۇسىيىنىڭ قامچىسىدۇر» دېگەندى.① پانتۈركىزم ھەم پانسلاۋيانىزمنىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش، ھەم ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن پەيدا بولدى.

---

① ئېنگېلس: «ۋېنگرىيىدىكى كۈرەش»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 6- قىسىم.

دېمەك، پانتۈركىزم تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ياۋروپادىكى «مىللىي دۆلەت» نەزەرىيىسى، «مىللەت پرىنسىپى» ۋە «پان» تەتقىقاتى، ئېنىقى (بولۇپمۇ پانسلاۋىيانىزم) نىڭ باش كۆتۈرۈشىدەك مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە پەيدا بولغان.

## پانتۈركىزمنىڭ ئۆتمۈشى ۋە هازىرقى ئەھۋالى

پانتۈركىزم پەيدا بولغاندىن بۇيانقى بىر ئەسىردە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى:

*بىرىنچى، باش كۆتۈرۈش باسقۇچى: رۇسىيە «تاتارىستانى»*

پانتۈركىزم «بۈيۈك تۇران» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان. ۋېنگرىيىلىك شەرقشۇناس ۋامبېرى 1865 - يىلى «ئورتاق تىل، دىن ۋە تارىخقا ئىگە شۇنچە كۆپ قېرىنداشلار بولغانىكەن، تۈرك خاندانلىقى، يەنى ئوسمان خاندانلىقى چوقۇم ئىسمى جىسمىغا لايىق ھالدا ئادرىيانتىك دېڭىزىدىن جۇڭگوغا تۇتۇشىدىغان بىر ئىمپېرىيە قۇرۇشى كېرەك»، دەپ يازغان. «بۈيۈك تۇران» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان پانتۈركىزم ئەينى ۋاقىتتا ۋېنگرىيىدە كەڭ تارقالغان، ئەمما ئۇ رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى «تاتارىستان» دا ھەقىقىي ئىدىيە ھەرىكىتى بولۇپ شەكىللەندى. «تاتار» تاتارلار ئەسلىدە موڭغۇل قەبىلىرىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، 13 - ئەسىردىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ياۋروپاغا تارقالغان. 16 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە رۇسىيىدىكى تۈرك تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان. ئاساسەن ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى قازان، ئاستىراخانغا ۋە جەنۇبىي رۇسىيىدىكى قىرىمغا جايلاشقان، تاتارلار رۇسلارنىڭ

ئەڭ ئۇزۇن ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان بولۇپ، رۇسىزمنىڭ بېسىمىغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان، بولۇپمۇ قىرىمدىكى تاتارلار يات مىللەتلەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغاچقا، قارشىلىق روھى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ، تاتارلار ئارىسىدا پائالىيەتچان سودا كاپىتالى گۇرۇھى بارلىققا كەلدى ھەمدە رۇس سودا كاپىتالى بىلەن رىقابەتلىشىشكە باشلىدى، پانتۇركىزم دەل بۇ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى چوڭ رۇس مىللەتچىلىكىنى تەرغىب قىلىدىغان پانسلاۋيانىزمنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرىدىغان ئىدىيىۋى قورالغا ئىگە قىلدى.

قىرىملىق تاتار گاسپرىنسكى (1851 ـ 1914)، يۇسۇپ ئاقشۇرا (1876 ـ 1935) ۋە كاۋكازلىق تاتار غالى ھۈسەيىن زادە (1864 ـ 1941) پانتۇركىزمنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گاسپرىنسكى ئەڭ مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى مائارىپ، تىل ئىسلاھاتى ۋە گېزىت ـ ژۇرنال تەشۋىقاتىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «تىل، ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتتە بىرلىشەيلى» (ئۇچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش) دېگەن شوئارىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ «تەرجىمە گېزىتى» نى نەشر قىلىپ ئۆزى ياساپ چىققان ئوسمانىيە تىلى ۋە تاتار *تىلى ئارىسىدىكى «ئورتاق تىل» نى ئاكتىپ بازارغا سالدى، گاسپرىنسكىنىڭ تۇغقىنى ئاقشورا بولسا پانتۇركىزم تەشەببۇسىنى مەدەنىيەتتىن سىياسىيغا يۈزلەندۈردى. ئۇ 1905ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە رۇسىيىدىكى پانتۇركىزم سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، بارلىق تۇرك گۇرۇھلىرى بىرلىشىپ مىللىي ئىتتىپاقتا ئايلىنىشنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلدى. پروفېسسور ئەخمەت زەكى ۋەلىدى تۇغان (1890 ـ 1970) بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئۇزاپ كەتتى، ئۇ 1916 ـ يىلى دۇمادا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى

مەزگىلدە «تۈركىستان مىللىي كومىتېتى» نى تەشكىللەپ، باش شتابىنى بۇخارادا تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئوتتۇرا ئاسىيا دا — بۇخارا، خىۋە، پەرغانە، قاتارلىق جايلاردا بىر قىسىم مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، كېيىن ئۇلارنى بىرلەشتۇرۇپ، ئۇلۇغ پانتۈركىزم پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن گاسپرىنسكى، ئاقشورا، توغان قاتارلىق تاتار پانتۈركىزمچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تۈركىيىگە قېچىپ بېرىپ، پانتۈركىزم ئىشلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى ھەمدە تۈركىيىنىڭ پانتۈركىزم ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل پروفېسسورلار ئىنستىتۇتىدىكى گابدۇرىن بىلەن ئارشارونى كۆرسەتكىنىدەك: «پانتۈركىزم رۇسىيىدە بارلىققا كەلگەن ھاسىلات، بولۇپ ئۇ ئىستانبۇلدا پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىچىلىرى ۋە چوقۇنغۇچىلىرىنى تاپتى».

### *ئىككىنچى، تۈركىيە: «تۈركلەر» نى قايتا بايقىدى*

رۇسىيىدىكى تاتار پانتۈركىزمچىلىرى جار سېلىپ يۈرگەندە، تۈركىيە يەنىلا سۇلتان ھەم خەلىپە ئابدۇلھەمىد II ، كۆككە كۆتۈرگەن پانئىسلامىزم ئېقىمىغا چۆمگەنىدى. ئىلىم پېشىۋالىرى «تۈرك» دېگەن سۆز ھاقارەت مەنىسىنى بېرىدۇ دەپ قاراپ، «ئوسمانىزم» تىپىدىكى مىللەتچىلىك يولىنى تاللىغانىدى. ياۋروپادىكى تۈركلوگىيىنىڭ تەسىرىدە تۈركىيە تۈركلىرى «تۈرك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى قايتىدىن چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىنى، تىلىنىڭ موللۇقىنى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدارلىقىنى بايقىدى. فرانسىيىلىك دې لېنىسنىڭ تۈركلەر، ھونلار ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ئەسىرى، ئەنگلىيىلىك راملېي داۋىسنىڭ

تۈركىيە سۇلتانىغا سوۋغا قىلغان «تۈرك تىلىنىڭ ئۇنىۋېرسال گراماتىكىسى» دېگەن كىتابى تۈركىيىنىڭ ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، ئۇلار ياۋروپادىكى ھونلار جۇڭگودىكى ھونلاردىن كەلگەنىكەن، ئۇلار تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئىكەن، تۈرك مىللىتى ئادرىياتىك دېڭىزىدىن جۇڭگوغىچە ۋە سىبىرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە ماكانلاشقان بىر مۇھىم مىللەتكەن، ھازىر دۇنيادا 80 مىليوندىن 100 مىليونغىچە تۈرك خەلقى بار، ئۇزلۇكسىز كۆپىيىۋاتقان بۇ تۈرك قۇۋمىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئۇلار مەڭگۈ ياشناپ، كۆپىيىپ كېتىۋېرىدۇ» دېگەندەك خىياللاردا بولدى.

ئەگەر گاسپىرىنسكى رۇسىيىدىكى تاتار پانتۈركىزمىنىڭ بوۋىسى دېيىلسە، زىيا كۆكئالىپ (1876 ـ 1924) تۈركىيە پانتۈركىزمىنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن شېئىرلىرىدا «تۈركلەرنىڭ ئەسلىي يۇرتى تۈركىيىمۇ، تۈركىستانمۇ ئەمەس، بەلكى كەڭ ۋە بۈيۈك زېمىن تۇران» دەپ تەرغىب قىلىپ، پانتۈرك شوئارى بىلەن رۇسىيىنى گۇمران قىلىشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ پانتۈركىزمغا ئۇل سالغان ئەسىرى «تۈركىزم ئاساسلىرى» بولۇپ، بۇ ئەسەر پانتۈركىزمنى سىستېمىلاشتۇرغان تۇنجى كىلاسسىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. زىيا كۆكئالىپ تۈركلەرنىڭ بىر خىللا تىل ۋە مەدەنىيىتى بار ئۇلار مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ دەپ قارىغان: (1) تۈركىيىدىكى تۈركلەر؛ (2) ئوغۇز تۈركلىرى، جۈملىدىن ئەزەربەيجان، ئىران، خارەزمىدىكى تۈركمەنلەر، ئۇلار تۈركىيىدىكى تۈركلەرگە ئوخشاش مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، تۈركىيە بىلەن بىرلەشسە ئوغۇزىستان بولۇپ شەكىللىنىدۇ؛ (3) ياقۇت، قىرغىز، ئۆزبېك، قىپچاق، تاتار قاتارلىق يىراق تۈركلەر، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىل ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، مەدەنىيىتى تۈرك مەدەنىيىتىگە

ئوخشاشمىسىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. بۇلار بىرلەشسە «بۈيۈك تۈركىستان» ياكى تۇران بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭچە، بىرىنچى تۈردىكى «تۈركىزم» رېئاللىققا ئايلانغان، ئۇ دەل تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدۇر؛ ئىككىنچى تۈردىكى «ئوغۇزىزم» مۇ كەلگۈسىدە رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن ئىكەن؛ ئۈچىنچى تۈردىكىسى، جۇملىدىن 100 مىليون ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تۇرانىزم» يىراق كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىچىك، ئوتتۇرا، چوڭ تۇران لايىھىسى نەزەرىيە جەھەتتە خېلى چوڭقۇرلۇققا يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پانتۈرك كەيپىياتى مەلۇم دەرىجىدە سۇسلاشقان ئۇنىڭ «تۈركىزم» ىدە ئەمەلىيەتتە پانتۈركىزمدىن تۈركىزمگە قاراپ يۈزلىنىش ئالامىتى بار.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۈرلۈك ئىدىيىلەر بەس ـ بەس بىلەن باش كۆتۈرگەندە، پانتۈركىزم پەقەت ئانچە ـ مۇنچە تىلغا ئېلىنىدىغان ئىدىيىلەرنىڭ بىرى ئىدى. تۈركىيە مىللەتپەرۋەرلەر پارتىيىسى — ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II زور كۈچ بىلەن يۆلەۋاتقان پانئىسلامىزمنىڭ تەقىبىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوسمانىزمنى تاللىدى. 1908 ـ يىلى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە ئۈچ خىل ئىزمنى تەڭ يۈرگۈزىدىغان سىياسەتنى بولغا قويدى. ئوسمانىزمنى ئىچكى سىياسەتلەرنىڭ ئاساسى؛ پانتۈركىزمنى رۇسىيىدىكى تاتارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسى؛ پانئىسلامىزمنى ئىمپېرىيە ئىچىدىكى ئەرەبلەر، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ۋە باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى. لېكىن، كېيىنچە بارغانسېرى پانتۈركىزمغا مايىللاشتى، بولۇپمۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى

پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇلار گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇ يۈزلىنىشنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئۈچ كاتتىۋېشىنىڭ بىرى بولغان جامال پاشا (1872 ـ 1922) «ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ئالدى بىلەن بىر ئوسمانلىق، ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ بىر تۈرك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ھېچقانداق نەرسە تۈرك ئىرقىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلى دەيدىغان ئىشەنچىمنى تەۋرىتەلمەيدۇ» دېگەنىدى. ئۈچ كاتتىۋاشنىڭ بىرى بولغان ئەنۋەر پاشا (1881 ـ 1922) پانتۈركىزمگە ئەڭ قىزغىن بولۇپ، ئۇ پانتۈركىزم كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى بولۇش سۈپىتىدە كەلگۈسىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارىغان. ئۇ ئىزچىل تۈردە تۈركىيىدىن جۇڭگوغىچە بولغان، سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىدىغان بۈيۈك تۈرك دۆلىتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشىمۇ ئەنۋەرنىڭ پانتۈركىزم ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئەنۋەر پاشا تۈركىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ رۇسىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىشىش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان، 1921 ـ يىلى ئەنۋەر پاشا سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىش خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ باسمىچى باندىتلارنىڭ سوۋېتكە قارشى توپىلىڭىغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن.

### *ئۈچىنچى، تەرەققىيات مەزگىلى: ئۈزلۈكسىز مەغلۇبىيەتلەر*

رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، پانتۈركىزم داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، پانتۈركىزىمچىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قارىمۇ قارشى ئىككى سەپكە بۆلۈندى. بىرى، ئاق

گۇۋاردىيە تەرەپتە تۇرغان باسمىچى توپىلاڭچىلار بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەكسىيەتچىل، فېئودال بايلار ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى، پانتۈركىزم بىلەن پانئىسلامىزم ئۇلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئىككى بايرىقى ئىدى.

باسمىچى باندىتلار. ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەھەل زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇزۇل - كېسىل باستۇرۇلدى. يەنە بىرى، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرىۋالغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىلى كاۋكاز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىسسارىياتىنىڭ ھەيئىتى، رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ تاتار ئەزاسى سۇلتان غالىيېف ئىدى. سۇلتان غالىيوف گۇرۇھىدىكىلەر ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا «يولداش» سۈپىتىدە ئىنقىلابقا قاتناشقان. لېكىن، ئۇلار: «بىز ياۋروپا ئىنقىلابى ۋە جاھانگىرلىكنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈنلا بەدەل تۆلەيمىز، سوۋېت ھۆكۈمىتى پەقەت ۋاقتىنچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ» دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ نىشانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا «تۇران دۆلىتى» نىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋولگا - ئۇرال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك تۈرك دۆلىتى قۇرۇش ئىدى. دەرۋەقە سوۋېت كومپارتىيىسى سۇلتان غالىيوف ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پۈتۈن قىرىم تاتارلىرىنى سۈرگۈن قىلىشتا خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، قاتتىق زىيان تارتقان بولسىمۇ، لېكىن پانتۈركىزم بۇنىڭ بىلەن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغۇچىلىك تەشكىللىك پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرالمىدى.

پانتۈركىزم ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمىدى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي پروگراممىسى

خۇددى زۇڭتۇڭ كامال جاكارلىغاندەك «ئىسلام ئىتتىپاقلىقى ۋە تۇرانىزم بىزنىڭ پرىنسىپىمىز ياكى مۇقەررەر سىياسىتىمىز بولالمايدۇ، شۇڭا يېڭى تۈركىيە ھۆكۈمىتى مۇستەقىل تۇرۇش، تۈركىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كۆزلەش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ» دەيدىغان كامالىزم ئىدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى، سىياسىي خاراكتېرلىك پانتۈركىزم، بولۇپمۇ مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كېلىش ھەرىكەتلەرنى قوللىمىدى. بۇ مەزگىلدە 1 ـ ئەۋلاد پانتۈركىزم تايانچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ، بەزىلىرى تۇتقان يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ كامالىزمغا يېقىنلاشتى. لېكىن، مەدەنىيەت ساھەسىدە پانتۈركىزمنىڭ ئۆلى يەنىلا مۇستەھكەم بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇردى. 30 ـ يىللاردا گېرمانىيە فاشىزمى غەربىي ياۋروپادا زورلۇق، رومبۇلۇق قىلىۋاتقاندا تۈركىيىدىكى يېڭى بىر ئەۋلاد پانتۈركىزمچىلار جانلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ھۈسەيىن نىھال ئەزىز (1905 ـ 1975)، ناچار سانجار (1910 ـ 1976)، رېھا ئوغۇز دىرخان (1920ـ؟)، ئورخان سەيفى ئۇرخۇن (1890 ~ 1972) قاتارلىقلار ئىدى، ئۇلارنىڭ يېرىم مەخپىي تەشكىلاتلىرى بولۇپ، ژۇرنال چىقىراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۇرخۇنلا گاسپرىنسكىنىڭ «تىل، ئىدىيە، ھەرىكەتتە بىرلىشەيلى» دېگەن سىلىق شوئارىنى تەكرارلىدى. باشقىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كومپارتىيىگە قارشى ئۇچىغا چىققان ئىرقچىلىق خاھىشى بار، دىرخان «كۆك بۆرە» ژۇرنىلىنى چىقىرىپ «كۆك بۆرە چىلەر» تەرىپىدىن بۆرە ئەۋلادى دەپ تەرىپلەندى. ئۇ «تۈرك ئىرقى ھەممىدىن ئۈستۈن»، «تۈرك ئىرقى باشقا ئىرقتىن ئەلا» دېگەننى شوئار قىلدى. ئەزىز خۇددى گىتلېرچە قىياپەتتە: «ئەڭ مۇھىمى تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەت مەسىلىسىدە قانداشلىق مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم» دەپ جار سالدى. گېرمانىيە

فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ پانتۈركىزم ئىرىقچىلىرى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، تۈركىيىنىڭ ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا جەڭ ئېلان قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. 1944 - يىلى 5 - ئايدا يەنە كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ ئۆز نامىنى بۇلغىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە، تۈركىيىدىكى پانتۈركىزم پائالىيەتلىرى پانتۈرك نۇقتىسىدىن كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشقا مەركەزلەشتى. ئەزىز 1950 - يىلى مىللەتنىڭ تارىخىغا ھۆرمەت قىلىش، تۈرك ئىرقىنىڭ يۈكسەك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، يولىدا، ئەشەددىي دۈشمىنى موسكۋاغا قارشى تۇرۇش يولىدا قۇربان بولۇشقا تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. لېكىن، تۈركىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە دائىم داۋالغۇش بولۇپ، پات - پات ھەربىي ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلۇپ تۇرغاچقا، بۇ ئەسەبىي سىياسىي پانتۈركىزم ھەرىكەتلىرى ئانچە چوڭ بوشلۇققا ئېرىشەلمەي، مەدەنىيەت ساھەسىدىلا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. 1965 - يىلى، ھەربىي ئىدارە قىلىش بوشىغاندا، پانتۈركىزمچىلار مۇتەئەسسىپ جۇمھۇرىيەت مىللەت پەرۋەرلەر پارتىيىسىنى كونترول قىلىۋېلىپ، نامىنى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى پارتىيىسى دەپ ئۆزگەرتىپ، تۈركىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە ئوچۇق - ئاشكارا چىقماقچى بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى چەكلىك بولغاچقا 1969 - يىلى مىللىي پارلامېنتتىكى 450 ئورۇندىن ئاران بىرىنىلا ئىگىلەپ، ئۇچىغا چىققان ئوڭچىللار دەپ قارالدى. 1980 - يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن،

بارلىق پارتىيە ۋە سىياسىي تەشكىلاتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن پانتۈركىزم يەنە مەدەنىيەت ساھەسىگە مەجبۇر بولدى. قىسقىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا، پانتۈركىزمچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەلتۆكۈس سۇپۇرۇپ تاشلاندى. تۈركىيىدە بولسا كۆپ قېتىم سىياسىي ساھەگە ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بولۇپ، ئاساسەن مەدەنىيەت ساھەسىگە يوشۇرۇنۇپ كەلدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، پانتۈركىزمنىڭ ھازىرغىچە بولغان بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تارىخىنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1. پانسلاۋىيانىزمغا قارىتامەيدانغا چىققان رۇسىيە تاتارىستاندىكى «تىل، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش پائالىيىتى.

2. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكى ئىلىم پېشۋالىرى «قايتىدىن بايقىغان» پانتۈرك تارىخ مەدەنىيىتى.

3. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇيانقى تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغىچە كېڭەيگەن كومپارتىيىگە قارشى تۈرۈشنى ئاساس قىلغان سىياسىي، مەدەنىيەت پائالىيىتى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پانتۈركىزم 3 - باسقۇچقا كەلگەندە، ئىنتايىن ئوچۇق ئىدىيە ئېقىمىغا ئايلىنىپلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ۋە مەۋجۇت بولۇشىغا تەھدىت سالدى. ئۇنىڭ ھېچبىر ئىجابىي يېرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. پارنتۈركىزم سىياسىي جەھەتتە بەزىدە ئەۋج ئېلىپ، بەزىدە پەسىيىپ، ئۈزلۈكسىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى؛ مەدەنىيەت جەھەتتە «تۈركولوگىيە» نىقابىغا ئورۇنۇۋېلىپ پائالىيىتىنى توختاتمىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا،

يېڭى ئەسىردە ئۇ يەنىلا خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## «قوش پان» ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيىتى

پانتۇركىزىم بىلەن پانئىسلامىزىم ئاساسەن ئوخشاش ۋاقىتتا، يەنى ئالدىنقى ئەسىر كىرىدىغان چاغدا پەيدا بولدى، ئۇلار ھەمىشە بىر - بىرىگە تايىنىپ، بىر - بىرىگە باغلىنىپ كەلدى ھەمدە كۆپىنچە ھاللاردا بەزى ئەسەبىي سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىككى بايرىقى بولدى، شۇڭا ئۇلار «قوش پان» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتە ئۆزىنى ئافغانىستانلىق (ئەمەلىيەتتە پارس) دەپ ئاتىۋالغان جامالىددىن ئافغانى (1839 - 1897) پانئىسلامىزمنىڭ ئاساسچىسى دەپ قارىلىدۇ. پانئىسلامىزمنىڭ شوئارى ئىسلام «غايىسى» — ئىسلامنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن جەڭ قىلىشتۇر. ئەنئەنىۋى ئىسلام «غايىسى» ياكى ئىسلامنىڭ بىرلىكى ئىدىيىسى، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك «قۇرئان ۋە ئۇنى ئاساس قىلغان ئىسلام قانۇنىدا ھەرقايسى ئوخشىمىغان مىللەتلەر جۇغراپىيە ۋە ئېتنوگرافىيە بويىچە ئىككى دۆلەت، ئىككى مىللەتكە، يەنى مۇسۇلمان ۋە كۇپپار ئايرىلىدۇ، كۇپپار دۇشمەننى كۆرسىتىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. جامالىددىن ئافغانى ئىسلامنى قوغداش ئىسلام «غايە»سىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى غەرب مەدەنىيىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئىلغار دىنغا ئايلاندۇرۇشنى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئېتىقاد ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، دۇنيانى ئىسلام دىنىنىڭ داھىيسى — خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېلىشنى تەرغىب قىلغان بۇ بىر خىل سىنىپ، مىللەت،

دۆلەتتىن ھالقىغان ئىدىيە بولۇپ، دىنىي ئاساسىي پرىنسىپ قىلغان، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سىياسىيلاشقان دىن قارىشى بولۇپ، ئۇچىغا چىققان مىللەتچىلىك سۈپىتىدىكى پانتۈركىزم بىلەن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

پانتۈركىزممۇ پانئىسلامىزمنى ئەيىبلەپ، «پانئىسلامىزم ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ» دەپ قارىغان (زىيا كۆكئالىپ سۆزى). لېكىن، ئاتالمىش «تۈرك مىللەتلىرى» كەڭ دائىرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، پانتۈركىزم بارلىققا كېلىش بىلەنلا پانئىسلامىزم بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. پانتۈركىزم رۇسىيىدىكى «تاتارىستان» دا دەسلەپتە بارلىققا كەلگەندە، چار رۇسىيە مۇستەبىت تۈزۈمى بىلەن مۇتەئەسسىپ، ئەكسىيەتچىل ئىسلام دىنى ساھەسىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق توسالغۇغا دۇچ كەلگەنىدى. مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ئۇ قاتتىق ئاجىزلىقنى ئىپادىلىدى، بولۇپمۇ 1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، قازاندىكى پانتۈركىزمچىلار مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى بىلەن نامايىش قىلدى، ئۇلار رۇسىيىنىڭ دۆلەت ناخشىسىنى ئېيتىپ چار پادىشاھنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ، «مىسلىسىز ۋەتەنپەرلىك قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى». گاسپىرىنسكى چاررۇسىيە دائىرىلىرى ۋە مۇسۇلمان موللىلار بىلەن قارشىلىشىش يولىدا ئۆزىنىڭ پانتۈركىزم ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە بەك ئېھتىيات قىلدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تاتارلارنىڭ «جەدىد» ھەرىكىتى، يەنى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە باشلامچىلىق بىلەن قاتناشتى. «جەدىد» دېگەن سۆز «يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ياۋروپاچە ئۇسۇل بىلەن ئىسلام دىنىي مەكتەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئۇلارنىڭ پانتۈركىزمى دەل «جەدىد» چىلىك ھەرىكىتىدە پانئىسلامىزم بىلەن بىرلىشىش

يولىنى تاپتى. 1905 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇ سىياسىي پائالىيەتنى كۈچەيتىپ، رۇسىيىدە «مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» ۋە «مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» نى تەشكىللەپ، رۇسىيىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئورتاق تىل ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ، ئېھتىيات بىلەن پانئىسلامىزم ئارقىلىق پانتۈركىزمنى قوغدىدى. ئۇ 1914 ـ يىلى «ئەسلىدە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى تاتارلار، قىرىمدىكى تاتارلار، قىرغىزلار، كاۋكازلىقلار، تۈركىستانلىقلار، سۈننىي مەزھەپىدىكىلەر شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ۋە قېرىنداش، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى بىردەك، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئوخشاشمىسىمۇ، دۈشمەنلىشىپ بىر ـ بىرىنى قىرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا قېرىنداش، شۇڭا ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئىناق ئۆتۈشى كېرەك» دەپ يازغان. ئەمەلىيەتتە، پانتۈركىزمچىلار دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار بىلەن ئوبدان ئېلىشماي تۇرۇپلا ئۆز مەيدانىدىن ۋاز كەچكەن، «جەدىد» چىلىك ھەرىكىتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا، پانتۈركىزم ھەرىكىتى تاتار زىيالىيلىرى ئارىسىدا پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدى ھەمدە پانئىسلامىزم بىلەن بىرلىشىپ، كۆپىنچە ھالدا پانئىسلامىزم ئارقىلىق پانتۈركىزمنى قوغدىدى.

تۈركىيە پانتۈركىزم نەزىرىيىسىنىڭ پېشۋاسى زىيا كۆكئالىپ ئىسلام دىنىنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇ تۈركىيە دېھقانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئۇلارنىڭ تىلى مېنىڭ تىلىم» دەپ تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئۇلارنىڭ دىنى مېنىڭ دىنىم» دەپ تەكىتلىگەن. ئەمما، ئۇ پانئىسلامىزمنىڭ «مىللەتمۇسۇلمانلارنىڭ يىغىندىسى» دېگەن قارىشىغا قوشۇلمىغان. ئۇ «مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىندىسى پەقەتلا بىرگەۋدە، ئەمما ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەر

ئۇنىڭغا ئوخشمايدۇ» دېگەن، ھەتتا «سىياسىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پانئىسلامىزم ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا» دەپ قارىغان. لېكىن، ئۇ كۆپىنچە «بىر ئادەم ئىككى دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولمىغىنىدەك، بىر مىللەت ياكى شەرققە، ياكى غەربكە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك»، «تۈركىزمچىلار تۈركلىك ۋە مۇسۇلمانلىق خىسلىتىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، غەرب مەدەنىيىتىنى تولۇق قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ» دەپ تەكىتلىگەن.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ «يولداش»ى بولغان سۇلتان غالىيېۋ گۇرۇھىدىكىلەر: «مىللەت مەسىلىسىدە بىزنىڭ قارىشىمىز ماركىسزم قارشى بىلەن بىردەك بولالايدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مىللەتچىلىك مەۋجۇت ئەمەس، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە ئاساسلانغاندا دىن بىلەن مىللەت ئوخشاش. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە، پەقەت بىرلا ئىسلام دىنى بار، ھەممە مىللەت ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىشى ۋە بىرلىشىشى كېرەك دەپ قارىلىدۇ» دەپ قارىغان. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ماركىسزمنىڭ دىن قارىشىغا بولغان تونۇشى خاتا، خۇددى ئۇلار: «بىز تاتارلار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەسىلىسىدۇر، تېخىمۇ كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدۇر» دېگىنىدەك بۇنىمۇ بەك سىياسىيلاشتۇرۇۋەتكەن.

خۇددى شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ ئۆز شوئارىدا: «مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ئەگەر بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىساق، ئاسسىمىلىياتسىيە بولۇپ كېتىمىز» دەپ كىشىلەرنى قۇتراتقىنىغا ئوخشاشلا، پانتۈركىزم بىلەن

پانئىسلامىزمنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ.

يىغىنچاقلايدىغان بولساق، پانتۈركىزمنىڭ دىن قارىشى ماھىيەتتە پانئىسلامىزم بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تۈرك ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىرى بولغاچقا، پانتۈركىزمچىلار دىنىي ساھەدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان پانئىسلامىزم ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ، ئەكسىچە كۈچىنىڭ بارىچە ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىدۇ، بەزىدە ھەتتا پانئىسلامىزمچىلار ئوخشىشىپ، پانتۈركىزمنىڭ پانئىسلامىزم بىلەن بولغان پەرقىنى چاندۇرمايدۇ، شۇنداقلا كۆپىنچە ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەبىي سىياسىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، پانئىسلامىزم تارقالغان جايلارنىڭ دائىرىسى كەڭرەك، «قوش پان» تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جايلارتارراق بولسىمۇ، ئەمما دائىرىسى خېلى مۇقىم. ئاساسەن تۈركىيە، كاۋكازدىكى ئەزەربەيجان، رۇسىيىدىكى تاتارىستان ( قازان ۋە قىرىم ) ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت. «قوش پان» نىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشىدا، نۇرغۇن رېئال سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خېلى زور دەرىجىدە بۇ رايونلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە باغلىق بولۇپ كەلدى.

ئەمەلىيەتتە چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، «قوش پان» تارقالغان جايلارنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان «تۈركلىشىش» بىلەن «ئىسلاملىشىش» نى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز: بۇ رايونلار ئەزەلدىن مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىش كارىدورى بولۇپ، شىمالدىكى يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر توختىماي جەنۇبقا يۆتكىلىپ، ئۈزلۈكسىز مىللەتلەرچوڭ قوشۇلۇشنى ۋۇقۇتقا كەلتۈرگەن، مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە تۈركلەر كۆچىيىپ،

مۇڭغۇل دالاسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن، كېيىن زەئىپلىشىپ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ كەڭ رايونلار تۈركلىشىپ كەتكەن، يەنى بۇ جايلاردا ياشايدىغان نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تىلىنى ئۇنتۇپ، تۈرك تىلىنى ئىشلىتىدىغان «تۈرك» لەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جايلار ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن كەڭ تارقالغان جاي بولۇپ، بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى ۋە شامان دىنى بۇ رايونلاردا كەڭ تارقالغان. كېيىن ئىسلام كۆچىيىپ بۇ جايلارغا تارقالغاندىن كېيىن، پەيدىنپەي باشقا دىنلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، «ئىسلاملىشىش» نى ئىشقا ئاشۇرغان. ئاتالمىش «ئىسلاملىشىش» شۇ جايلاردا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى دىني ئېتىقادىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا كىرىشى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى كۆرسىتىدۇ. «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» نىڭ تارىخى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش بۇ جايلارنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بۇ «قوش پان» مەيدانىغا كېلىشىدىكى تارىخ، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر، بۇنداق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان جايلاردا «قوش پان» پەيدا بولمىغان. شۇڭا، «قوش پان» كۆپلىگەن ھازىرقى زامان دۆلەتلىرى چېگرىسىدىن ھالقىپ بىر مەھەل شىنجاڭدا بەك ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، ئەمما تەسىر دائىرىسى شەرقتە شىڭشىڭشيادىن، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتەلمىگەن.

# هازىرقى زامان پانتۈركىزمى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجاندىن ئىبارەت بۇ تۈركىي تىللىق بەش دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى پانتۈركىزمچىلارنى قايتىدىن روھلاندۇرۇۋەتتى. تۈركىيەدە بوسفور بوغۇزىدىن جۇڭگوغىچە بولغان جايلاردا «تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر فېدېراتسىيىسى» قۇرۇش خام خىيالى قايتىدىن قوزغىلىپ، شۇ تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئۆزەل ئىنتايىن روھلانغان هالدا «بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىن جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان يېڭى ئوسمان ئىمپېرىيىسى پىلانى» تۈزۈشكە تەييارلىق كۆردى. 1992 ـ يىلى قازاقىستان زۇڭتۇڭى نازارباييوف «تۈركلەر ئىتتىپاقى» قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى كەرىموف «جەدىدىزم»، پانتۈركىزم، باسمىچىلار قاتارلىق مەسىلەرنى «ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىش» كېرەك، دېدى. ئەزەربەيجان زۇڭتۇڭى ئەلىيېف تېخىمۇ ئاشكارا هالدا يۇگوسلاۋىيىدىن جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان جايلاردا «تۈركىستان» نىڭ «ئۈچ بىرلىكى» (تىل، ئىدىيە، ھەرىكەت بىرلىكى) نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ جار سالدى، ئۇ «تۈركلىشىش، زامانىۋىلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش» شوئارى ئەزەربەيجاننىڭ دۆلەت بايرىقىدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى دېگەننى ئالاھىدە تەكىتلىدى. لېكىن، مۇستەقىللىق شادلىقىدىن پەسكۇيغا چۈشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى كېيىنچە پانتۈركىزمگە بارغانسېرى قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇنى چۈشىنىش ئەلۋەتتە تەس ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، پانتۈركىزم كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى

كۈچلەرنى مول سىياسىي بايلىق بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا، ئۇ غەربنىڭ مەلۇم «ھېسداشلىق»ىغا ۋە ئاشكارا، يوشۇرۇن مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەن. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمەلىي ئەھمىيىتى ۋە قىزىقتۇرۇش قىممىتىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ پان مىللەتچىلىك تەشەببۇسى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك تۈركىيە بىلەن بىرلىشىپ كېتىش غەرىزىگە ئىگە ئىدى. بۇ توغرىدا زۇڭتۇڭ نازاربايېف ئۆزىنىڭ «21 ـ ئەسىر بۇ سۇغىسىدا» دېگەن يېڭى ئەسىرىدە: «تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىدە بايقال كۆلىدىن ئوتتۇرا دېڭىز ۋە دوناي دەرياسىغىچە بولغان جايلاردا قۇدرەتلىك تۈرك دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇش ⟨غايە⟩سىنى ئاشكارا ئىپادىلىدى. ئەمما، بۇنى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان قازاقىستان قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئەمدىلا ئېرىشكەن مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بىر ⟨ئاكا⟩نىڭ ئورنىغا يەنە بىر ⟨ئاكا⟩نى دەسسىتىپ، ئۇنى بوينىمىزغا مىندۈرۈشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ يازغان.

ھالبۇكى، دۇنيادا بىرەر شەپە بولسىلا، پانتۈركىزم ھەمىشە سىياسىي ساھەدە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەتلىرى ئۇنى ئۇ بارغانسېرى قوللىمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، بارغانسېرى بۇ رايوندىكى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ سىياسىي بايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى. پانتۈركىزم ئەزەلدىن سىياسىي جەھەتتە پانئىسلامىزم بىلەن تىل

بىرىكتۈرىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە، ئالدىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، پانتۈركىزم بىلەن پانئىسلامىزم ئىزچىل تۈردە ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ كەلگەن. ھازىر ئۇ ئىسلام ئەسەبىيلىرى بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلماقتا ۋە بىرلەشمەكتە، بۇ ئاساسەن «ھىزبىت» ۋە «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ئەسەبىي تەشكىلاتنىڭ يېقىنقى ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ھىزبىت دېگەن سۆزنىڭ تولۇق ئاتىلىشى Hizb — Tahrir بولۇپ، ئازادلىق پارتىيىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تەشكىلات ئىنتايىن مەخپىي تۈس ئالغان ئىسلام يەر ئاستى تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي نىشانى «تۈركىستان» دا بىر چوڭ ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇش. ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پروگراممىسى 19 - ئەسىردىكى جەدىدىزم ھەرىكىتىدىن كەلگەن. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ زامانىمىزدىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەشكىلاتىدۇر. «ھىزبىت تەھرىر» ئاساسەن شەخسلەرنىڭ ئالاقىسى ئارقىلىق پائالىيەت ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلار ياشلارغا، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلارغا خىزمەت ئىشلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەشكىلى چىڭ ھەرىكىتى يوشۇرۇن، بولۇپمۇ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەرىكىتى بەك سىرلىق بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئەزالار ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ. «ھىزبىت تەھرىر» چىلەر تىنچ يول بىلەن «غازات ئۇرۇشى» قىلىپ شەرىئەتنى يولغا قويىمىز، ئەگەر باستۇرۇلساق، ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ ۋاز كەچمەيمىز، سوپىزمغا قارشى تۇرمايمىز ھەم قوللىمايمىز (بۇ نۇقتىدىن ئۇ تىپىك ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگىمۇ ئوخشىمايدۇ)؛ تالىبانلارنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى قوللايمىز، بىن

لادىنغا ھېسداشلىق قىلىمىز، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتىمىز ①يوق، دەپ جاكارلىغان. تەھلىلچىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: دەل شۇ سەۋەبتىن، «ھىزبىتتەھرىر» نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىگە بولغان تەھدىتى تېپىك قوراللىق توپىلاڭچىلاردىنمۇ زور بولىدۇ. زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئىزچىل تۈردە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئاساسلىق كۈرەش شەكلى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي شۇنداق بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. ئوتتۇرا ئاسىيادا تېزدىن كۆپىيىۋاتقان ھىزبىت تەھرىر ھەرىكەتلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ② . بۇ تەھلىللەرنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. چۈنكى، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، پانتۈركىزمنىڭ مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بۇ تەشكىلاتقا زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇردى. بۇ تەشكىلات بۇنىڭغا قارىتا قوراللىق كۈرەش قىلىمىز، دەپ جاكارلىدى. قارىغاندا، ئۇ تېررورىزمغا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغاندەك قىلىدۇ.

«ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ تولۇق ئاتىلىشى Islam Movement of Uzbekistan (IMU) بولۇپ، 1996 ـ يىلى رەسمىي قۇرۇلغان، 1999 ـ يىلدىن بۇرۇن ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ يىلى بۇ تەشكىلات ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە چوڭ پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلدى، 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئۆزبېكىستان چېگرىسىغا يېقىن

---

① ئەخمەد راشىد: «ئوتتۇرائاسىيادىكى يەر ئاستى ئىسلام ھەرىكىتى»، «ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» №16 (2000ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى).

② «ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» №16 (2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى).

قىرغىزىستاننىڭ باتكېن تاغلىق رايونىدا گۆرۈگە ئېلىش ۋەقەسى پەيدا قىلىپ، سىپسىق نامى پۇر كەرتتى. 2000 - يىلى ياز ۋە كۈزدە يەنە پەرغانە تاغلىق رايونىدا، ھەتتا تاشكەنتتە كىچىك دائىرىدە قوراللىق پاراكەندىچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، «ھازىرقى زامان باسمىچىلىرى» دەپ ئاتالدى. IMU نىڭ سىياسىي نىشانى كەرىموف ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پەرغانىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش بولۇپ، ئۆزبېكىستاننىڭ نامەنگەن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان يولداش ئىسمىلىك كىشى ئۇنىڭ سىياسىي ياكى مەنىۋى داھىيسىدۇر. ئۇ يەنە ھەربىي تەشكىلات بولۇپ، ئۆزبېكىستاننىڭ نامەنگەن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان نامەنگانى ئىسمىلىك كىشى ئۇنىڭ ھەربىي باشلىقىدۇر، ئۇ 12 يىل ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پاراشوتچى ئەسكىرى سۈپىتىدە ئافغانىستان ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ باش شتابى قەندىھاردا بولۇپ، ئافغانىستاندا ئاز دېگەندە ئىككى جايدا ھەربىي بازىسى بار، يەنە تاجىكىستاننىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتى باشقۇرالمايدىغان تاۋېردالا دېگەن يېرىدە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق مەركىزى بار. ئۇ بىن لادىن ۋە تالىبانىنىڭ ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، پاكىستان، كۇۋەيت، مىسىر، كەشمىر، چېچىنىيە قاتارلىق جايلاردىكى خەلقئارا تېررورچى تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ مەبلىغى تولۇق، قورال-جابدۇقلىرى خىل بولۇپ، بۆكتۈرمە مىلتىق، كېچىدە كۆرۈش ئەسۋابى، زەمبىرەك، زەھەرلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، راكېتا قاتارلىق قوراللىرى بار، ئۇ نەچچە مىڭ قوراللىق باندىتى بار ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تەشكىلاتى، تېررورچىلار تەشكىلاتىدۇر. 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17- كۈنى، ئۆزبېكىستان ئۇنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن يولداش ۋە نامەنگانىنى ئۇلار سوتقا چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

تەھلىلچىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: IMU نىڭ سىياسىي نىشانى يەنىلا تازا ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، غازات ئۇلار تاللىۋالغان بىردىنبىر يول، ئۇلار ھازىرغىچە تېخى باشقا سىياسىي شەكىلنى تاپالمىدى[①] . لېكىن، 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى بىر خەۋەردە IMU نىڭ كاتتىۋېشى نامەنگانىنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» نى قۇرغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ پارتىيە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، جۈملىدىن جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭدا، ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئەممەلگە ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ بېكىتكەن[②] . IMU نىڭ بۇ سىياسىي نىشانى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، رۇسىيە ۋە پاكىستاننىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى بەس ـ بەس بىلەن بۇنىڭغا باھا بېرىپ مۇنداق دېيىشتى: IMU يېقىندىن بويان ئۆز نىشانىنى كېڭەيتتى ھەمدە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك كۈرەش ئۈچۈن، شىنجاڭ ۋە كەشمىردىن بۆلگۈنچىلەرنى توپلىماقتا. ئۇلارنىڭ نىشانىمۇ شەرقتە جۇڭگوغا، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغا تۇتىشىدىغان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىغا قارىتاIMU نىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى مۇنداق دېدى: «تەشكىلاتىمىز ئۆزبېكلەرنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدۇ. بىز قىرغىزلار، قازاقلار، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام تەشكىلاتى» . IMU ئەسلىدىنلا بىر خەلقئارا تېررورچى تەشكىلات بولۇپ، پانتۈركىزمچىلار بىلەن

① ئەخمەد راشىد: «IMU نىڭ ھەربىي بازىسى — تاۋېردالا» ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىنكاسلار» №24 (2001 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى.)
② «ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىنكاسلار» №25 (2001ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) .

بىرلىشىش ئۇنىڭ بىر سىياسىي يولى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، پانتۈركىزمنىڭ بۇ رايوندىكى ھازىرقى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرلۇك ئەسەبىي كۈچلەرگە نىسبەتەن خېلىلا سىياسىي پايدىلىنىش قىممىتى بار. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پانتۈركىزمنىڭ يۈزلىنىشى - ھازىرقى ھۆكۈمەتكە ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرۇش. يۇقىرىقىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئۇچ ئىزم» نىڭ بىرلىشىش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

### «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى «ئۇچ ئىزم» نىڭ زاپاس قوشۇنى ۋە ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى

يېغىپ ئېيتقاندا، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» نى بايراق، پروگرامما ۋە ھەرىكەت قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن ئىبارەت. 1914 - يىلىلا ئەھمەت كامال شىنجاڭنىڭ ئاتۇش شەھىرىگە كېلىپ، مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلغان، بۇ پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭغا دەسلەپ سىڭىپ كىرىشى بولۇپ، شىنجاڭدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ۋە ئىلىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى قېتىم «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا، پانتۈركىزمچىلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىدە بەك جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى كونا پانتۈركىزمچىلاردىن مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار ئۆزىنى جاڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئاتقان. 1947 - يىلى ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ

رەئىسى، قۇرۇلۇش نازىرى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇلار ھەم «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىۋالغان ئېلىخان تۆرە ئىككى لاگىرغا مەنسۇپ كىشىلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى بىردەك بولۇپ، «ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام» دېگەن شوئارنى تەڭ تۇۋلىغان. بۇ ئىككى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ۋە غەربنىڭ «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ئىدىيە ئېقىمىنىڭ غەلىتە تۆرەلمىسىدۇر.

تارىختا پانتۈركىزم ھەمىشە پانئىسلامىزمغا تايىنىپ كەلدى. «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن. ئۇلار بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بولسىمۇ، 80 ـ يىللاردىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ جانلىنىشقا باشلىدى، ئەڭ كۆرۈنەرلىكى شۇكى، ئۇلار دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دىنىي ئەسەبىيلىككە قاراپ يۈزلەندى. 80 ـ يىللاردا، ئۇلارنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالدى. دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ نەتىجىسىدە، يېزا ـ كەنتلەر ۋە شەھەر بازارلارنى قويۇق دىنىي كەيپىيات قاپلىدى، «شەرقىي تۈركىستان» چىلار بۇ قويۇق دىنىي كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، دىنغا تايىنىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. 90 ـ يىللارغا كەلگەندە، «ئۈچ ئىزم» (خەلقئارا تېررورىزم، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك) تېز ئەۋج ئېلىپ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «شەرقىي تۈركىستان»

تەشكىلاتلىرى چەت ئەلدە كۆپلەپ قۇرۇلۇپ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە تېررورىزم تۈسىنى ئالدى. ئۇلار تېررورلۇق جېڭى ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىن لادىن ۋە ئەتراپىتىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ مەبلەغ ۋە قورال - ياراغلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تالىبانلارنىڭ مەشىق لاگېرىدا تەربىيىلەندى، شۇنداقلا ئافغانىستان، چېچېنىيە ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلاردىكى «غازات»قا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ چېچېنىيە، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردا ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ۋە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. پاكىت شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى خەلقئارا تېررورچىلارنىڭ بىر قىسمى، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى «ئۈچ ئىزىم»نىڭ زاپاس قوشۇنى ۋە ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى.

خۇلاسىلىگەندە، پانتۈركىزم باشتىن - ئاخىر «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساسى ۋە نەزەرىيە ئاساسىدۇر، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىنجاڭدىكى مىللەتچىلەر ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى «ئۈچ ئىزم»نىڭ زاپاس قوشۇنى ۋە ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىدۇر. شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك بولغانىكەن، ئىدېئولوگىيە ساھەسى ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە پانتۈركىزمغا قارشى تۇرۇشمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ.

**ئاساسلىق پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


1. ياكوب. م. لاندور: «تۈركىيىدىكى پانتۈركىزم — مىللەت بىرلىكچىلىكى تەتقىقاتى»، لوندون، 1981- يىل.

2. زىيا كۆكئالىپ: «تۈركىزم ئاساسلىرى»، لېيدىن، 1968 - يىل.

3. خ. ز. گابدورىن، ئا. م. ئارسا رونى: «رۇسىيىدىكى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ھەققىدە قىسقىچە بايان»، لوندون، 1990 ـ يىل.

4. بىگتىيەن جېگمېي: «مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» 1991 ـ يىل 4 ـ سان.

5. لىيۇنىڭ قاتارلىقلار: «مەدەنىيەت پانتۈركىزمى ھەققىدە تەتقىقات»، «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، 1994 ـ يىل.

6. جى داچۇن: «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى، بەربات بولۇشى»، «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، 1993 ـ يىل.

7. چېن يەنچى: «پانتۈركىزمگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە»، «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، 1993ـ يىل.

8. شۆ زوگجېڭ: «تۈرك تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل.

9. ئې. تېنشېف: «تۈرك تىلى تەتقىقاتىغا كىرىشمە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

10. ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.

11. ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى»، «غەربىي رايون تەتقىقاتى» 1997 ـ يىل 4ـ سان.

# 4. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مىللەت توقۇنۇشى

*ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ، تارىخىي مەسىلىلەرمۇ بىر قەدەر كۆپ.*

*ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن يېڭى مىللىي مەسىلىلەر پەيدا بولدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىناق مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداشتا بارغانسىرى پىششىپ يېتىلمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تىنچلىقتا ۋە مۇقىملىقتا ئىنتىلىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە چوڭ چاتاق چىقماسلىقى مۇمكىن*

*غەيرەت تۇرغانباي، خۇخۇڭپىڭ*

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ، تارىخىي مەسىلىلەر بىرقەدەر كۆپ. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن يېڭى مىللىي مەسىلىلەر پەيدا بولدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، مەسىلىلەر يەنىلا ساقلانماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى قازاقلار 1 مىليون 120 مىڭغا، قىرغىزلار 150 مىڭغا، تاجىكلار 40 مىڭغا، ئۆزبېكلار 20 مىڭغا يېتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە خېلى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

ئارخېئولوگلارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەڭ بۇرۇن قەدىمكى ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر ئولتۇراقلاشقان. ئالدىنقى ئەسىردە تەتقىقاتچىلار ئارىئانلار ئوكسۇس (ئامۇ) دەرياسى ۋە ياكسارت (سىر) دەرياسى ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا بارلىققا كەلگەن دەپ قاراپ كەلدى. ھازىر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرى ئارىيانلارنىڭ يۇرتى، ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۆلۈنۈپ كۆچكەن بىر بۆلىكى ھىندىستانغا، بىر بۆلۈكى ئىران ئېگىزلىكىگە، يەنە بىر بۆلىكى پامىرنىڭ شەرقىدىكى تارىم ئويمانلىقى ۋە خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، دەپ قارىماقتا. دېمەك، مىس قوراللار دەۋرىدە ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن ۋە بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار بىر تەرەپتىن، يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمىغا ئايلانغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئارىيان تىلىنى يىراق جايلارغا، يەنى شەرقىي ئىران، ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا تارقاتقان.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 521 - يىلىدىكى قەدىمكى

بېھىستۇن ئابىدىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىسى بولغان ساكلارنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن، بۇ ساكلار «خەنىنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى ساكلاردۇر. قەدىمكى يۇنان تارىخچىلىرى: «پارسلار بارلىق سكىفلارنى ساكالار دەپ ئاتايدۇ» دېگەن. سكىفلار قەدىمكى يۇنان ھۆججەتلىرىدە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىدا ياشىغان بۇرۇنقى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساكلار بىلەن سكىفلار ئېرق جەھەتتە ئوخشاپ كېتىشى مۇمكىن.

قەدىمكى ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ھېسابلىنىدۇ. ئارىيانلار، ساكلار، ھەتتا ياۋچىلار، ئۇيسۇنلارمۇ ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا كىرىدۇ. تارىختا ئاساسەن شەرقتىكى كۆچەت چارۋىچى خەلقلەر، جۈملىدىن ياۋچى، ئۇيسۇن، قىرغىز، ئېفتالىت، تۈرك، ئوغۇز، قىتان، موڭغۇل ۋە ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن. بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغان تۈركلىشىش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم جەريان ھېسابلىنىدۇ. تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا تۈركۈملەپ يۆتكىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن تاجىكلار بۇ رايوننىڭ ئىگىلىرى ئىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تاجىكلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشتىن بۇرۇنقى قەدىمكى زامان تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. يەنە سۈرۈشتۈرگەندە مىلادىيەدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرىدىن كەلگەن ئارىيانلارنى تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھازىرقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر شەكىللىنىش جەريانىدا تۈرك ۋە موڭغۇللارنىڭ تەركىبىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن سىرت، يەنە تۈرك، موڭغۇللارغا ئوخشىمايدىغان يەرلىك ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىنىمۇ قوبۇل

قىلغان. ئۇلارنى ئاددىيلا ھالدا قەدىمكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادى دېيىشكە بولمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. خۇددى ئالىملار يەكۈنلىگەندەك «ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ھەم سىرتتىن كەلگەن مىللەت، ھەم يەرلىك مىللەت» تۇر[1]. دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى كۆچمەن مىللەتلەر تارىخى بولۇپ، يەرلىك ئاھالە ۋە كەلگۈندى ئاھالە بولسا مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرگە خاس ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇزاق تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى بىر تارىخىي تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بۇ خىل تارىخىي تەرەققىيات ھەمىشە كەسكىن مىللەت توقۇنۇشلىرى نەتىجىسىدىكى قانلىق بەدەلگە ياندىشقان بولىدۇ. بىز شۇ دەۋرلەردىكى تارىخنامىلەرنى ۋە خاقان، ئەمىرلەر مەدھىيىلەنگەن «تۆھپەنامە» لەرنى كۆرىدىغان بولساق، سان ـ ساناقسىز قان تۆكۈلگەن ئاجايىپ قورقۇنۇشلۇق، قانلىق مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ماھىيەتتە كۆچمەن مىللەتلەر بىلەن ئولتۇراق ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ ئۈزلۈكسىز قايتا تەقسىملىنىش جەريانىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قەدىمكى قەبىلىلەر، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش، يۇغۇرۇلۇش تارىخىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا

---

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى»، «غەر يۇرت دىيار تەتقىقاتى» 1997 ـ يىل 4 ـ سان.

ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بېكىنمە ھالەتكە يۈزلەندى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىمۇ نىسبەتەن ئارقىدا قالدى . ھەتتا رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىگە كەلگەندىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ چەك - چېگرىسى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس ئىدى، قالايمىقان مىللەت ئاتالغۇلىرىنى. ھەتتا ئالىملارمۇ تازا ئېنىق ئايرىيالمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاھالىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمغا: شەرقىي ئىران تىلىدىكى تاجىكلار؛ قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەن قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر؛ رۇسلارنى ئاساس قىلغان سلاۋيانلارغا ئايرىلاتتى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئاھالىنىڭ كۆچۈشى سەۋەبلىك، ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىكى مىللەتلەرلا 130 دىن ئاشتى، ئۆزبېكىستاندىكى مىللەتلەر 129 غا يەتتى، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ ھەم ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**تاجىكلار** ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى مىلادىيەدىن بىرقانچە ئەسىر ئاۋۋال، ياۋروپا، ئاسىيا يايلاقلىرىدىن كەلگەن شەرقىي ئىران تىللىق قەبىلىلەر بولۇپ، بۇ قەبىلىلەر ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئامۇ، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى بەزى جايلاردا ياشىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەشكەندىن كېيىن، تاجىكلارنىڭ بىر قىسمى تۈركلىشىپ كەتكەن، ئەمما كۆپ قىسمى جەنۇبتىكى تاغلىق رايونلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ بىلەن يايلاق تاجىكلار ۋە تاغلىق تاجىكلىرى بارلىققا كەلگەن. ئالدىنقىسى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنكىسى ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى

بىردىنبىر ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت بولۇپ قالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، رۇسىيە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇردى، بۇنىڭ بىلەن تاجىكلار تۇرۇۋاتقان جايلارنىڭ كۆپ قىسمى چار رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى، 1918 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. 1924 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قارىمىقىدا تاجىكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1929 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇ تاجىكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. 1991ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنى تاجىكىستان ئالىي سوۋېتى ئىگىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى ئېلان قىلدى. 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۇ تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تاجىكلار تاجىكىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلاندى.

ئۆزبېكلەر ئۇلارنىڭ مىللەت نامى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى ئۆزبېك خانىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئالتۇن ئوردا خانلىقى زەئىپلەشكەن مەزگىلدە، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلاردىكى مەنبەسى ئوخشاشمىغان تۈرك ـ مۇڭغۇل كۆچمەن قەبىلىلىرى بىردەك «كۆچمەن ئۆزبېكلەر» دەپ ئاتىلاتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بىر قىسىم كۆچمەن ئۆزبېكلەر شەيبانىخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرىپ، شۇ جايدىكى تۈركىي تىللىق ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. 200 يىل بۇرۇنقى يازما ھۆججەتلەردە ئۆزبېكلەرنىڭ 92 قەبىلىسى بار دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىش ۋە بىرىكىش ئارقىلىق

قەبىلىلەر يوقىلىپ، هازىرقى زامان ئۆزبېك مىللىتى شەكىللەنگەن. ئۇلار 16 ـ ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇخارا خانلىقى، خىۋە خانلىقى ۋە قوقەنت خانلىقىنى قۇرغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۈچ خانلىقى چار رۇسىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. 1917 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1918 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە تاشكەنتنى مەركەز قىلغان سوۋېت هاكىمىيىتى، يەنى تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1924 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنى ئۆزبېكىستان ئالىي سوۋېتى مۇستەقىللىق قانۇنىنى ماقۇللىدى ھەمدە رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزبېكلەر ئۆزبېكىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلاندى.

**قازاقلار** قازاق دېگەن نام ئەڭ ئاۋۋال 15 ـ ئەسىردە پەيدا بولغان، ئەينى ۋاقىتتا ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن كېرەيخان بىلەن جانىبېكخان قوشۇننى باشلاپ چۇ ۋە تالاس دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، 1456 ـ يىلى بىرلىككە كەلگەن يايلاق خانلىقى ـــ قازاق خانلىقىنى قۇرغان. قازاق خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن «قازاق» دېگەن سۆز بۇ مىللەتنىڭ رەسمىي نامىغا ئايلانغان. ئەمەلىيەتتە بۇ مىللەت خانلىق قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن. ئۇ ساك، تۈركەش قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرىكمىسىدۇر. 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قازاقلار ۋە ئۇلار تارقالغان جايلاردا قانداش قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك يۈز شەكىللەندى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 30～40 ـ يىللىرى، كىچىك يۈز بىلەن ئوتتۇرا يۈز چاررۇسىيە تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى، 19 ـ

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، پۈتۈن قازاقىستان رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. 1917 ـ يىلى 11ـ ئايدىن 1918 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. 1920 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قىرغىز (رۇسلار قازاقلارنى ئىزچىل تۈردە قىرغىز دەپ ئاتاپ كەلگەن) سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى (رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە تەۋە) قۇرۇلدى. 1924 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەر تېررىتورىيىسىنى ئايرىغاندا، قازاقلار تۇرغان بىر قىسىم جايلارنى قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە ئايرىپ بەردى. 1936 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاللىقاچان قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن قازاقىستان دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولدىھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «ئىگىلىك ھوقۇق» خىتابنامىسىنى ماقۇللىدى. 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالدى. 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلىدى، بۇنىڭ بىلەن قازاق مىللىتى قازاقىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلاندى.

قىرغىزلار ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى قەدىمكى زاماندا يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلاردا ياشىغان قىرغىز، خاككاسلارغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. 7 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى تەڭرىتاغقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە پامىر، پەرغانە، قاراقۇرۇم تاغلىق رايونلىرىغا كۆچكەن. ئارىلىقتا قارلۇق، ئۇيغۇر، نوغاي قاتارلىق خەلقلەرنىڭ بىر قىسمىنى قوشۇۋالغان. تاكى ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ

شەكىللەنگىچە ئۆزئارا قانداش، ئەمما بىرلەشمىگەن 10 نەچچە قەبىلە تەڭرى تېغى، پامىر، كوئېنلۇن تېغى ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن. رۇسىيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قازاقلار ئىلگىرى تۆردە قىرغىز دەپ ئاتالغان، قىرغىزلار بولسا قارا قىرغىز دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلۇپ، قازاقلار ئۆز نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، قىرغىزلارمۇ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 1876- يىلى، قىرغىزلار تۇرۇۋاتقان جايلارنى چار رۇسىيە ئىشغال قىلىۋالدى. 1917 - يىلى 11 - ئايدىن 1918 - يىلى 6 - ئايغىچە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. 1924 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. 1936- يىلى 12- ئاينىڭ 5 - كۈنى قىرغىزىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. 1991 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قىرغىزىستان ئالىي سوۋېتى مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ماقۇللىدى ھەمدە رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلاپ، نامىنى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلاندى.

تۈركمەنلەر ئۆلار 5 - ئەسىردىن كېيىن كاسپىي دېڭىزى بويىغا كەلگەن تۈركلەردىن ۋە 9 - 10 - ئەسىرلەردە كۆچۈپ كەلگەن ئوغۇز (سالجۇق) لاردىن كەلگەن. سالجۇقلار غەربىي ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيانى بويسۇندۇرغان سالجۇق خاندانلىقىنى قۇرغان، بىرقانچە ئەسىر جەريانىدا، تۈركمەنلەرنىڭ ئەجدادلىرى خارەزىم خاندانلىقى، خىۋە خاندانلىقى ۋە بۇخارا خاندانلىقىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئەمما يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق

تۇرمۇشنى ۋە قەبىلىلەر ئايرىمىنـــى ساقلاپ قالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چار رۇسىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ مۇستەملىكىچىلىـــك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان. 1924 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى تۈركمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتـــى قۇرۇلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلاپ، دۆلەت نامىنى تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈركمەن مىللىي تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىدىكـــى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلاندى.

**رۇسلار** رۇسلار تارىخى ئۇزۇن مـــىللەت، لېكـــن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولۇشى ۋە ئەڭ چوڭ كەلگۈندى مىللەتكە ئايلىنىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا چار رۇسىيە تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىن بولغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقـــى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نۇرغۇن تېخنىك ئىشچىلار، قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى، مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچى، دوختۇرلارنى ئەۋەتتى. 1928 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىياغا 1 مىليون 700 مىڭ سلاۋيان كۆچۈپ باردى. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كۆپلىگەن سلاۋيانلار 300 دىن ئارتۇق چوڭ كارخانا بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئاچتى، نۇرغۇنلىغان رۇسلار قازاقىستان قاتارلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىغا كەلدى. 1959 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە 2 مىليون سلاۋيان ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ باردى.

90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سانى 10 مىليونغا يېقىنلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇمىي نوپۇسى بويىچە ھېسابلىغاندا، قازاقىستاندا 40.8% نى، ئۆزبېكىستاندا 10.8% نى، قىرغىزىستاندا 25.9% نى، تاجىكىستاندا 10.4% نى، تۈركمەنىستاندا 12.6% نى ئىگىلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە يەنە تاتار، ئۇيغۇر، چاۋشيەن، تۇڭگان، ئوكرائىن ۋە نېمىس قاتارلىق نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت بار. يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، دۆلەت نامى ئاساسلىق مىللەتنىڭ نامى بويىچە ئاتالغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا، ئۆزبېكىستان بىلەن تۈركمەنىستاندىلا شۇ مىللەت ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ (ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 3 دىن 2 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار رېئال مىللەت مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن مىللىي مەسىلىلەر

يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇرەككەپ مىللىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، بۇنىڭدا ھەم تارىختىن بۇيانقى ئارازلىق، ھەم دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدىكى يېڭى مەسىلىلەر مەۋجۇت، بۇ مەسىلىلەر مەركەزلىك ھالدا ئاساسلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك مەسىلىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

رۇسلار مەسىلىسى ۋە ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەت مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

## *ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر*

بۇ ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىكى چېگرا توقۇنۇشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. 15 ـ ئەسىردە، يېقىنقى زامان قازاق، ئۆزبېك مىللىتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن ئۆز دۆلەتلىرىنى قۇرمىغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، رۇسىيە كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش شەكلى ئارقىلىق مۇستەملىكىلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1924 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىللەت پەرقى ئاساسىدا 5 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت (ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان) ۋە بىر ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت (قارا قالپاق) قۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئاھالىسى كۆپ مىللەتلەر ئۈچۈن مىللىي دۆلەت قۇرۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ خىزمەت، جۇملىدىن مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش خىزمىتى ئەمەلىيەتتە موسكۋادا تۈزۈلگەن پىلان بويىچە قارار قىلىنغان. قارىماققا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاساسلىق 5 مىللەت «ئۆز دۆلىتى» دە كۆپ سانىنى ئىگىلەپ، «ئۆز» دۆلىتىدە ئاساسلىق مىللەتكە ئايلانغان، ئەمما «ئۇنىڭ زېمىنى ۋە بىر قىسىم خەلقى بۇ يەردە قالدىغان، بۇنىڭ زېمىنى ۋە بىر قىسىم خەلقى ئۇ پەردە قالدىغان» بىر ـ بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ھالەتتە قالغان.

يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىي رايونلىرى بۆلۈۋېتىلىپ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى پۈتۈنلەي نەزەرگە ئېلىنمىغان. بۇنىڭ بىلەن جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ چېگرىسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، يەنى موسكۋا 1924 ـ يىلى بېكىتكەن چېگرىنىڭ كۆچكە ئىگە بولماسلىقىغا ئاساس تېپىلغان. مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارىمايلى، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ چېگرىسى بەك يېنىكلىك بىلەن بېكىتىلگەن. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا بۇ جۇمھۇرىيەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى مەمۇرىي رايونى ھېسابلىناتتى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ دۆلەتلەر مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتكە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى چېگرا بۇ دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىغا ئايلىنىپ، ئەسلىدىكى يوشۇرۇن مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى ھەمدە ئۇ ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بۇرۇندىن قالغان چېگرا مەسىلىسى ساقلانماقتا. مەسىلەن:

ئۆزبېكىستان بىلەن قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى سارقاشىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى.

قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئوبلاستى بىلەن قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا، تالدىقورغان ئوبلاستى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسىلىسى.

قازاقىستان بىلەن تۈركمەنىستان ئوتتۇرىسىدىكى ماڭغىشلاق ئوبلاستىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى.

قىرغىزىستان بىلەن ئۆزبېكىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئوش ئوبلاستىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى.

ئۆزبېكىستان بىلەن تاجىكىستان ئوتتۇرىسىدىكى بۇخارا،

سەمەرقەند قاتارلىق جايلارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى

پەرغانە ئويمانلىقىدىكى «ئايرىپ بېرىلگەن جايلار» مەسىلىسى.

بۇ مەسىلىلەر قارىماققا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىدەك قىلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭدا بىرقەدەر تىپىك بولغىنى سەمەرقەند، بۇخارا ماجىراسىدۇر. سەمەرقەند ۋە بۇخارا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس شەھىرىدۇر. سەمەرقەند ۋە بۇخارا رايونىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە تاجىكلار ئۆزبېكلاردىن كۆپ، 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تاجىكلاردىن ئىسمايىل سامانى غەربتە كاسپىي دېڭىزدىن شەرقتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلاردا، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىراننىڭ شەرقىي شىمال قىسمى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغىچە بولغان جايلاردا فېئودال سامانىلار خاندانلىقىنى قۇرۇپ، بۇخارانى پايتەخت، سەمەرقەند بىلەن ھېراتنى قوشۇمچە پايتەخت قىلغان. 1924 - يىلى چېگرا ئايرىغاندا، سەمەرقەند، بۇخارا ۋە باشقا رايونلار ئۆزبېكىستانغا ئايرىپ بېرىلگەن. ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ھالقىغان مىللەت بولۇپ، ئۇلار ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە جايلاشقان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە ئافغانىستاندا 71%، 23.5% ۋە 19%نى؛ تاجىكلار نوپۇسى 5%، 62.3% ۋە 25%نى ئىگىلەيدۇ. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل تۈردە ئارازلىق بولۇپ كەلدى. 1924 - يىلى مىللىي دۆلەتلەرنى ئايرىش ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رېئال زىددىيەتلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئۆزبېكىستانغا ئايرىپ بېرىلىپ، تەۋەلىكى مۇقىملىشىپ قالدى. تاجىكىستان ئىتتىپاق پارچىلىنىشتىن بۇرۇنلا تارىختىكى كونا ھېسابنى كۆتۈرۈپ چىققان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، «مۇقەددەس جاينى قايتۇرۇۋېلىش» شوئارى تاجىكلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. بۇ شوئارنى 80 ـ يىللاردا ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىدا تاجاۋۇزچى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلغان تاجىك گېنېرال مەسئۇد ئوتتۇرىغا قويغان. 1992 ـ يىلى مەسئۇد كابۇلنى ئىگىلىگەندە: «مەن 2000 ـ يىلى تۇنجى جۇمە نامىزىنى سەمەرقەندتە ئوقۇيمەن» دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «مۇقەددەس شەھەر» ماجىراسى تاجىكىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل بولۇپ، تاجىكلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يوشۇرۇن ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، پەرغانە رايونىدىكى «ئايرىپ بېرىلگەن جايلار» مەسىلىسىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، پەرغانە رايونىدا 10 نەچچە مىللەت ياشاپ كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى ئۆزبېك، قىرغىز ۋە تاجىكلاردۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «مىللەت ئايرىمىسى» غا ئاساسەن مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشىغا قاراپ، ھەرقايسى ئاساسلىق مىللەتلەرگە جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ بەرگەندە پەرغانە رايونى 3 جۇمھۇرىيەتكە ئايرىپ بېرىلگەن. بۇنداق ئايرىشتا تەبىئىي جۇغراپىيىلىك چېگرا پۈتۈنلەي نەزەرگە ئېلىنمىغان ھەمدە ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر چېگرا ھالقىغان مىللەت قىلىپ قويۇلغان. بۇ يەردىكى ئەڭ چاتاق مەسىلە شۇكى، بۇ جايدا ئۈچ «ئايرىپ بېرىلگەن جاي» بار. ئۇنىڭ بىرى پەرغانىنىڭ جەنۇبىي تاغلىق رايونىدىكى

ئەسلىدە تاجىكىستانغا مەنسۇپ بولسىمۇ، قىرغىزىستانغا ئايرىپ بېرىلگەن ئۇلۇغ دېگەن جاي. بۇجايدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە، بۇ جاي ناھايىتى تېزلا ئىسلامنى قايتا گۈللەندۈرۈش كۈچلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ توپلىشىدىغان جايىغا ئايلاندى. 1999 ـ يىلدىن باشلاپ، «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ( IMU ) تالىبانلارنى ئارقا تېرەك قىلىپ، تاجىكىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمەت كونترول قىلالمايدىغان تاغلىق رايوندا ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق بازا قۇرۇپ، پەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئۈچ دۆلەت چېگراسى تۇتاشقان جايدا قوراللىق پاراكەندىچىلىك، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تېررورچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچ دۆلەت چېگرا رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، ھەرىكەتنى ياخشى ماسلاشتۇرالمىدى، نەتىجىدە تېررورچىلار ھەمىشە ئۈچ دۆلەت چېگرا رايونىدا خالىغانچە كېلىپ، كېتىپ يۈردى. IMU نىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى ئۆزبېكىستان بولۇپ، ئۇلار ئۆزبېكىستاندا پاراكەنچىلىك قىلىپ بولۇپلا قېچىپ كېتىش تاكتىكىسىنى قوللانماقتا. قىرغىزىستان بىلەن تاجىكىستاننىڭ تۇزۇكرەك مۇداپىئە ئىقتىدارى بولمىغاچقا، خۇددى ئۆزبېكىستان ئەيىبلىگەندەك، ئۇلار ئۆز زېمىنىدا تېررورچىلارنى ئەركىن پائالىيەت قىلىشقا قويۇۋەتكەندەك قىلىدۇ. ئۆزبېكىستان ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت دەپ بىلىدۇ، شۇڭا تېررورچىلارنىڭ پەرغانە رايونىدىكى پاراكەندىچىلىكلىرىگە تاقىتى تاق بولۇپ، بارغانسېرى يۇرەكلىك ھەرىكەت قوللىنىدىغان بولدى. IMU غا زەربە بېرىش ئۈچۈن، ھەربىي تىك ئۇچار ئايروپىلاننى بىۋاسىتە قىرغىزىستان ھاۋا

تەۋەلىكىگە كىرگۈزەلەيدىغان بولدى. 2001- يىلىنىڭ بېشىدىن 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە، ئۆزبېكىستان زۇڭلىسى بىلەن قىرغىزىستان زۇڭلىسى بىر يەر ئالماشتۇرۇش مەخپىي كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە سوخ ئەتراپىدىكى قىرغىزىستاننىڭ يېرى ئۆزبېكىستاننىڭ بىر كىچىك يېرى بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. IMU تېررورچىلىرى ئىزچىل تۇردە بۇ جايدىن پايدىلىنىپ ئۆزبېكىستانغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەچكە، ئۆزبېكىستان بۇنىڭدىن بەك رازى بولدى. ئەمما، بۇ كېلىشىمنى قىرغىزىستان پارلامېنتى تەستىقلىماي، ئۇ شۇ جايدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ كېتىپ، ھۆكۈمەت پارلامېنت ئەزالىرى ۋە جامائەتنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچىردى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ مەخپىي كېلىشىم ۋۇجۇتقا چىقمىدى. ئۆزبېكىستان تېررورچىلارنى تازىلاش ئۇچۇن پۈتۈن پەرغانە رايونىنى كونترول قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن قىرغىزىستان بىلەن تاجىكىستان ئۆزبېكىستان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، زېمىننى كېڭەيتمەكچى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلماقچى، بۇ چوڭ ئۆزبېكچىلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىماقتا.

### *ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك مەسىلىسى*

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىللىققە ئېرىشتى. بۇنىڭغا مۇناسىپ چوڭ ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، ئاساسلىق مىللەتلەر ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن مىللەتچىلىكمۇ ئەۋج ئالدى، كېڭەيدى. ئاساسلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مىللەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى مەلۇم

دەرىجىدە رىغبەتلەندۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا شۇ دۆلەتتىكى ئاساسلىق مىللەتنىڭ تىلى دۆلەت تىلى دەپ بەلگىلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئەۋج ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ، ھەتتا كوچا ناملىرى تارىختىكى كونا ناملارغا ئۆزگەرتىلدى ياكى ئۇلارغا شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ ئادىتى بويىچە يېڭىدىن نام بېرىلدى. كادىرلارنى سەپلەش، ئىشلىتىش جەھەتتە ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەندى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، دۆلەت تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن كىشىنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىش سالاھىيىتى بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە ئاساسلىق مىللەتنىڭ تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتىش، كادىرلارنى ئاساسلىق مىللەتتىن تاللاپ ئىشلىتىش يۈزلىنىشى كۆرۈنەرلىك بولماقتا.

قازاقىستان 1992 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، 1 - قېتىملىق دۇنيا قازاقلار قۇرۇلتىيى ئالمۇتادا چاقىرىلدى، نازاربايېف يىغىندا بەرگەن دوكلاتىدا دۇنيادىكى 40 نەچچە دۆلەتتە تۇرۇۋاتقان 3 مىليون 500 مىڭغا يېقىن قازاقنى «يۇرت»ىغا قايتىشقا چاقىردى. 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، 2 - قېتىملىق دۇنيا قازاقلار قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا نازاربايېف دۇنيا قازاقلار قۇرۇلتىيىنى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورگىنى دەپ جاكارلاش بىلەن بىللە، چەت ئەللەردىكى قازاقلارغا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ پۇقرالىق كىنىشكىسى بېرىلىدۇ، دېگەن پەرمانىنى جاكارلىدى. «يۇرتقا قايتىش» ھەرىكىتى بىر ئالاھىدە سىياسىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قازاقلارنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى ۋە باشقا

مىللەتلەردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئورنىنى قايتا تىكلەشنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. نازاربايېف ئۇچۇن ئېيتقاندا، قازاقلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش زۆڭتۇگىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھۆكۈمەت بىرقاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قازاقلارنىڭ مىللەت ئېڭىنى ئاشۇرۇپ، قازاقلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۇردى. بۇ قازاقلارنى قايتا گۈللەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى. لېكىن، چەكتىن ئاشقان سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەشۋىقاتى تار مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىۋەتتى، نەتىجىدە قازاقىستاندا قازاقلار «ئەزىز مىللەت» (титулЬнаянадия) دەيدىغان قاراش پەيدا بولدى. باشقا مىلەتلەر بولسا «ئەزىز مىللەت» ئىلگىرىكى «ئاكا مىللەت» نىڭ ئورنىنى ئالدى. دەپ قارىدى.

**ئۆزبېكىستان** ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت، مىللەت تەركىبى بىر قەدەر ئاز جۇمھۇرىيەت، 1989 ـ يىلى 20 ـ ئايدا ئۆزبېكىستان ئۆزبېك تىلىنى تىلى دەپ جاكارلىدى. ئۆزبېكىستان مىللىي دۆلەت قۇرۇش داۋامىدا ئۆزگىچە مەدەنىيەت مىللەتچىلىكىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى شۇكى، ھازىرقى ئۆزبېكىستاندا ئۆتكەن بارلىق مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ئۆزبېك دەپ قارالدى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، كەرىموف پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەمىر تۆمۈر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 660 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتىنى بالدۇرراق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. كېيىن، تاشكەنتتە ئەمىر تۆمۈر خاتىرە مۇنارىسى ۋە مۇزېيىنى ياساتتى. 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تاشكەنت ۋە بۇخارادا ئۇلۇغبېك تۇغۇلغانلىقىنىڭ 600 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 1994 ـ يىلى10ـ ئايدا ئۆزبېكىستان مەركىزىي بانكىسى ئۇلۇغبېكنىڭ باش سۈرىتى بېسىلغان بىرسوملۇق تەڭگە تارقاتتى.

ئۆزبېكىستان تارىخىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئۆزبېكلەرنىڭ مىللەت ئالاھىدىلىكىنى قايتا يارىتىپ، مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ مىللەتنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى ئاشۇرماقچى بولدى.

ھازىر ئۆزبېكلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ مەدەنىي مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

قىرغىزىستان 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قىرغىزىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى «تىل قانۇنى» نى ماقۇللىدى. 1993 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ماقۇللانغان قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا قىرغىز تىلى دۆلەت تىلى دەپ بەلگىلەندى، بۇنىڭ بىلەن قىرغىزلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى، قىرغىزلار ئالدى بىلەن پايتەختنىڭ تارىختىكى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قىرغىزىستان پارلامېنتى قارار ماقۇللاپ، فرونزى شەھىرىنىڭ «بىشكەك» دېگەن تارىخىي نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قىرغىزىستانمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش كادىرلارنى ئاساسلىق مىللەتتىن ئىشلىتىشنى يولغا قويدى.

1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىشكەك شەھىرىدە دۇنيا قىرغىزلار قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. زۇڭتۇڭ ئاقايېف نۇتۇق سۆزلەپ: «تارىختىكى نۇرغۇن بەختسىز ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن، قىرغىزلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىپ، ئاخىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىچىك مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، ئەڭ ئۆكۈنەرلىكىمىز شۇكى، ئۇلۇغ قىرغىز خانلىقى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغاندىن كېيىنكى 1000 يىل ئىچىدە بىرەر مۇستەقىل دۆلەت قۇرالمىدۇق…»[①] دېدى. قىرغىزىستان چەت ئەللەردىكى

---

① «ئەسقەر ئاقايېف»، بىشكەك، 1993 ـ يىل نەشرى، 137 ـ بەت.

قىرغىزلارنى قازاقىستاندەك يۇرتقا قايتىپ كېلىشكە چاقىرمىغان بولسىمۇ، لېكىن چېگرا سىرتىدىكى قىرغىزلارغا خېلىلا كۆڭۈل بۆلدى. خىراجەت قىس بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قىرغىزىستانمۇ دۇنيا قىرغىزلار قۇرۇلتىيىنى داۋاملىق ئېچىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ.①

ئاقايېف: «ئۇلۇغ داستان 〈ماناس〉 تا ئېيتىلغىنىدەك، نۇرغۇن كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قەبىلىلىرى قەھرىمان ماناسنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان، بۇنىڭ بىلەن قىرغىز مىللىتى شەكىللەنگەن»② دېگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا پايتەختتىكى ئالاتوۋ مەيدانىغا مىللىي قەھرىمان ماناسنىڭ ئاتلىق ھەيكىلى ياسالغان. پايتەخت ئايرودرومىغىمۇ ماناسنىڭ نامى بېرىلگەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1995 - يىلىنى «ماناس» داستانى ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىلى قىلىپ بېكىتتى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى داغدۇغىلۇق خاتىرىلەش ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.

ئوش دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى قۇرمانالى مەتكىبېف ئۆزىنىڭ «ماناس دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن مەخسۇس ئەسىرىدە ماناس ھەقىقىي تارىخىي شەخس دەپ قارىغان. قىرغىزىستانلىق داڭلىق كومپوزىتور مۇراتبېك بېگلىيېف: «〈ماناس〉 قىرغىزىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋە روھىي بىرلىكىنىڭ سىمۋولى»③ دېگەن. بۇنىڭدىن قىرغىزلارنىڭ «ماناس» دىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قىرغىزىستاننىڭ مىللەتچىلىكنى ئەۋج ئالدۇرۇشى

---

①[قىرغىزىستان] قازات ئەخمەتوف: «قىرغىزىستاننىڭ مىڭ بىر كېچىسى»، بىشكەك، 1998 - يىل نەشرى، 225 - بەت

② ئالمۇتا خەلقئارا ھەپتىلىك ژۇرنىلى —— «ئاسىيا گېزىتى» نىڭ 1994- يىل 4 - سانى.

③[قىرغىزىستان] «ئاسىيا گېزىتى»، 1994- يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

مىللەتنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئورتاقلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. قىرغىزىستان ھازىر «ماناس» داستانىنى خاتىرىلەش، تەشۋىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت بىناسىنى قۇرۇپ، چەت ئەللەردىكى تېخىمۇ كۆپ قىرغىزلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، «دۇنيا قىرغىزلار مەركىزى» گە ئايلىنىشقا تىرىشماقتا.

دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرىنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى. 1993 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، نىيازوف مەشھۇر تۈركمەن شائىر مۇتەپەككۇر، مەختۇم قۇلى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 260 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىدا تۈركمەنىستاندىكى بارلىق خەلقنى مەختۇم قۇلىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنىپ، ئىقتىدارى ۋە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، 〈10 يىل تىنچ ئۆتۈش〉 فاكجېنى ۋە مىللەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى»① نى جان - دىلى بىلەن ھىمايە قىلىشقا چاقىردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، قازاقىستان قازاقلارنىڭ داڭلىق شائىرى، مۇتەپەككۇر ئاباي قۇنانباي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر بولسىمۇ، ئاساسلىق مىللەتلەردە رۇسلارغا قارىتا ھەم نەپرەتلىنىش، ھەم مىننەتدار بولۇشتەك مۇرەككەپ روھىي ھالەت ساقلانماقتا، شۇڭا مىللەتچىلەرنىڭ كۆپ ساندىكى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشى تەسكە چۈشىدۇ. مىللەتچىلەرنىڭ

---

① س. ئا. نىيازوف: «بىتەرەپ تۈرغانلىلا مەڭگۈ تىنچ ئۆتكىلى بولىدۇ»، خەنزۇچە نەشرى 92 - بەت، شەرق نەشرىياتى، 1996 - يىل 9 - ئاي.

ئەڭ بېشى قاتىدىغان مەسىلە شۇكى، ھەربىر دۆلەتتە نەچچە ئون ئاز سانلىق مىللەت بار، ئۇلار ئۆز دۆلىتىنى ئاساسلىق مىللەتنىڭ ماكانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ياكى كۆپ مىللەتنىڭ چوڭ ئائىلىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتەك توپ مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇسلار مەسىلىسى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ قازاقىستاندا رۇسلار بەك كۆپ. ئۇلار چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ياۋروپادىن كەلگەن كۆچمەنلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا جەمئىي 10 مىليوندىن ئارتۇق رۇس بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىكى رۇسلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 6 مىليوندىن ئاشىدۇ، نوپۇسى ئاساسلىق مىللەت قازاقلارغا يېقىنلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆزبېكىستاندا كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 1 مىليون 800 مىڭغا يېتىدۇ. قىرغىزىستاندىكى رۇسلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، 900 مىڭغا يېقىنلىشىدۇ، جۇمھۇرىيەت نوپۇسىنىڭ 12.3% نى ئىگىلەيدۇ. قالغانلىرى تاجىكىستان بىلەن تۈركمەنىستانغا جايلاشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇسلار چاررۇسىيە دەۋرىدە ھۆكۈمران مىللەت بولغاچقا، ناھايىتى يۇقىرى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە «1 ـ مىللەت» ۋە «ئاكا مىللەت» بولۇپ، باشقا مىللەتلەردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇردى، يەنە كېلىپ چوڭ رۇسچىلىق ئەزەلدىن ئەستايىدىل تازىلانمىدى، يوقىتىلمىدى. شۇڭا، شۇ جايلاردىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ئارىسىدا رۇسلارغا قارىتا بىرخىل نارازىلىق كەيپىياتى ساقلىنىپ كەلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «ئاكا مىللەت» دەپ بىلىدىغان رۇسلار ھەش - پەش دېگۈچە ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل ئورنىنى يوقىتىپ، روھىي ۋە سىياسىي جەھەتتە «چەت ئەل» ئاھالىسىگە، يەنى ئاتالمىش «كەلگۈندى ئاھالەگە» . ھەتتا «2 - دەرىجىلىك پۇقرا» غا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ، جەمئىيەتتە رۇسلارنى چەتكە قېقىش كەيپىياتى قاتتىق ئەۋج ئېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەر بىلەن رۇسلارنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ، ئۆزئارا قارشىلىق پەيدا بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇسلار «قوش دۆلەت تەۋەلىكى» گە (يەنى بىرلا ۋاقىتتا رۇسىيىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە) ئېرىشىش ۋە تىلىنى 2 - دۆلەت تىلى قىلىش (يەنى رۇس تىلىنى 2 - دۆلەت تىلى قىلىش) تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىر تەرەپتىن، رۇسلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل ئورنىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدەك غەم - ئەندىشىسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكىگە بولغان ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. «قوش دۆلەت تەۋەلىكى» رۇسلارنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىشلىق بولغاچقا، ئۇ مۇقەررەر ھالدا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرى بىلەن مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قازاقىستاننىڭ رۇسلارغا «قوش دۆلەت تەۋەلىكى» بېرىشنى رەت قىلىش بىلەن چېگرا سىرتىدىكى قازاقلارغا دۆلەت تەۋەلىكى بېرىشمۇ مەسىلە پەيدا قىلىدۇ. دۆلەت تىلىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى ماجىرالارمۇ تىل مەسىلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇۋېتىدۇ①.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى 20 ئوبلاست ۋە بىۋاسىتە

---

① بۇ مەسىلە توغرىسىدا كىتابىتىكى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇسلار بىلەن ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ماقالىدە خېلى تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن»

قاراشلىق شەھەر ئىچىدە رۇسلار شىمال، شەرق ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى 7 ئوبلاست، 1 شەھەر (كونا پايتەخت ئالمۇتا) دە كۆپ سانلىق ئىگىلەيدۇ. 1992 - يىلدىكى ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، رۇسلار ئالمۇتا شەھىرىدە 68% نى، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا 64.8% نى، شىمالىي قازاقىستان ئوبلاستىدا 61.8% نى ئىگىلىگەن. بەزىلەر ھەمىشە رۇسلار نىسبەتەن مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللەتلەرگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىشنى، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلغان فېدېراتسىيە قۇرۇشنى، ھەتتا شىمالدىكى بىرقانچە ئوبلاستنى رۇسىيىگە ئايرىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇنداقلار كۆپ ئەمەس، ھەم تەسىرىمۇ چوڭ ئەمەس، ئەمما ئۇ باشتىن - ئاخىر بىر مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە.

### *ئاساسلىق مىللەتلەر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى*

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، ھەم كۆپ قېتىملىق كۆچۈش، قوشۇلۇش، ھەم ئۇزلۇكسىز توقۇنۇش بولۇپ تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەسلەپتە ھەربىر ئوخشىمىغان مىللەت ئۈچۈن ساپ مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى. ئەمما، بۇ جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، نەتىجىدە ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر يەنىلا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئاساسلىق مىللەتلەر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، بۇ يەردە ئۆزبېكىستاندىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان ئۆزبېكلەر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى، ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى نوپۇس ئەڭ كۆپ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئەڭ كۆپ چېگرىلىنىدىغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ چېگرىسى ئوخشىمىغان مىللەتلەر تۇرۇۋاتقان جايلاردىن كېسىپ ئۆتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن مىللىي مالىمانچىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆزبېكلەرنىڭ قولى بار. باشقا مالىمانچىلىقلاردىمۇ ئۆزبېكلەر بار. بۇ ئاساسەن ئۆزبېكلەرنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە چوڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى بۇ خىل چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ يامراپ كېتىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. كۆپلىگەن باشقا مىللەتلەر ئۆزبېكلەردە مىللەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىدىن بەك قورقماقتا ۋە ئەنسىرىمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بەزى تەدبىرلەر باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا ۋە مىللىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزدى. مەسىلەن، قازاقىستاندا جەنۇبىي قىسمىدىكى ئالىي مەكتەپلەر قازاقلارنى قوبۇلقىلىش نىسبىتىنى 80% تىن ئاشۇرۇۋەتكەچكە، باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشى قىيىنلاشتى. تاجىكىستاندا شىمالىي قىسىمدا 1 مىليوندەك ئۆزبېك بولسىمۇ، رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا يەنىلا تاجىكلار تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، تاجىكىستان ئارمىيىسىدىكى ئۆزبېكلەر قوماندانلىققا بويسۇنماي تۇرۇۋالدى. تاجىكىستاننىڭ خوجەند ئوبلاستىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ

بارغانسېرى كۈچەيدى[1] ، بۇنىڭدىن باشقا، 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆزبېكىستان بىلەن چېگرىداش بولغان، ئۆزبېكلەر كۆپ سانلىق ئىگىلەيدىغان لېنىنئابات ئوبلاستىدا تاجىك ئۆكتىچىلەر گۇرۇھى بىلەن ئۇزبېكلار بىرلىكتە تاجىكىستان ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىنكى تەسىرى ئەڭ زور بىر قېتىملىق قوراللىق توپىلاڭنى قوزغىدى. تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئېيتىشىچە، توپىلاڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزبېك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزبېكىستانلىق ئۆزبېكلەر بىلەن ئافغانىستانلىق ئۆزبېكلەر بار ئىكەن، ئۇلار تاجىكىستاندىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر (يەنى ئۆزبېك) نىڭ كەلگۈسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە %40 ئورۇننى ئىگىلىشىنى ئوچۇق تەلەپ قىلغان.[2]

قىرغىزىستاندىمۇ ئاساسلىق مىللەت بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىي. قىرغىزىستان مۇستەقىل بولۇش ھارپىسىدا ۋە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا، ئوش ئوبلاستىدىكى قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى، شۇڭا ئوش «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بېيرۇت» دەپ ئاتىلىپ، ئوش ۋەقەسى ئوتتۇرا ئاسىيادا زور تەسىر قوزغىدى.

ئوش ئوبلاستى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. كۆلىمى 67 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئوبلاستىنىڭ 1994 ـ يىلىدىكىنوپۇسى 1 مىليون 648 مىڭ بولۇپ، ئاساسلىق مىللەتلەردىن قىرغىز،

---

[1] سۇن جۋاڭجى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى بىرقانچە يېڭى يۈزلىنىش» ، «شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ، 1995ـ يىللىق 5 ـ سان.

[2] دىلمۇرات، غەيرەت، مەردان: «ئۆزبېكىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە» ، «ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» (1999 ـ يىل) .

ئۆزبېك، رۇس، ئوكرائىن ۋەتاجىكلار بار. 1993 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قىرغىزلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %61.2 نى، ئۆزبېكلەر %27.6نى ئىگىلىگەن① . خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئوش ئوبلاستىدىكى مىللەت توقۇنۇشى قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆي سالىدىغان يەرنى تالىشىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغانىكەن.

ئوش ۋەقەسى توپتوغرا بىر ھەپتە داۋاملاشقان (1990 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە) بولۇپ، قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ قانلىق توقۇنۇشىدا ئىنتايىن چوڭ زىيان بولغان ۋە نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن، يارىلانغان. ئەخمەد راشىد «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قايتا گۈللىنىشى» (1994 ـ يىل) دېگەن كىتابىدا: «بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقتا بىرقانچە ساقچىخانا كۆيدۈرۈۋېتىلدى، نەچچە مىڭ ئۆزبېك پاناھلىق ئىزدەپ ئۆزبېكىستانغا كەتتى. ئوش شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۆز كەنت بازىرىدىكى قالايمىقانچىلىق ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ 4 دىن 3 قىسمى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. قىرغىزلار ئىشلىگەن سىنئالغۇ لىنتىسىدا ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن كانارغا ئېسىپ قويۇلغان كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭمۇ شۇنداق قىلغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىككىلا تەرەپ كىشىنى چۆچۈتىدىغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتكەن. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۆلگەن ئادەم سانى 200 گە يەتكەن، باشقا تەرەپلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ئۆلگەن ئادەم سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتكەن» دەپ يازغان.

ئوش ۋەقەسى قىرغىزلار ۋە ئۆزبېكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئېچىنىشلىق تراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ

① دىلمۇرات، غەيرەت، مەردان: «ئۆزبېكىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، «ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» (1999 ـ يىل).

چىقىشىغا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش سەۋەب بولغان، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋىتىگە مەڭگۈلۈك قارا سايە تاشلىدى. شۇڭا، قىرغىزلار ئوش مەسىلىسى پۈتۈن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كىچىك ئىنكاسى بولۇپ قالسا مەيلىتتىغۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشماقتا. ئىگىلىنىشچە، مالىمانچىلىق پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئوش ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلار ئايرىلىپ ياشايدىغان شەھەر بولۇپ قالغان. ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا مەكتەپ، مەسچىت، دۇكان ۋە مەيخانىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئارىلاشمايدىغان بولغان. مىڭلىغان ئۆزبېكلەر كەمىستىلگەنلىكتىن ئۆزبېكىستانغا قايتىشقا باشلىغان. ئوش ۋەقەسى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىش ھارپىسىدا يۈز بەرگەن، ئاز ئۇچرايدىغان ۋەقە بولسىمۇ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا - دۆلەتلىرىدىكى ئاساسلىق مىللەتلەر بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ زىددىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئاساسلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى قەبىلىۋازلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك مەسىلىسى

ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر قەبىلىۋازلىقتا ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىگىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاق، قىرغىز، تۈركمەن قاتارلىق مىللەتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قەبىلە پاترىئارخاللىق تۈزۈمى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بۇ مىللەتلەر تېز زامانىۋىلاشقان بولسىمۇ، قەبىلىۋازلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قەبىلىۋازلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك

ئىدىيىسى مەلۇم دەرىجىدە كۆچىيىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. قەبىلىۋازلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك ھازىر بىر يوشۇرۇن ئىناقسىزلىق ئامىلى بولۇپ قالدى.

قازاقلار ئۈچ يۈز (چوڭ يۈز، ئوتتۇرا يۈز، كىچىك يۈز) دىن تەركىب تاپقان. يۈز دېگەن سۆزنىڭ 100 دېگەن مەنىسى بولسىمۇ، لېكىن قازاقچىدا «قىسىم»، «جاي» دېگەن مەنىسىمۇقازاقلاردا قەبىلە قارىشى ئىزچىل تۈگىتىلمىگەن بولۇپ، قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قەبىلە قارىشى جانلىنىشقا باشلىدى ھەمدە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى، نازاربايېف چوڭ يۈزدىن، 1 - مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئېرىك ئاسانبايېف ئوتتۇرا يۈزدىن، تۇنجى زۇڭلى كىچىك يۈزدىن چىققان. قازاقلارنىڭ قەبىلە قارىشى پەقەت شۇلاردىلا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشى تەس، ئەگەر چوڭ يۈز قەبىلىسى ئارىسىدا تۇغۇلغان قازاق بىرقەدەر مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەنسە، ئۇ چوڭ يۈز قەبىلىسىدە تۇغۇلغان بارلىق كىشى ئۈچۈن مەيلى ماددىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولسۇن غەلىبە قىلغانلىق، مەنپەئەت يېتىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «نازاربايېف كۆپلىگەن ئوخشىمىغان سىياسىي گۇرۇھلار بىلەن بىرلەشكەن» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي رەقىبى يوق دېيىشكە بولمايدىكەن. 1991 - يىلى ئالاش پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ھەسەن كازاكمىتوف زۇڭتۇڭ سايلىمىدا نازاربايېفقا قارشى تۇرغان. 1991 - يىلى 10 - ئايدا، ئالاش پارتىيىسى ئالمۇتادا 1 - قېتىم قۇرۇلتاي ئۆتكۈزگەن. بىر قېتىم ھۆكۈمەتكە قارشى كىچىك كۆلەملىك نامايىش ئۇيۇشتۇرغان. نەتىجىدە، ئالاش پارتىيىسىنىڭ بىرنەچچە ئەزاسى زۇڭتۇڭغا ھاقارەت قىلدى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان.

1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، نازاربايېۋ يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. قازاقلار ئۇنى ھازىر بىردىنبىر نىجات يۇلتۇزى دەپ قارايدۇ.

قىرغىزىستاندا، قەبىلە مەسىلىسى بىر نازۇك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. زۇڭتۇڭ ئاقايېۋ شىمالدىكى چۇ دەرياسى ئوبلاستىنىڭ كەمىن رايونىدا تۇغۇلغان بولۇپ، سارباغىش قەبىلىسىدىن چىققان. زۇڭلى ئىسانوف جەنۇبتىكى ئوشتا، 2ـ نۆۋەتلىك زۇڭلى چىڭغىشوف جەنۇبتىكى نارىندا، 3 ـ نۆۋەتلىك زۇڭلى جۇماغۇلۇف جەنۇبتىكى ئوشتا تۇغۇلغان، 4 ـ نۆۋەتلىك زۇڭلى رومالىيېفمۇ جەنۇبتىكى ئوش دېگەن جايدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاقايېفتا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدا ئىزچىل تۈردە يەرلىك بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. جەنۇبلۇقلار زۇڭتۇڭ باشچىلىقىدىكى شىماللىقلار دۆلەتنىڭ بارلىق مۇھىم ھاكىمىيەت تارماقلىرىنى ئىگىلەپ كەلدى، ئەمما بىز ئۇنىڭ سىرتىدا قالدۇق، جەنۇبنىڭ نوپۇسى كۆپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، جەنۇبتىكى بىرەيلەن زۇڭلى بولۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك. دەپ قارايدۇ. 5 ـ نۆۋەتلىك زۇڭلى ئىبراھىموف شىمالدىكى چۇ دەرياسى ئوبلاستىدا تۇغۇلغان، 6 ـ نۆۋەتلىك زۇڭلى مۇرالىيېف جەنۇبتىكى ئوش ئوبلاستىدىن بولۇپ، 1999 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. 7 ـ نۆۋەتلىك زۇڭلى باجىيېف 2002ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جالالئاباد ئوبلاستىدىكى ساقچىلار نامايىشچى ئاممىنى باستۇرغان ۋەقەگە جاۋابكار بولۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى ئىستېپا بەرگەن.

ئەمەلىيەتتە، قىرغىزىستاندىكى قەبىلە مەسىلىسى دائىم يەرلىك قەبىلىۋازلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. قىرغىزىستان مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن دۆلەت بايرىقىنىڭ

نۇسخىسىنى تاللاش ۋە رەڭگىنى بېكىتىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلدى، بىر قىسىم شىماللىق قىرغىزلار قىرغىزىستاننىڭ ھازىرقى قىزىل رەڭلىك بايرىقىنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار: «بۇ قىرغىزلارغا خاس رەڭ ئەمەس، بىز قىزىل بايراقنى كۆپ كۆرۈپ بىزار بولۇپ كەتتۇق» دەيدۇ. قازاد ئاخماق قاتارلىق شىماللىق قىرغىزلارنىڭ ۋەكىلى قىرغىزلار ھازىر ئۆز مىللىتىنىڭ تارىختىكى كۆك رەڭلىك بايرىقىنى ئىشلىتىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. يازغۇچى تولىگەن قاسىمبېكوف قاتارلىق جەنۇبلۇق قىرغىزلار ۋەكىللىرى كۆك رەڭ شۇملۇقنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. جەنۇبلۇق قىرغىزلار ئىچىدىكى بەزىلەر يەنە شىماللىق قىرغىزلار تاش يۈرەكلىك قىلىپ بىزنى ئېزىۋاتىدۇ، زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ ھەممىسى بىشكەكنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. جەنۇبلۇقلار ئىزچىل تۈردە شىماللىقلارنى خام ئەشيا، ماتېرىيال تەمىنلەپ كەلدى، جەنۇبلۇقلار ئەمەلدار بولالمىدى، شىماللىقلار چەت ئەلدىن كىرگەن مەبلەغدىن بىر تىيىننىمۇ جەنۇبقا بەرمىدى دەيدۇ. 1995 ـ يىلى جەنۇبلۇق چولبېك بايزاكوف ئاشكارا ھالدا: «مەن ھازىرمۇ كومپارتىيە ئەزاسى، بىزنىڭ بىردىنبىر. چىقىش يولىمىز رۇسىيە بىلەن بىرلىشىش» دېگەن. ئوشلۇق قىرغىز بوستونباييېف: «ھازىر بىشكەك جەنۇبىي رايونلارغا ياردەم قىلمىدى، شۇڭا بىز ئوش ئۆز ئالدىمىزغا ئىدارە قىلىشىمىز كېرەك»① دېگەن.

جەنۇبتىكى قىرغىزلار ئېدىغىنا ۋە موڭغۇش قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان. نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان تاجىك ۋە ئۆزبېكلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ئۇلار چارۋىچىلىقلا ئەمەس، تېرىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ تەقۋادار

---

① «قىرغىز مەدەنىيەت گېزىتى»، 1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى.

مۇسۇلمانلاردىن. شىمالدىكى قىرغىزلار پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارغا يات تەسىر ۋە ئىزنانى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، جەنۇبىي سىبىردىكى مىللەتلەرگە يېقىنلىشىدۇ. جەنۇبتىكى پەرغانە ۋە ئالاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان قىرغىزلار چۇ دەرياسى، ئىسسىق كۆل ۋە تالاس رايونى ئەتراپىدا ياشايدىغان قىرغىزلارغا قارىغاندا بەكرەك ئىسلاملاشقان. شىمالدىكى چۇ دەرياسى جىلغىسى قىرغىزىستاندىكى ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان رايون. جەنۇبتىكى پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىقتىسادى ۋە تۇرمۇش شەكلى، سىياسىي مۇھىتى شىمالىي رايونلارغا ئوخشىمايدۇ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردىن قارىغاندا، جەنۇب شىمالنىڭ ئارقىسىدا قالغان بولۇپ، پەرق بارغانسېرى چوڭايغان، جەنۇبنىڭ ئىسلاھات سۈرئىتى شىمالدىن خېلىلا ئاستا بولغان① . بىشكەك هازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەركىزى جەنۇبتىكى ئوش بولسا، چەت ئەل كارخانىلىرى ئىنتايىن ئاز ۋە كۈچلۈك ئۆزبېك تۇسىنى ئالغان جاي. بۇ ئىككى شەھەر ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات ئىستىقبالى — «زامانىۋىلىشىش» بىلەن «كونىلىققا قايتىش»② نى نامايان قىلىدۇ. جەنۇبلۇقلار قوشنا مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئىسلام دۇنياسى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ بىشكەك ۋەكىللىكىدىكى شىمالىلىقلار بولسا رۇسىيە ۋە قازاقىستان بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگو، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى جانلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

---

① [رۇسىيە] «مۇستەقىللىق گېزىتى»، 1993 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.
② يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

تاجىكىستاندىكى توقۇنۇش ئاساسلىقــــى رايونلاردىكـــى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشىدۇر. تاجىكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشــدا ئاساسەن قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇھ پەيدا بولدى: بىرى، كومپارتىيە ۋەكىللىكىدىكىلەر؛ يەنە بىرى، ئىسلام تەرەققىيات پارتىيىسى ۋە مىللەت پارتىيىسى ۋەكىللىكىدىكىلەر. ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈچى تەڭ بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەڭ قىلىپ ئىجتىمائىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى. ھەربىي جەھەتتە ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى بىر مەھەل كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، رۇسىيە ۋە ئافغانىستان ئۇنىڭغا ئارىلاشتى. گەرچە ھەر ئىككى تەرەپ تاجىكلار بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رايون پەرقى ۋە سىياسىي قاراش ئوخشىمايدۇ. شىمالدىكى رايونلارنىڭ، بولۇپمۇ لېنىنئاباد ئوبلاستىنىڭ يېرى مۇنبەت، سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىـــي قىـــلغان بولۇپ، تاجىكىستاننىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزبېكلەر ئاساسەن بۇ جايغا مەركەزلەشكەن. ئۇزۇندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ كۆپىنچىســى شـــــمالدىن كەلگەنلەر بولغان. جەنۇبتىكى تاغلىق رايونلار نىسبەتەن قالاق بولۇپ، جەنۇبتىكى قورغانچۇب ئوبلاستى بىلەن گېرنو ـ باداخشان ئوبلاستىغا ئۆكتىچىلەر مەركەزلەشكەن. بۇ جايلاردا ئاساسەن تاجىكلار ماكانلاشقان. شىمالدا كومپارتىيىنـــــى قوللايدىغان كۈچلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىـــسلام تەرەققىـــيات پارتىيىسى بىلەن مىللەت پارتىيىسىنىڭ كۈچى ئاجىـــزراق. شىمالدىكى ئاھالىلەر ھاكىمىيەت بىـــلەن دىن بىـــرلەشكەن سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىشقا قارشى بولۇپ، رۇسىيە بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ. جەنۇبتىكى ئاھالىلەر «غەرب دېموكراتىيىسى» ۋە «ئىسلام ئېڭى»نى مەدھىيــــىلەپ، كومپارتىيىگە، رۇسلارنىڭ تاجىكىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا

ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ. تاجىكىستاندا رايون ئىتتىپاقلىقى دىنىي مەزھەپ پەرقىنى بېسىپ چۈشكەن بولۇپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان دېھقانلار بولسۇن ياكى پامىردىكى تاجىكلار بولسۇن قىلچە تەۋرەنمەي بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق «دۈشمەن» — لېنىنئابادلىقلارغا قارشى تۇرىدۇ. شىماللىقلار بىلەن جەنۇبلۇقلارنىڭ كۈرىشى ئادەتتىكى قەبىلىۋازلىقتىنمۇ كەسكىن. ئۇزۇندىن بۇيان، شىماللىقلار «قىزىل ئىدىيە»گە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسا، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بوشلۇقتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى.

تاجىكىستاننىڭ لېنىنئاباد ئوبلاستىدىكى شىماللىقلار بىلەن گېرنو - باداخشان ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەلم دېگەن يېرىدىكى جەنۇبلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملاشقان بولۇپ، زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى بۇ رايوننىڭ ھوقۇق تەقسىماتىغا مەركەزلەشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ پارچىلىنىش ھارپىسىغىچە، شىماللىقلار مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەلدى. بۇنىڭدىن جەنۇبلۇقلار بەك نارازى بولۇپ كەلدى. 1990 - يىلى 2 - ئايدا ھوقۇق تۇتۇۋاتقان جەنۇبلۇقلار بىرلىشىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. 1991 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تاجىكىستان مۇستەقىللىق جاكارلىدى، لېنىنئابادلىق نەبىيېف جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. ھوقۇق تەقسىماتىدىكى ئادىلسىزلىق جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، نەتىجىدە جەنۇبلۇقلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. بۇ خىل يەرلىك تار مەھكىمىچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى تاجىكىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئۆكتىچىلەر پارتىيىسى

بولغان ئىسلام تەرەققىيات پارتىيىسىنى تېز تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. دىنىنىڭ تەسىرى جەنۇبتا كۈچلۈك بولغاچقا، ئىسلام تەرەققىيات پارتىيىسى جەنۇبنى بازا قىلىپ تېزدىن ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشالايدىغان بىر سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. بۇ پارتىيە دۇشەنبىدە ئۆزىنى قانۇنلۇق پارتىيە قىلىپ تىزىملاتتى ھەمدە قوراللىق كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كىرىشتى. يەنە ئىران قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، راخمانوف نەبىيېفنىڭ ئورنىغا زۇڭتۇڭ بولدى ھەمدە رۇسىيە قاتارلىق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن كۆپ ساندىكى رايونلارنىڭ تەرتىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈردى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، تاجىكىستاندا تۇنجى قېتىم ئومۇمىي خەلق زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللاندى، جەنۇبتىكى كۇرىيابتا تۇغۇلغان راخمانوف يەنە زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. 1994 ـ يىلدىن باشلاپ تاجىكىستان تىنچلىق يولىغا قەدەم قويدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىرغىزىستاندا جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق كەيپىياتى تېخىمۇ كەسكىنلەشمەكتە. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى جالالئاباد ئوبلاستىنىڭ ئاقچىن رايونىدا كەڭ كۆلەملىك پاراكەنچىلىك يۈز بېرىپ، 4 ئادەم ئۆلۈپ، 61 ئادەم يارىلاندى. ئەسلىدە بۇ قاماپ قويۇلغان قىرغىزىستان قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئا. بېكنازاروفقا مەدەت بېرىش ھەرىكىتى ئىدى. قىرغىزىستان دائىرىلىرى بۇنى سىياسىي ئۆزگىرىش ۋەقەسى دەپ قارىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە 700 دىن 1500 گىچە بولغان نامايىشچى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانغان» دېگەن نام بىلەن جالالئاباد ئوبلاستىدا

قولغا ئېلىنغان پارلامېنت ئەزاسى بېكنازاروفنى دەرھال قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ نامايىش تەرەققىي قىلىپ قىرغىزىستاننىڭ جۇڭگو بىلەن ئۆزئۆنقۇش دەرياسى رايونىدىكى چېگرىنى ئايرىغانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق ھەرىكەتكە ئايلانغان. 2002 - يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. قىرغىزىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئىچكى سىياسىي كۈرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىپ خەلقئارا مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە يۈزلىنىشى ھەقىقەتەن بىر يېڭى مەسىلە.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا چارروسىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان رايون ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىلگەچكە، 1916 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، سوۋېت كومپارتىيىسى چارروسىيە دەۋرىدىن قېپقالغان مۇرەككەپ، كەسكىن مىللىي زىددىيەت ۋە قارشىلىششلارغا قارىتا، لېنىننىڭ مىللەت ۋە مۇستەملىكە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئاساسىي تەپەككۇرى بويىچە، ئالدى بىلەن مىللىي زۇلۇمنى يوقىتىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەت ئايرىمىسى بويىچە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى تەشكىللەپ، مىلەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنى قۇردى.

سوۋېت كومپارتىيىسى مىللىي مەسىلىنى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغان. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىش ھارپىسىدىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھېچقانچە بازىرى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى بىر ئېغىر سەۋەنلىكلەرمۇ ساقلانغان. جۈملىدىن، مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلى بولغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى نەزەرىيىسى، مىللىي دۆلەت نەزەرىيىسى، سوۋېت فېدېراتسىيە تۈزۈمى نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مەسىلە بار ئىدى. ئۇلار چوڭ رۇس مىللەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ يامان تەسىر قوزغىغاندىن سىرت، مىللەت مەسىلىسىنى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى دەپ قارىدى. مىللىي رايونلاردا مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراپ، زورمۇزور كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى. ئىسلام دىنى كەڭ تارقالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا دىنىي مەسىلىلەرنى قوپاللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىدا قېلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما بىرخىللا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى باشتىن - ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن سىلاۋيان كۆچمەنلىرى مۇۋاپىق باشقۇرۇلماي، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، بۇنىڭغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچەيدى. گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىنى ئومۇميۈزلۈك ئىنكار قىلىپ، «ئاشكارىلاش» ، «دېموكراتىيىلەشتۈرۈش» نى يولغا قويۇپ، «ئىسلاھات» نى تۈيۈق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر توقۇنۇشى كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1986 - يىلى يۈز

بەرگەن ئالمۇتا ۋەقەسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى كرىزىسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى سالماقلىق بىلەن بىرتەرەپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقتا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. قازاقىستان زۇڭتۇڭى نازاربايېف جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش مېنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپەم دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىزچىل تۈردە مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولۇش ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى دۆلەتنىڭ ئۈچ چوڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلدى. ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى كەرىموف مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى دۆلەتنىڭ تىنچ بولۇشىدىكى مۇھىم شەرت دەپ ھېسابلىدى. قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ئاقايېف: «دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە كرىزىستىن قۇتۇلۇشىدىكى مۇھىم شەرت» دەپ ھېسابلىدى. تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى نىيازوف: «پۇقرالار ۋە مىللەتلەر ئىناق ئۆتكەندىلا تۈركمەنىستاننىڭ دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمانوف ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى.

شۇنداقتىمۇ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەت بولغاچقا، ئۇنداق مۇرەككەپ

مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تەجرىبىسى يوق، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە بىر مۇكەممەل نەزەرىيە شەكىللەندۇرۇشىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇلاردا مۇنداق ئۈچ كۆزقاراش بىرقەدەر ئېنىق:

## بىرىنچى، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش

ھەممىگە مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى (ئەركىن ئايرىلىش ھوقۇقى) ئەينى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا 70 يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يىمىرىلىشىنىڭ قانۇني ئاساسي بولغان. ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى قانۇن بويىچە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، يەنى ئەركىن ئايرىلىش ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى بولدى. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن تۈزۈلگەن تۇنجى «ئاساسي قانۇن» دا قازاقىستان «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان قازاقلار دۆلىتى» دېيىلگەن. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەت بولۇش سۈرىتى بىلەن، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يەتتى. «ئەركىن ئايرىلىش ھوقۇقى» ئېتىراپ قىلىنسا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغىلى بولمايتى. 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، قازاقىستان زۇڭتۇڭى نازارباييېڧ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا سۆز قىلىپ: «بىز دائىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، ھەتتا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋاللارغا يولۇقىمىز. ئەگەر بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇلغان بولسا دۇنيادا نەچچە مىڭ كىچىك دۆلەت

پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە ئىپتىدائىي ئىبتىقادچىلىققا ئىلھام بېرىلىپ، «ئىنتايىن بىمەنە ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ» دىدى. ئۇ خەلقئارا جەمئىيەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى مەسىلىسىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىپ، بۇ ھوقۇقلارنىڭ ئۆلچىمىنى ئېنىق بېكىتىشى كېرەك. «بولمىسا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى باھاسىدا، ھەرقانداق كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن گۇمانلىنىش كېلىپ چىقىپ بۆلگۈنچىلىك مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ» دەپ قارىغان. دەل مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقانلىقتىن، قازاقىستان بىرقانچە يىلدىن كېيىن «ئاساسىي قانۇن»غا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» دېگەن سۆزىنى چىقىرىۋەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قەبىلىۋازلىق، يەرلىك تار مەھكىمىچىلىكنىڭ ئۆز مەيلىچە تەرەققىي قىلىۋېرىشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە تەھدىت بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى چەكلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە.

### *ئىككىنچى، ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش*

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ماقۇللانغان «ئاساسىي قانۇن»لارنىڭ ھەممىسىدە «ھەممە مىللەت باراۋەر» دەپ ئېنىق يېزىلغان، لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى ئېنىق جاكارلاش دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئورنىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ ھەقتە نازارباييېف «دۇنيادىكى بەزى مىللىي ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەردىكى مىللىي ھەرىكەتلەر دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى خېلىلا قوغدىدى. بۇ خىل مىللىي مەنپەئەت ئاساسەن يۇكسەك مىللىي ئاڭ، گۈللىنىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت، ئۇرغۇۋاتقان مىللىي روھ، ئەسلىگە كېلىۋاتقان مىللىي ئادەت ۋە تىلدا ئىپادىلىنىدۇ. قازاقىستاندىمۇ مىللىي روھنىڭ كۈچىيىشى جەمئىيەتكە نۇرغۇن پايدىلىق نەتىجە ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرمەي، مىللەتنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىقلارنى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى چەكلىگەنلىك، مەلۇم ئەنئەنىلەرنى قارىغۇلارچە قوغلاشقانلىق ياكى ئۆتمۇشنى سېغىنغانلىق دەپ قاراش بەك خاتا» دېگەن. نازارباييېف قازاقلارنىڭ ئاساسلىق مىللەتلىك ئېڭىنى ئۆستۇرۇش يۇزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان مىللىي ھەرىكەتلەر «ئىنساننىڭ نورمال ھالەتكە قايتىشىدۇر» دەپ قارىغان، شۇڭا ئۇ «كۆپ مىللەتلىك قازاقىستاندا بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا پەقەتلا قازاقلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىشىدىكى يادرولۇق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ئۇرنىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ قارىغان ھەم جۇمھۇرىيەتتىكى باشقا مىللەتلەردىن بۇنى چۇشىنىشنى، روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن قوللاشنى تەلەپ قىلغان[1] .

قازاقىستاننىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر قازاقلارنىڭ «يادرولۇق ئورۇن» تۇتۇشىنى تېخىمۇ بەك قوللايدۇ ھەم ئوبدان بىلىدۇ. قازاقلار پەن - تېخنىكا ۋە ساپادا رۇسلارغا تەڭ كېلەلمىگەچكە، قازاق مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەكس ئەتتۇرۇش نامى بىلەن قانۇن جەھەتتە قازاق تىلىنى دۆلەت تىلى دەپ بېكىتىش ئارقىلىق

① نازارباييېف: «قازاقىستاننىڭ كەلگۇسى ئىجتىمائىي ئىدىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە باغلىق» ، «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق قازاقىستان گېزىتى» ، 1993 - يىل 10- ئاينىڭ 9 - كۇنى.

قازاقلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى ۋە ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

### ئۈچىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئۈچۈن تىرىشىش

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ دۆلەتتە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەرنى ئىناق قىلىش كېرەكلىكىنى، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش هوقۇقى بېرىش كېرەكلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. بۇ ھەقتە ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى كەرىموف: «دۆلەت ئۆزبېكىستاندا تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ شۇڭا، ئاساسىي قانۇندا: ‹ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى چوڭ ـ كىچىك مىللەتلەرنىڭ تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ› دەپ بەلگىلەنگەن» ① دېگەن.

يۇقىرىقى قاراشقا ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مىللىي سىياسەتنى يولغا قويدى:

**مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، قەبىلىۋازلىق ۋە يەرلىك تار مەھكىمچىلىكنى چەكلەش**

قازاقىستان مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، رۇسلار بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ شىمالدىكى رۇسلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بىرقانچە ئوبلاستتىكى بەزى رۇسلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك كەيپىياتى

---

① ① كەرىموف: «21 ـ ئەسىرگە كىرىش ئالدىدىكى ئۆزبېكىستان» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 63 ـ 64 ـ بەتلەر، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى، 1997 ـ يىل.

پەيدا بولدى. قازاقىستاندىكى رۇسلار «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيە قۇرۇشنى، ھەتتا ئايرىلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغاندا، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. 1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، قازاقىستاننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى توقايېف: «مەيلى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كەمسىتىلىشتىن ساقلىنىش ياكى تارىختىكى چېگرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن بولسۇن، ئايرىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلسا، مۇقەررەر ھالدا توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ، ئىقتىساد قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، نۇرغۇن كىشى ئۆلىدۇ. شۇڭا، بۆلگۈنچىلىككە ئىمكانىيەت بەرمەسلىك ۋە ئۇنى ئاقلىماسلىق كېرەك»[1] دېدى ھەمدە كەسكىن ھالدا «بەزى ئەسەبىي تەشكىلاتلار ۋە رەھبەرلەر بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز ئۇلارغا ھەرگىز يول قويمايمىز ھەمدە جاۋابكارلارنى قانۇن بويىچە جازالايمىز» دەپ كۆرسەتتى.[2] نازاربايېف ئىقتىسادىي كرىزىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، قازاقىستاندا «ئەڭ مۇھىمى تىنچلىقنى ساقلاش، مىللەتلەرنى ئىناق قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىيسىنى مۇقىملاشتۇرۇش» دەپ تەكىتلىدى ھەم ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئويلىشىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە قەبىلىۋازلىققا قارشى تۇردى. مۇبادا قازاقىستاندا قەبىلىۋازلىق قارىشى تەرەققىي قىلىۋېرىدىغان بولسا، قازاقلارنىڭ بىرلىكىگە زىيان يېتىدۇ، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

بۇ جەھەتتە باشقا دۆلەتلەرمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، قىرغىزىستان «قىرغىزىستان خەلقى ئايرىلماس پۈتۈن گەۋدە»

[1] «شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»، 1996 ـ يىل 3 ـ سان، 53ـ 54 ـ بەتلەر.
[2] شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالمۇتادىن بەرگەن تېلېگراممىسى.

دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىرغىزىستاننىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋە مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىكنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ» دەپ بەلگىلەنگەن. 1995 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قىرغىزىستان ئېلان قىلغان «ماناس خىتابنامىسى» دا: «خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكى ۋە مۇستەقىللىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان مىللەتچىلىك، قەبىلىۋازلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ھەرقانداق يامان غەرىزى قەتئىي بىتچىت قىلىنىدۇ» دەپ تەكىتلەندى①.

1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاقايېف جەنۇبتىكى ئوش ئوبلاستى بىلەن جالالئاباد ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا: «قىرغىزلار ئورتاق تىلغا، ئورتاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولسىمۇ، ھازىر قەبىلىۋازلىق ۋە يەرلىك تار مەھكىمىچىلىك ئىدىيىسى باش كۆتۈرۈپ قالدى، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاجىز بولسا، بۆلگۈنچىلىك ئاسانلا ئەۋج ئالىدۇ. بىز ھازىر ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىغاندا تېخىمۇ بەك ئىتتىپاقلاشمىساق بولمايدىغان تارىخىي مەزگىلدە تۇرۇۋاتىمىز»② دېدى. ئاقايېف زۇڭتۇڭنىڭ قەبىلىۋازلىق ۋە يەرلىك تار مەھكىمىچىلىك ئىدىيىسىگە قارىتا يولغا قويغان پۈتۈن مەملىكەتتە مىللەتلەر ۋە پۇقرالار ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش فاكتېنى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى توساشتىكى تولىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قوللىنىلغان دانا تەدبىردۇر.

تۈركمەنىستانمۇ مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەركۈزىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت چوڭ جىنايەت، مىللەتلەر ئارا

---

① «قىرغىزىستان مۇھاكىمە گېزىتى»، 1995 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.
② «قىرغىزبايرىقى گېزىتى»، 1995 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

ئۆچمەنلىكنى تەرغىب قىلىدىغان ھەرىكەت جەمئىيەتكە قارشى ئېغىر جىنايەت دەپ قاراپ، دۆلەت مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتى ۋە مىللەتچىلىك بىلەن ئوينىشىدىغان كىشىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالايدۇ»① دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جىمىپ قالغان پانتۈركىزم ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەھەل باش كۆتۈردى، بۇنى ھۆكۈمەت تەرەپ مەلۇم دەرىجىدە قوللىدى. 1992 ـ يىلى، نازاربايېف ھەتتا «تۈرك ئىتتىپاقى» قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى پانتۈركىزمنىڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تېزدىن تونۇپ يەتتى. 1996 ـ يىلى، نازاربايېف ئېنىق قىلىپ، «پانتۈركىزمنى قوبۇل قىلالمايمىز، چۈنكى ئۇ ئەمدىلا ئېرىشكەن مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بىر «ئاكا» (تۈركىيىنى كۆرسىتىدۇ) نى يەنەبىر «ئاكا» (رۇسىيىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۇنى بويىنىمىزغا مىندۈرۈشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ» دىدى.②

**ئاساسلىق مىللەتكە ئېتىبار بېرىش پىرىنسىپىنى يولغا قويۇش** ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئورنىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتتە ئىپادىلەندى:

ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ئورنى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا دۆلەتنىڭ ھوقۇقى بىرلا مىللەتكە مەنسۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلىنىپ، ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈستىن

① جاۋ چاڭچىلىڭ: «تۈركمەنىستاننىڭ مىللەتلەر سىياسىتى»، «مىللەتلەر خىزمىتى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1997 ـ يىلىدىكى 5 ـ سانىدىن ئېلىندى.
② نازاربايېف: «21 ـ ئەسىر بوسوغىسىدا» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 151 ـ بەت، ئېقىم مەسىلىلىرى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.

ئورۇندا تۇرۇشى قانۇن ئارقىلىق بېكىتىلدى.

كادىرلار تۈزۈمىدە ئاساسلىق مىللەتنى ئاساس قىلىش يولغا قويۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەت مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن كادىرلار سىياسىتىدە ئاساسلىق مىللەتكە مايىل بولدى. مىنىستىرلىق، پارلامېنت ۋە ئوبلاستلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئاساسلىق مىللەتلەر ئۈستىگە ئالدى. يەرلىك ئورگانلاردا ئاساسەن ئاساسلىق مىللەت ئەمەل تۇتىدىغان ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر ئورۇنلارنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى ئاساسلىق مىللەتتىن تەيىنلەندى.

ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئاساسلىق مىللەتكە ئېتىبار قىلىندى. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى ئېلان قىلدى. «تەسەۋۋۇر» دا: «قازاقىستاندىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە قازاق مەدەنىيىتى، يەنى تارىختىن بويان تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مەدەنىيەت پەقەت قازاقىستاندىلا گۈللىنەلەيدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ. قازاقلارنىڭ مىللىي روھىنىڭ ئۆرلىشىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ پاكلىشىشىغا، قازاقىستاننىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشتە ئاساسلىق مىللەتنى ئاساس قىلدى. مائارىپ ساھەسىدە ئاساسلىق مىللەتكە

كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېتىبار قىلىندى.

## مىللەتلەر ئىناق ئۆتىدىغان مېخانىزم ئورنىتىش

نازارباييېف مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە پەيدا بولغان يېڭى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم مىللەتلەر ئىناقلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقى كېڭىشى چاقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قازاقىستان مىللەتلەر قۇرۇلتىيى ئالمۇتادا ئېچىلدى. نازارباييېفنىڭ يىغىندا بەرگەن تەكلىپى بويىچە 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قازاقىستان مىللەتلەر ئىناقلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقى كېڭىشى قۇرۇلدى. ئۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئوخشىمىغان ساھە، مىللەت ۋە دىن ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قارمىقىدا مىللەتلەر ئىناقلىقى كومىتېتى ۋە دىنىي ھەمكارلىق كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار تەسىس قىلىنغان. ئۇ زۇڭتۇڭغا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى بولۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىدۇ. 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قازاقىستاندا مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل كونكرېت ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ــ دۆلەت مىللەتلەر سىياسىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. يەنە مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان شەخسلەر ۋە كوللېكتىپلارنى تەقدىرلەيدىغان دۆلەت مۇكاپاتى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىنى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويۇلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە، يەنى قازاقىستاننىڭ مىللىي دۆلەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىش تەسەۋۋۇرىغا ئۇيغۇن كېلىشى تەلەپ قىلىندى. قىرغىزىستاندا

40 نەچچە مىللىي مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. يەنە پۇقرالار ۋە مىللەتلەر ئىناقلىقى كومىتېتى، زۇڭتۇڭغا قاراشلىق جۇمھۇرىيەت ئىجتىمائىي سىياسىي كېڭەش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۆزبېكىستاندىمۇ مۇستەقىل بولۇش هارپىسىدا بىر يېڭى ئىجتىمائىي تەشكىلات — مىللەتلەر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. هازىر بۇنداق تەشكىلاتتىن جۇمھۇرىيەت ئىچىدە 80 نەچچىسى بار[①].

دىنىي ئەسەبىيلىككە زەربە بېرىش ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۆزۈندىن بۇيان بېسىمغا ئۇچراپ كەلگەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا قايتا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى هاكىمىيەتنىڭ دەھرىيلىك خاراكتېرىنى قوغداش بىلەن بىللە مىللەتچىلىك مەزمۇن قىلىنغان مىللىي دىنىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە ئىلھام بەردى. نازارباييېف ئىسلام دىنىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش جەھەتتىكى رولىغا يۇكسەك باها بېرىپ، ئىسلام دىنى مىللەت خاسلىقىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە[②]، دەپ قارىدى. ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى كەرىموفمۇ «جەمئىيەتنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دىنىي، مىللەتنىڭ مىڭ نەچچە يىللىق ئەخلاق نەمۇنىلىرىنى قوبۇل قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئۇلۇغ تارىخىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت بىلەن تارىخنى

---

① ئى. كەرىموف: «21 ـ ئەسىرگە كىرىش ئالدىدىكى ئۆزبېكىستان: بىخەتەرلىكنىڭ تەھدىتى، تەرەققىياتنىڭ شارائىتى ۋە كاپالىتى»، 64 ـ بەت، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى، 1997 ـ يىل.

② نازارباييېف: «21 ـ ئەسىر بوسوغىسىدا» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 124 ـ بەت، ئېقىم مەسلىلىرى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.

بىرلەشتۈرۈش يولىدا تاشلىغان مۇھىم قەدەمىمىزدۇر»[1] دېدى.

لېكىن، ئىسلامنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرمۇ تېزلىكتە تەرەققىي قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن تاجىكىستان ئىچكى ئۇرۇشىدا ئىپادىلەندى، 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە دىنىي ئەسەبىي قوراللىق تەشكىلات «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» (IMU) بىلەن «ھىزبۇت تەھرىر» (HT) نىڭ پائالىيەتلىرى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا زور تەھدىت سالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىرلىشىپ دىنىي ئەسەبىيلىككە زەربە بېرىشكە باشلىدى.[2]

## تەرەققىيات يۈزلىنىشى

سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەت ئورنىغا چۈشۈپ قالغان قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتتىكى ئاساسلىق مىللەتكە ئايلىنىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇ شىنجاڭدىكى ئالاقىدار مىللەتلەرگە پسىخىك جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

— قازاقىستاننىڭ چەت ئەللەردىكى قازاقلارنى «تارىختىكى يۇرت» ىغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرىق قىلىشى مۇقەررەر ھالدا جۇڭگونىڭ ئىچكى مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

---

① كەرىموف: «21 ـ ئەسىرگە كىرىش ئالدىدىكى ئۆزبېكىستان» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 112 ـ بەت، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى، 1997 ـ يىل.

② بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولسىڭىز كىتابىمىزدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

— ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر داۋاملىق پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك.

— بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش تەس.

— ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى داۋاملىق ئاساسلىق مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئېڭىنى كۈچەيتىشنى روھىي مەدەت قىلىپ دۆلەتنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

— رۇسىيە ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى رۇس ئاھالىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۆز ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن رۇسىيىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ C ـ17 تىپلىق ترانسپورت ئايروپىلانى ۋە فرانسىيىنىڭ «كۆلەڭگە - 2000» تىپلىق قىرغۇچى ئايروپىلانىنىڭ قىرغىزىستاننىڭ ماناس ئايرودرومىغا قونۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئافغانىستان ئۇرۇشىدا ئامېرىكىنىڭ ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلاندى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھازىرچە تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقى مۇمكىن.

— قازاقىستاندىكى مەشھۇر جۇغراپىيىلىك سىياسىيشۇناس ئېرىمەي. قارىن ئافغانىستان ئۇرۇشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ رايوندىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمىتىنى مۇستەھكەملىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەن

ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن جىددىي مۇناسىۋەت قايتىدىن كەسكىنلىشىپ كېتىشى، قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستاننىڭ سۇ تالىشىش ماجىراسى قايتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. شۇڭا، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى مىللەت مەسىلىسىگە دىققەت قىلىشىمىز شەرت.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىناق مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداشتا بارغانسېرى پىشىپ يېتىلمەكتە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر تىنچلىققا تەلپۈنىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە چوڭ چاتاق چىقماسلىقى مۇمكىن.

# 5. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى

*ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغىنىغا 1000 يىلدىن ئاشتى، ئۇنىڭ شۇ يەردىكى خەلق ئىچىدە نۇرغۇن مۇخلىسلىرى بار.*

*ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىسلام دىنىنىڭ كېڭەيگەن رايونى ياكى تەبىئىي سوزۇلغان رايونى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئىسلام دىنى يەرلىكلىشىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا يەرلىك كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ «ئۆزگەرتىشى» گە دۇچ كەلگەن، شۇڭا ئۇ ئۆزى بارلىققا كەلگەن رايوندىكىگە ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.*

*ھازىرقى زامان ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك، خەلقئارا تېررورچىلىق بۇ يەردە ئەۋج ئېلىپ، بۇ رايوننىڭ ۋە ئەتراپىنىڭ مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان قەبىھ كۈچكە ئايلىنىپ قالدى.*

*غەيرەت تۇرغۇنباي*

ئوتتۇرا ئاسىيا — ئىسلامىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى رايونى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئىسلام قايتاگۈللىنىشى كېلىپ چىقتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ رايوندا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ

بىخەتەرلىكىگە ناھايىتى زور تەھدىت پەيدا قىلدى؛ ئۇ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، خەلقئارا تېررورچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، رايوننىڭ ۋە ئەتراپىنىڭ مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان قەبىھ كۈچكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ماقالىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، ھازىرقى زامان ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تارىختىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئەھۋاللار بىرقەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى

ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇ رايوننى ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى رايونى ياكى تەبىئىي سوزۇلغان رايونى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئىسلام دىنى يەرلىك كۆپ خىل مەدەنىيەت قاتلىمى ئۈستىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇ يەرلىكلىشىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا يەرلىك كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ «ئۆزگەرتىشى»گە دۇچ كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزى بارلىققا كەلگەن رايوندىكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش (مەسىلەن: ئۆزبېكلەر ۋە تۈزلەڭلىكتىكى تاجىكلاردەك) ۋە

كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش (مەسىلەن: قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر ۋە تاغ رايونىدىكى تاجىكلاردەك) تىن ئىبارەت ئىككى خىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

## ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى

ئىسلام دىنى ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. ئەرەب قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندا پېرسىيىدىكى خۇراساندىن يۈرۈش قىلغان. ئەرەبلەرنىڭ خۇراساندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم تەخمىنەن مىلادىيە 704 ـ يىلى مورغاب دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى موفقا كېلىپ شۇ يەرنى بازا قىلغان. 705 ـ يىلى بەلخنى ئىشغال قىلغان، ئارقىدىنلا 706 ـ 709 ـ يىللىرى بۇخارا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرغان، 710 ـ 712 ـ يىللىرى سەمەرقەنت ۋە خارەزمنى ئىشغال قىلغان. 713 ـ 715 ـ يىللىرى سىر دەرياسى ۋادىسىغا، جۈملىدىن پەرغانە رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. 751 ـ يىلى يەنە تاشكەنتنى بويسۇندۇرغان. 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلاملاشقان. ئىسلاملىشىش شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادى (شامان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە بۇددا دىنى قاتارلىقلار) دىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا كىرشى ھەمدە شۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلاملاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا دىنلار ئىگىلىيەلمىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا

تايانغان: بىرىنچىسى، «غازات» قوراللىق دىن تارقىتىشنىڭ بايرىقى قىلىنغان؛ ئىككىنچىسى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ نوپۇس بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان؛ ئۈچىنچىسى، دەھرىي ھۆكۈمرانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈلۈپ ئىسلاملاشتۇ-رۇش مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان. سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى ناسىر (913 ـ 943) ئىسلام دىنىغا كىرگەندە، مەلۇم بىر ئۆلىما كەسكىن ھالدا مۇنداق دېگەن: «سامانىيلار سۇلالىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ساپ ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپى ماۋەرا ئۇننەھر رايونىدا مۇستەھكەم ئورنىتىلدى». ①

960 ـ يىلى قاراخانىيلار خاقانى مۇسا ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، دۆلەتنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى يولغا قويغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان 200 مىڭ ئائىلىلىك چارۋىچى ئىسلام دىنىغا كىرگەن. يەنە تېمۇرىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىنى قوغدىغۇچى ئورنىدا تۇرۇپ، دىنىي ئالىملارنى «بىرىنچى ئورۇن» غا قويغان، ئۇلارنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ھەقىقىي يىلتىز تارتىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغىنى 14 ـ ئەسىردىكى سوپىزم ھەرىكىتى بولدى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشتا ئاساسەن ئىككى قېتىملىق دولقۇننى باشتىن كەچۈردى: بىرىنچى قېتىملىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغان 7 ـ ئەسىردىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەردى، ئۇ چاغدا ئەرەبلەرنىڭ قوراللىق ئىشغالىيىتى بىلەن بىرلەشتى؛ ئىككىنچى قېتىملىقى 14 ـ ئەسىردىن كېيىن يۈز بەردى، بۇ چاغدا ئاساسلىقى، سوپىزمنىڭ كەڭ تارقىلىشى بىلەن بىرلەشتى. سوپىلار چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈك ـ پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ،

---

① گاۋىن ۋامبىرى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تىزىسلار» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 101 ـ بەت، سودا نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

ئىسلام دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چارۋىچىلارغا ئىچىگە يەتكۈزدى. خوجىلارغا چوقۇنۇش، يەنى پەيغەمبەر ئەۋلادىغا چوقۇنۇش سوپىزمنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. خوجىلار ئۆزىنى مۇھەممەدنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دەۋالغانلار بولۇپ، خوجىلارغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان يىللاردا، ئۇلار مۇخلىسلارنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھ بولۇپ قالدى. سوپىزم مۇخلىسلارنى بەندە بىلەن خورا ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا يېقىنلىشىدىغان يول بارلىقىغا ئىشەندۇردى ھەمدە جانلىق ئىلاھ — خوجىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. بۇ مۇقەررەر ھالدا «ئەنئەنىۋى» ئابىستراكت تەلىماتقا قارىغاندا جەلپكارلىققاتېخىمۇ باي بولدى. ئالىملار ئېيتقاندەك: ئۇ «ھەمىشە ئەنئەنىۋى ئىلاھىيەتسۇناسلىقنىڭ ۋەكىللىرى قازانغان نەتىجىلەردىن بەكرەك زور نەتىجە قازاندى». ①
سوپىزم مەزھەپ ھالقىغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايىسى مەزھەپلىرى ئىچىدە مەۋجۇت ئىدى. ئۇ قويۇق تىلسىماتچىلىق تۈسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى مۇخلىسلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ تەشكىلى مۇستەھكەم، دىنىي مەرتىۋە پەرقى قاتتىق بولۇپ، دەھرى ھۆكۈمرانلارنىڭ كونترول قىلىشىمۇ ناھايىتى قىيىن ئىدى. دەسلەپتە سوپىلار چاچلىرى سالۋارىغان دەرۋىشلەرچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. ② تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغان. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپىلارنىڭ چوڭ ئىشان، خوجىلىرى بۇنداق

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن12 لېكسىيە» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 72 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
② مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېن چېڭ يازغان «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى. ھىرات» (جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1991 ـ يىلى نەشرى) دا مۇنداق يېزىلغان: «ئۇلار بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدۇ، خەتنە قىلىدۇ، چاچلىرىنى ياخپايتىپ يۇرىدۇ، ئەسكى كۇلا ـ جەندىلەرنى كىيىدۇ، ھاسا تۇتۇۋالىدۇ، بوينىغا قوي، كالا سۆڭەكلىرىنى ئېسىۋالىدۇ. كۆپىنچىسى غەلىتە قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، سوغۇقتىن قاچمايدۇ، تىلەمچىلىك قىلىدۇ، كىشىلەر بىلەن ئۇچراشسا پىچىرلاپ سۆزلەيدۇ، ئۆزىنى بىچارە ھالەتتە كۆرسىتىدۇ. تۇپراق باشلىرىدا، ئۆڭكۈرلەردە يۇرىدۇ، دەرۋىش قىياپىتتە كۆرۈنىدۇ».

تۇرمۇشنى خالىمىدى. تېمۇرىلەر ۋە شەيبانىخان دەۋرلىرىدىكى سۇلتان، ئەمىرلەر بەس - بەستە ئۇلارنى مەنىۋى ئۇستازى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ئىسلامىيەت گەرچە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن سوپىزمغا تەئداش بولغان ئىسلام يەر ئاستى پائالىيىتى تۇگىمىدى. ئۇنىڭ ۋەكىللىرى («رويخەتكە ئېلىنمىغان»، «سەرگەردان» يوشۇرۇن موللىلار) سۇپىلار سۇلۇكىنىڭ كاتتىۋېشى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ئىدى.

## *ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتنىڭ مىللىي خاسلىقى*

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مەدەنىيەت «بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت». بەزى مۇسۇلمانلار دىنىي قائىدىگە تولۇق رىئايە قىلمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئىسلامىيەتتە چەكلەنگەن بەزى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنىلا مۇسۇلمان ھېسابلايدۇ. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ھەم ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ھەم ئۆز مىللىتىدىن چىققان بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ قەبرىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئۇلۇغ جاي ھېسابلاپ تاۋاپ قىلىدۇ. مەسىلەن، قىرغىزىستاندا قىرغىزلار سۇلايمان تېغى (ئوش شەھىرىنىڭ يېنىدىكى دىنىي مۇقەددەس جاي، ئۇ «كىچىك مەككە» مۇ دېيىلىدۇ) نىمۇ تاۋاپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ماناس قەبرىسى (تالا شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان) نىمۇ تاۋاپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئېتىراپ قىلىش ئۆزىنى دىنىي جەھەتتىلا ئېتىراپ قىلىش بولۇپ قالماستىن، بەزى سورۇنلاردا مىللىي مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىدىن، ئۇ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىدۇر،

شۇڭا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقىغا ئىگە. ئەمما، ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرىنى سىڭدۈرگەن، شۇڭا خاسلىقى، بولۇپمۇ مىللىي خاسلىقى مەۋجۇت. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئېتىقاد ئەھۋالى بىلەن ئۆزبېك ۋە تاجىكلارنىڭ ئېتىقاد ئەھۋالىنى سېلىشتۇرساق، مەسىلىلەرنى بىلىشىمىزگە بىرئاز ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ تىل ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلىرى بار. گەرچە، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇسۇلمانلار ئۆزبېكلەرنى ئاساس قىلىسىمۇ، ئەمما بۇخارانى پايتەخت قىلغان تاجىك سۇلالىسى — سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆزبېكلەر تېخى شەكىللەنمىگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تاجىكلار بىلەن ئۆزبېكلەر تەقۋادار مۇسۇلمانلاردۇر. قازاقلار، قىرغىزلار ۋە تۈركمەنلەر ئىسلام دىنىنى كېيىنرەك قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئەمەس.

**قازاقلار** يايلاقلاردىكى قازاقلار ئىلگىرى ئۇزاق مۇددەت كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلاردا يېقىنقى زامانغىچە شەھەر، مەسچىت، مەكتەپ ياكى كۇتۇپخانا بولمىغان. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئاساسلىقى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىغا، جۇملىدىن جامبۇل، قىزىلئوردا، تۈركىستان شەھىرى، چىمكەنت ۋە ئالماتا قاتارلىق ھازىر مۇسۇلمانلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن شەھەرلەر ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەن. قازاقىستاننىڭ غەربى، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدا ئىسلام دىنى خېلىلا كېيىن تارقالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا تارقىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. سوپىزمنىڭ يەسەۋى سۇلۇكى، نەقشبەندىيە سۇلۇكى باش

كۆتۈرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن كۆچمەن چارۋىچىلارغا كېڭەيگەن، بۇ خېلىلا كېيىنكى ئىش. قازاقلار ئارىسىدا ئەرەبچە ۋە پارسچە دىنىي كىتابلاردىن تەربىيە ئالغان دىندارلار يوق بولۇپ، بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرگە ھېچقانداق چەكلىمىسى يوق. پەقەت ئۇنىڭبەزى ئىپتىدائىي، ئاددىي تەركىبلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي قائىدىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلمىغانلىقتىن، قانۇنىي ئىشلار قەبىلە ئادىتىگە تايىنىپ ھەل قىلىنىدۇ. قازاقلاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش، قازاق يايلىقىدىن ئىبارەت بۇ توساقتىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، باشقا رايونلاردىن قازاقىستانغا دىندارلارنى يۆتكەپ كېلىپ، دىنىي تەرغىبات قىلغان. يېكاتېرىنا II (1729 — 1796) بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رۇسىيە ئارقىلىق مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قازان تاتارلىرىنى قازاق يايلاقلىرىغا بېرىپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا، مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى سېلىشقا ياللىغان. شۇڭا، قازاقىستاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئاھالىلەر 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئاندىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن دېگەن قاراشمۇ بار.

قىرغىزلار ئىسلام دىنىنىڭ قىرغىزلارغا تارقىلىشىمۇ خېلىلا كېيىن بولغان. تۈركىيلىك سەيپى 1582 - يىلى يازغان ئەسىرىدە قىرغىزلار «كۇپپارمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس» ، ئۇلار ئادەمزات بارالمايدىغان جايلاردا تۇرىدۇ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا ئائىلىسى بىلەن تاغ ئارىسىغا

يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، دېگەن. «سوۋېت ئىمپېرىيىسىدىكى مۇسۇلمانلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەپ قارىغان: قىرغىزىستاندا ئىسلام دىنى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ تەسىرىدىن پەرغانە ئۇزلەڭلىكىدىن تارقىلىپ، پەيدىنپەي ئۆزلەشكەن ».①

جۇڭغار خانلىقى كۆپ قېتىم تەگرىتېغىدىكى قىرغىزلار قەبىلىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى پەرغانە ئۇزلەڭلىكىگە ۋە ئۇنىڭغا يېقىن تاغلىق جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقتىن، كۆپىنچە قىرغىزلار شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. جۇڭغار خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندىن كېيىن، قىرغىزلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئىسلاملىشىش مۇساپىسىمۇ ئاستىلىغان. ھازىر، ئىسلام دىنى 18 ـ ئەسىردە ئاستا ـ ئاستا قىرغىز جەمئىيىتىگە كىرگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارغا يۈزەكىلا تەسىر كۆرسەتكەن، دەيدىغان بىر خىل قاراش بار.② 1993 ـ يىلى رۇسىيە ئالىمى ئىگور روتار «بېشكەكنى نارازىقىلغان كۇتۇلمىگەن ۋەقەلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: قىرغىزلار بۇرۇندىن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، ئەزەلدىن تەقۋادار مۇسۇلمان ئەمەس. قىرغىزلار ئۇرغۇن ئىپتىدائىي ئېتىقاد قائىدىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئايلانمىغان. ئۇلار نوقۇل ئادەتتىكى تۇرمۇش قاتلىمىدىلا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان، ئۇلار دىنىي مۇراسىملارغىمۇ ئانچە قاتتىق رىئايە قىلمايدۇ.③ قىرغىزىستاندا ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن

---

① ئالېكساندىر بېنىنگازون، ئاندېرىس ۋېمبوش: «سوۋېت ئىمپېرىيىسىدىكى مۇسۇلمانلار»، 80 ـ بەت، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيات شىركىتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

② گاۋىن ۋامبىرى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تېزىسلار» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 203 ـ بەت.

③ «شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىلىرى مەجمۇئەسى»، 1993 ـ يىل 3 ـ سانى.

تارقالغان رايونلار بۈگۈنكى ئوش ئوبلاستى ۋە نارىن ئوبلاستى بولۇپ، بۇلار قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدا. ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمىدا ۋە شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئەمەس. قوقان خانلىقى مەزگىلىدە، قىرغىزىستاننىڭ ھەرقايسى ئىستراتېگىيىلىك جايلىرىدا مەسچىتلەر سالدۇرۇلۇپ، مولدىلار دىن تارقىتىشقا ئەۋەتىلگەن، ئەمما كۆچمەن چارۋىچىلار مەسچىتكە ناھايىتى ئاز بارغان. قىرغىزلار يايلاقتا ناماز ئۆتەشكە ئادەتلەنگەن. رۇسىيە قىرغىزىستاننى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، گەرچە مولدىلار كېلىپ دىن تارقاتقان بولسىمۇ، ئەمما قىرغىزلار ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭ دىنىي قائىدىلىرىنى ئادا قىلىشقا يەنىلا ئانچە قىزىقمىغان.

**تۈركمەنلەر** ئىسلام دىنى گەرچە 8 - ئەسىردىلا تۈركمەنىستانغا تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن مەسچىت كۆپ بولمىغان. تۈركمەن مۇسۇلمانلار پۈتكۈل ئالەم بىر چوڭ مەسچىت، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتكە مۇقىم ناماز ئوقۇش سورۇنى ھاجەت ئەمەس دەپ قاراپ، كۆپىنچە يايلاقتا ناماز ئوقۇغان. 19 - ئەسىردە رۇسىيە تۈركمەنىستاننى ئىستېلا قىلغاندا، «تۈركمەنلەر نامدا سۈننىي مەزھىپىدە بولسىمۇ، قۇرئانغا ئاساسەن ئىش قىلمىغان، ھەربىي رەھبەرنىڭ ھوقۇقى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، مولدىلارنىڭ ھېچقانچە رولى بولمىغان»①. تۈركمەنىستاندا مەسچىت 1896- يىلى 161 بولۇپ، 1911 - يىلى 481 گە كۆپەيگەن، ئەمما سوپى - ئىشانلارنىڭ سانى 1900 - يىلى 47 گە چۈشۈپ قالغان.

**ئۆزبېكلەر ۋە تاجىكلار** ماۋەرا ئۇننەھردىكى سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە پەرغانە ئويمانلىقى ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى

---

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»، 330 - بەت، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى.

ماۋەرا ئۈننەھر رايونىدا 26 مىڭ 279 مەسچىت، 600 باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ، 300 مەدرىس، 45 مىڭ 399 كەسپىي دىندار بولغان. پارس تىلى (تاجىك تىلى) تاجىكلارنىڭ ئۆز تىلى، شۇنداقلا نۇغۇن ئۆزبېكلەرنىڭ 2 - تىلى ئىلگىرى ئۇلارنىڭ موللىلىرى ئەرەب تىلىنى بىلەتتى، قازىلار سوتتا دېلولارغا ئىسلام شەرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مىللىي دىن ۋە مەدەنىيەت ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، رۇسىيىنىڭ تەسىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلمىغان. ئىلگىرىمۇ ۋە ھازىرمۇ رۇسلارنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغانلار يەنىلا قازاقلار بىلەن قىرغىزلار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى رۇسلارنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلمىگەن. ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ئويمانلىقىدىكى مەشھۇر جاي نامانگەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرى دىنىي قىزغىنلىق بىر قەدەر يۇقىرى رايونلار ھېسابلىنىدۇ. تاشكەنت قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر ھەم مەشھۇر سوپىلارنىڭ قەبرىلىرى ۋە تاۋابكاھلىرى بارجايلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ يەنىلا كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتى بار. ئۆزبېكىستاندىكى دىنىي زات مۇھەممەد يۇسۇپ 1992 - يىلى شەرىئەتنى يولغا قويۇپ، ئۆزبېكىستاننىڭ ئومۇمىي دىن سەۋىيىسىنى پەرغانىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان①. جۈمە نامىزىغا قاتنىشىشتا ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستاندا ئادەم سانىنىڭ ئىزچىل كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئۈچ دۆلەتتە ئادەم سانى مەسچىت سانىنىڭ كۆپەيگىنىدەك كۆپەيگىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۈمەگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزبېكلەر. دىنىي ئۆرپ - ئادەتكە رىئايە قىلىش جەھەتتە، خەتنە قىلىش،

① جون ئاندېرسېن: «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ۋارىس دۆلەتلىرىنىڭ دىنى، ھاكىمىيىتى ۋە سىياسىيسى»، 203 - بەت، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيات شىركىتى، 1994 - يىل.

نىكاھلىنىش، دەپىن قىلىش قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلەرگە بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك رىئايە قىلىنىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان جەھەتلەردە ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش ئادىتىنى پەقەت پەرغانە رايونىدىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

قىرغىزىستان، قازاقىستان ۋە تۈركمەنىستانلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدىكى ئاياللاردا ئەزەلدىنلا يۈزىنى ياپىدىغان، بېشىدىن پۇتىغىچە چۈمكىنىۋالىدىغان ئادەت يوق ئىدى. «19 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر مۇسۇلمان بولدى. ئەمما، مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەت ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدا يەنىلا ساقلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى مەركىزىدىن يىراقراق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان قازاقلار ۋە قىرغىزلار ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار «قۇرئان» دىكى ئەمرى مەرۇپلارغا پىسەنت قىلماي، قىمىز ئىچىدۇ، بەزىدە قان ئىچىدۇ، ھارام گۆشلەرنىمۇ يەيدۇ».① شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىيسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى مۆلچەرلىگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە دىنغا ئىشىنىش دەرىجىسىدىكى پەرقلەرنى ئويلىشىش كېرەك، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. چوقۇم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

### *ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى*

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخىنى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە

① گاۋىن ۋامبېرى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تېزىسلار»، 18 - بەت.

ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىنىڭ سۇننىي مەزھىپىدىكىلەر بولۇپ، سوپىزمنىڭ تەسىرى چوڭقۇر.

ئىككىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. ئۆزبېك، تاجىك خەلقىنىڭ دىنىي ئېڭى كۈچلۈك؛ قازاق، قىرغىز چارۋىچىلار پەقەت يېقىنقى 200 ـ 300 يىل ئىچىدىلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەسچىت يوق دېيەرلىك، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي قائىدىلىرىگە ئېتىبار بېرىلمەيدۇ، ئاياللاردا يۈزىنى ياپىدىغان ئادەت يوق، ھاراق ئىچىش بۇ رايونلاردا ئىنتايىن ئومۇملاشقان. شۇڭا، ئەمئەنىۋى دىندارلار ئۇلار ى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى «ناچار بەندىلەر» دەپ تەنقىد قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، بىر قىسىم تاجىكلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى سۇننىي مەزھىپىدىكىلەردۇر. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن تۈركىيە سۇلتانى خەلىپە نامى بىلەن ئىسلام دۇنياسىغا پەرماندار بولغان، گەرچە ئۇ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىيە سۇلتانىغا چوقۇنىدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلگەن، بۇ يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا پانئىسلامىزمىنىڭ تارىخىي ئاساسى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا نۇرغۇن ئىسلام سۇلالىلىرى ئۆتكەن ئەمما، بۇ پەقەت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېتىراپ قىلىشىدىلا ئىپادىلەنگەن، غەربىي ئاسىيادىكىدەك ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلمىغان.

تۆتىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى

ئىپتىدائىي دىن (شامان دىنى) ۋە قەدىمكى زامان دىنلىرى (بۇددا دىنى، نېستورىئان دىنى، مانى دىنى قاتارلىقلار) مەدەنىيىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، مۇقەررەر ھالدا مۇشۇ دىنلار مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان، مەسىلەن، ئەۋلىيالارغا، ئۇلۇغلار قەبرىسىگە (مازارلارغا) تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ «ئەسلىيىتى» دىن مۇئەييەن دەرىجىدە يىراقلىشىپ كەتكەن.

بەشىنچى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى پۈتكۈل دىنىي ساھەدىكىلەرنى «ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ قولچوماقلىرى»، دىننى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئەكسىيەتچىل ئىدېئولوگىيە دەپ قارىغان. شۇڭا دىنغا قارشى تەشۋىقات، ئاتېئىزم تەشۋىقاتى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر مۇھىم خىزمىتى بولغان. سوۋېت ھاكىمىيىتى دەسلەپ ئورنىتىلغاندا، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت كەڭ ئاممىۋى ئاساسى بولغان ئىسلام دىنى مەسىلىسىگە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقان. ھەتتا بىر مەزگىل مەھكىمە شەرئىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغىمۇ يول قويغان. ① سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى گەرچە ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردىكى دىنغا قارشى تەشۋىقاتتا دىنىي ھېسسىياتقا ئازار بەرگەن خاتالىقلىرىنى تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي

① ۋاڭ جىجۈەن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەھلىل»، «چەت ئەل مەسىلىلىرى تەتقىقاتى» نىڭ 1991 ـ يىل 4 ـ سانى.

يۇزلىنىش جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەسچىتلەرنى كۆپلەپ تاقىغان.① دىنىي تەشكىلاتلار تۇركۇملەپ تارقىتىۋېتىلگەن، دىنىي مەكتەپلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، دىندارلار ھاقارەتلەنگەن، ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان ياكى ئەمگەك لاگېرىغا سولانغان. ھەتتا ئىسلامىيەت تۇسىنى ئالغان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەسىلەن، ھېيت ـ بايرام، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر كۆپ ھاللاردا سوۋېت روھى بىلەن سىغىشالمايدۇ دەپ قارىلىپ تەقىپ قىلىنغان، بىكار قىلىنغان. نەچچە ئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنى ئېغىر زور دەرىجىدە سۇسلاشقان.

يۇقىرىدىكى نۇقتىلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلامىيىتى گەرچە غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئۇ كەلگۈسىدە يەنىلا ئىسلامىيەت پەيدا بولغان رايون ـ غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن تەسىرنى قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن «ئەسلىيەت» تىن مەلۇم دەرىجىدە يىراقلىشىدۇ.

## ھازىرقى زامان ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى

1979 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىراندا پارتلىغان «ئىسلام ئىنقىلابى» ئەينى چاغدا «دۇنيادا ھەربىي جەھەتتە 5 ـ كۈچلۈك

---

① ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1928 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە 10 مىڭدىن كۆپ مەسچىت تاقالغان. چېن خوگېن، جاۋ لۇڭگېڭ: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي مەسىلىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ 1983 ـ يىل 3 ـ سانى.

دۆلەت» دەپ ئاتالغان پەھلىۋى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، «ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىسلامىيەت شوئارى ئاستىدا قوزغالغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دولقۇنى شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرقتىن غەربىي ئاسىياغىچە بولغان ھىلال ئاي شەكىللىك كەڭ بەلۋاغدا قانات يايدى. ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھەرقانداق بىر خىل ئىجتىمائىي - سىياسىي ھەرىكەت سەۋەبسىزلا بارلىققا كەلمەيدۇ. جۈملىدىن، ھازىرقى زامان ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ئۇنىڭ سەۋەبى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك: بىرىنچىسى، غەرب مەدەنىيىتى بېسىپ كىردى. غەربنىڭ قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىگە كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا غايەت زور زەربە بېرىلدى. ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئائىلە، قوۋم مۇناسىۋىتىدە تەۋرىنىش بولدى. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ غەرب مەدەنىيىتىدىكى نۇرغۇن چىرىتكۈچى ئامىللار ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز چىرىتتى. مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇنىڭدىن بىئاراملىق، تىت - تىتلىق ھېس قىلىپ، بۇنىڭ ھەممىسىنى دىنىي ئاڭنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە يىمىرىلىشىدىن كۆردى. ئىككىنچىسى، ئەرەب مىللەتچىلىكى، «سوتسىيالىزمى» ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 30 يىل مابەينىدە،

ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرى ئىستىقبال يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا ئۈمىدىنى مىللەتچىلىك ۋە ئاتالمىش «سوتسىيالىزم»غا باغلىغانىدى. بىراق، تۈگىمەس ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، سىياسىي ئۆزگىرىش، مۇستەبىتلىك ھەم چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قول تىقىشى ۋە ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، بولۇپمۇ 1967 - يىلدىكى 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئەرەبلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولۇشى نەتىجىسىدە مىللەتچىلىك، «سوتسىيالىزم»، دەھرىيلىك زور بىر قىسىم ئامما ئىچىدىكى تەسىرىدىن مەھرۇم قالدى. ئىسلام دىنىنىڭ قىممىتى قايتىدىن يۇكسەك باھاغا ئېرىشتى. ئۈچىنچىسى، زور كۆپ ساندىكى ئىسلام دۆلەتلىرى ئارقىدا قالغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولۇپ، مىللىي ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنگەن. ئىشسىزلىق، نامراتلىق، جىنايەت ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا شەھەرلەردىكى غەيرىي تەرەققىيات، مۇھىت بۇلغىنىش، نوپۇس زىيادە كۆپىيىش، قاتناش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن، ئىجتىمائىي زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلەشكەن. ئاز ساندىكى نېفىت چىقىدىغان باي دۆلەتلەردىمۇ باي - نامراتلىق مەسىلىسى ئېغىر ھالدا ساقلانغان. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى نارازىلىق كەيپىياتىنى ۋە ئىسلامىيەتتە تەشەببۇس قىلىنىدىغان «ھەققانىيەت، باراۋەرلىك، دوستلۇق»قا ئىنتىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «غەرب كېرەك ئەمەس، شەرقنىڭمۇ (سوتسىيالىزم) مۇ كېرەك ئەمەس، پەقەت ئىسلامىيەتلا كېرەك» دېگەن ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تىپىك شوئارى ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئورتاق سادا قوزغىدى. ھازىرقى زامان ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ ئېقىم بار:

بىرىنچىسى، ساپ دىنىي خاراكتېردىكى ئېقىم. ئۇ تەشكىللىك بولمايدۇ، قاتناشقان ئامما ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ دىنىي

ئېتىقادى جەھەتتىكى ئىنتىلىشى ۋە شۇكرىسى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، دىنىي - سىياسىي خاراكتېردىكى ئېقىم. ئۇ ئادەتتە ئىسلام دۆلەتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭغا مەشھۇر دىنىي زاتلار رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭدا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ھەمكارلىشىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بەزىدە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي مەسىلىلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، پەلەستىنگە مەدەت بېرىش، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا تالاش - تارتىشىغا ئىشتىراك قىلىش قاتارلىقلار. ئەمما، ھەرىكەت جەھەتتە مۆتىدىلرەك بولىدۇ. مەسىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئۇ قوللىغان بەزى خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتلىرىغا ئوخشاش. ئۇنىڭدا پانئىسلامىزم تۈسى بار. ئەمما، ھازىر خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش تەلىپىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەنلىكتىن يېڭى پانئىسلامىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئەسەبىي سىياسىي خاراكتېردىكى ئېقىم. بۇ ئاخبارات ۋاستىلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىنىغان تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك» تۈر. ئادەتتە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىيىسى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما، ئۇ سىياسىيلاشقان، تەشكىللەشكەن ئەھۋالدا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىيىسى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە غايەت زور زەربە بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىياسىي خاراكتېردىكى، بولۇپمۇ ئەسەبىي سىياسىي خاراكتېردىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى دىنىي ھەرىكەت بولماستىن، سىياسىي ھەرىكەتتۇر.

باشقا دىنلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىسلام دىنىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئېڭى بار، مۇنداقچە ئېيتقاندا سىياسىيلىشىش يۈزلىنىشى بار؛ يەنە كونىلىققا قايتىش مەسىلىسىدە، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئىسلامىيەت گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە «قۇرئاننى ئاساس قىلىش» تەك كونىلىققا قايتىش خاھىشى بار. شۇڭا، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا چىگىش، مۇرەككەپ ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنى تومتاقلا قىلىپ «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» دەيدۇ.

«ئەسلىيەتچىلىك (Fundamentalism) دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپتە خرىستىئان دىنىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە خرىستىئان دىنىدىكى «دىنىي ئېتىقادتىكى دەسلەپكى، نېگىزلىك، ساپ ئەقىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان» مەزھەپنى كۆرسىتەتتى. «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» بولسا پەقەت ئىسلام دىنىنى ساپلاشتۇرۇش، قۇرئانغا ئاساسلىنىش تەشەببۇسىغا قارىتىلغان ئاتالغۇدۇر. ھالبۇكى، ھازىر خەلقئارا جەمئىيەت ئەڭ ئەيىبلەۋاتقان ۋە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» ئۇچىغا چىققان سىياسىي خاراكتېرلىك ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى ياكى تېررورچى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنۇلار: (1) دىنىي قايتا گۈللەندۈرۈش نامى بىلەن سىياسىي مەقسىتىنى يوشۇرىدۇ، سىياسىيغا بار كۈچ بىلەن ئىسلام تۈسى بېرىدۇ، ھەمىشە ئەسەبىي مىللەتچىلىك بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ كېتىدۇ. (2) سىستېمىلىق نەزەرىيىسى بار، مەسىلەن مەۋدۇدى (1903 — 1979)، قۇتبى (1906 — 1966)، ھۆمەينى (1902 — 1989) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىگە ئوخشاش. (3) ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «غازات» قۇرئاندىكى ئاساسىي ئۇقۇم بولمىسۇ، ئۇنى تېررورلۇق —

زوراۋانلىق قىلىش دەپلا ئىزاھلاشقا بولمايدۇ، ئىسلام فىقھىچىلىرى ئادەتتە ئاللا يولىدىكى ئىشلارغا «كۈچ چىقىرىش» ياكى شۇ جەھەتتە «كۈرەش قىلىش» نى چىقىش قىلىپ، غازات مەجبۇرىيىتىنى ئورۇنداش ئۇسۇلىنى «دىلنى ئىشقا سېلىش»، «ئېغىزنى ئىشقا سېلىش» ۋە «قولنى ئىشقا سېلىش»، ئەڭ ئاخىرىدا «قىلىچنى ئىشقا سېلىش» قا يىغىنچاقلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قىلىچنى ئىشقا سېلىش» نى ئامال بولمىغاندا قوللىنىشنى كۆرسىتىپ، غازاتنىڭ مۇداپىئە خاراكتېرىگە ئەھمىيەت بەرگەن. تېررورچى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى بولسا ئۇنى غالجىرانە پارتلىتىش، ئايروپىلان بۇلاش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق ـ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يات دىن مۇخلىسلىرى ۋە ئاتېئىزمچىلار بىلەنلا ئەمەس، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى دىن ئاسىيلىرى بىلەنمۇ قانلىق كۈرەش قىلىشنى تەرغىب قىلغان. ھەربىر مۇسۇلماندىن زامان ـ ماكان ۋە ئۇسۇلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، خالىغان چاغ ۋە خالىغان جايدا ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بىلەن ئاللا يولىدا كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلغان. (4) ئۇنىڭ يادرولۇق تەشكىلاتى «ئىسلام ئاللا پارتىيىسى»، «ئىسلام مۇھاپىزەتچىلىرى»، «غازاتچىلار» دېگەندەك ئەسەبىي سىياسىي تەشكىلاتلار بولۇپ، كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنمايدۇ. (5) ئۇنىڭ ئەزالىرى ياشلاشقان، زىيالىيلاشقان بولۇپ، غوللۇق كىشىلىرى، باشلىقلىرى ئادەتتە دىنىي زاتلار ئەمەس.

تېررورچى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدا ياپونىيىلىك ئالىملار مۇنداق بەش شەرت ـ شارائىتنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) سىياسىي قاشاقلىق ۋە مەركەز نوپۇزىنىڭ ئاجىزلىشىشى؛ (2) ئىقتىساد تۇرغۇنلىشىش ۋە تۆۋەنلەش ھەمدە باي ـ نامراتلىق پەرقى چوڭىيىش؛ (3) دۆلەت

ئىچىدىكى ئامىل بىلەن دۆلەت سىرتىدىكى ئامىل گىرەلىشىپ كېتىش، ئامانلىق ئەھۋالى يامانلىشىش؛ (4) غەرب ئىدىيىسى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ كىرىشى سەۋەبلىك تەھدىتكە ئۇچراش؛ (5) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان پارتىيە غەرب ئىدىيىسىنى قوللىغان دەپ قارىلىپ، ئىسلامىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ ھۆكۈمەتنى تەنقىدلەش.① ياپونىيە ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ بەش شەرت ـ شارائىتنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈش ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭدا ئاساسىي جەھەتتىن شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرقلەردىكى ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان. ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بۇ جايلاردىكى ئاساسلىق ئىپادىسى غەربكە قارشى تۇرۇش بولغان، ھالبۇكى ئەينى چاغدىكى ئافغانىستاندا سوۋېت ئىستىلاچىلىقىغا قارشى تۇرۇش بولۇپ ئىپادىلەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىپادىسى بولسا ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقىغا باغلىق. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېخىمۇ تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتى (غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئىسلامىيەتكە بولغان «بىر تەرەپلىمە قاراش» ۋە «تەشۋىش» تىن ۋاز كېچىشكە ئاگاھلاندۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ كوممۇنىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىشى، ياۋروپا، ئامېرىكىغا نىسبەتەن يامان ئىش بولمىدى. بىز بۇيەردە يەنە بالايىئاپەتنى شەرققە باشلاپ، تېررورچى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئارقىلىق

---

① «ياپونىيە ئالىملىرى ھۆكۈمەتنى ئىسلامىيەتكە بولغان تەشۋىش ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ۋاز كېچىشكە ئاگاھلاندۇردى»، «ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتى» نىڭ 1993-يىللىق سانى.

جۇڭگونى چەكلەش ـ تىزگىنلەش غەربنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

نۆۋەتتە دىنىي خاراكتېردىكى، دىنىي ـ سىياسىي خاراكتېردىكى ۋە ئەسەبىي سىياسىي خاراكتېردىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتتى، ئىسلام دىنىدا كۈچلۈك سىياسىيغا ئارىلىشىش خاھىشى ئىگە بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇق يوق. شۇڭا، پۈتكۈل ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشى توغرىسىدىكى قاراشلار سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا بار ئىدى. بىر غەرب ئالىمى مۇنداق دەپ قارىغان: 1987 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا روشەن ھالدا ئىسلامىيەتكە قايتىش ھادىسىسى بارلىققا كەلگەن، ئۇ مۇنداق ئۈچ قاتلامدا ئىپادىلەنگەن: (1) ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئامما ئىچىدە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئېتىقادنىڭ ھاياتىي كۈچى يېڭىۋاشتىن ئۇرغىغان؛ (2) ئەنئەنىۋى ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سوپى قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ئۆزلۈكسىز كۆپەيگەن؛ (3) ئىسلامىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا، ياش زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسلامىيەت ئىدىيىسىدىكى مىللىي مەدەنىيەت ۋە تارىختا بولغان يېڭى قىزىقىش قوزغالغان. بۇ ئالىم بىر قىسىم تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلغان،

ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، 1986 - يىلى تاجىكىستاندىكى تېببىي ئىنستىتۇت ۋە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 6.9% ىلا ئۆزلىرىنى ئاتېئىزمچى دېگەن. 1987 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ قاشقا دەريا دېگەن يېرىنىڭ مەلۇم رايونىدىكى 70% ئادەم دىنىي ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلغان، ئۆلارنىڭ ئىچىدە 80% ى يۇقىرى ياكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەربىيە ئالغان.① ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل تەكشۈرۈشكە ئىشەنمەسلىككىمۇ، تولۇق ئىنىشىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا دىنىي ئۆرپ - ئادەت بىلەن مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ. باشقىچە ئېيتساق، يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك دىنىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئوتتۇرا ئاسىيادا تولىمۇ تەكشىسىز. بەزى ئايرىم نۇقتىلار ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش راست بولغان تەقدىردىمۇ، ئايرىملىق ئومۇمىيلىققا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئالىمنىڭ ئۈچ نۇقتىلىق يەكۈنىنى پۈتۈنلەي توغرا دېيىش ناھايىتى تەس بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى: (1) بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىن مۇخلىسلىرى خەلق ئىچىدىكى ئاقساقاللار ئەمەس، بەلكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە كومپارتىيە كادىرلىرى بولغان؛ (2) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەت تېزلىكتە بىر خىل سىياسىي خاھىشقا ئايلىنىپ، چەت ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تۈرلۈك ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن كۆپ پەرقى قالمىغان؛ (3) بۇ قېتىمقى ئىسلامىيەتكە قايتىش ھۆكۈمەتنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققان، ھەرگىزمۇ «ئاشكارىلىنىش» ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات

---

① ئالېكساندىر بېننىگسون: «ئىسلام دىنىغا نەزەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالى» نىڭ 1989 - يىل 1 - سانى.

ۋاستىلىرىنىڭ يەڭگىللىكىدىن كېلىپ چىقمىغان. 1986 ـ ، 1987 ـ يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتنىڭ تىرىلىشى ئافغانىستان پارتىزانلىرىنىڭ رۇسىيىلىك كوپپارلارغا قارشى غازاتتا ئېرىشكەن نەتىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.① هازىر قايتا قارايدىغان بولساق، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەقىقەتەنمۇ ئىسلامىيەتكە قايتىش ئالامىتى كۆرۈلگەن بۇ بەلكىم دەل سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشىنىڭ بىشارىتى بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدىكى ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ ياشلاشقانلىقىنى راست دېگەندىمۇ، ئەمما بۇ مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسىنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيە كادىرلىرى ـ دەپ ھۆكۈم قىلىش ئاغزىغا كەلگىچە بىلجىرلاشتەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتنىڭ تىرىلىشى ئافغانىستان ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشنىڭ مۇئەييەن ئاساسى بار. ئەمما گورباچوف ئوتتۇرىغا قويغان «ئاشكارىلىشىش» بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ كېسىپ ئېيتىش بىرئاز ئۆز بېشىمچىلىقتەك قىلىدۇ. مەسىلەن، شۇ چاغدا تاجىكىستاندا «ئىسلام ھەقىقىتى» دېگەن قەرەللىك ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭغا جامالىدىن ئافغانىي، ھۇمەينىي، مەۋدۇدىلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە سۆزلىرى ئۈزۈلدۈرمەي بېسىلغان.② گەرچە ئەينى ۋاقىتتا تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى دائىرىلىرى بۇ ژۇرنالنى پېچەتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نارلىققا كېلىشى بۇ ژۇرنالنى «ئاشكارىلىشىش»، ئەركىنلىشىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدۇر.

---

① ئالېكساندىر بېنىنزون: «ئىسلام دىنىغا نەزەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالى» نىڭ 1989 ـ يىل 1 ـ سانى.

② خۇاڭ لىگيۇ: «تاجىكىستاندىكى ئىسلام دىنى»، «شەرقىي ياۋروپا»، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ سانى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تېزدىن كۆپەيدى. ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىنى كۆزەتكۈچىلەر ۋە بەزى ئالاقىدار ئالىملار مۇنداق دەپ قاراشتى: ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئىسلام دىنى «ئومۇمىيۈزلۈك قايتا گۈللەندى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى ھەقىقەتەن يالقۇنلىدى».① دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمدىلا مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەردە نۇرغۇن ئالاھىدە ئىشلار كۆرۈلدى.

1. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئىسلام دىنىغا بولغان قىزىقىشىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئىپادىلىدى. زۇڭتۇڭ نازارباييېۋ ئىجتىمائىي ئىدىيە توغرىسىدىكى مەخسۇس ماقالىسىدە: «دىن ھازىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەنىۋىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى»، «ئىنسانىيەتنىڭ بەزى ئورتاق غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى بولىدۇ»② دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. زۇڭتۇڭ كەرىموف: «دىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىشەنچلىك ھەمراھى، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى. بىز ئىسلام دىنىدىكى — ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىدىكى مىسالالار ئارقىلىق، بىز بۇ نۇقتىغا ئىشىنىشكە ھەقلىق» دېدى.③ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بەزى زاتلار: «قۇرئان، ئىنجىلدىنمۇ ياخشى ئىدېئولوگىيە يوق» دەپ ئاشكارا داغدۇغا قىلدى.④

---

① شېن يىپېڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتىكى دىن مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان تەسىرى»، «شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1994 - يىلى 3 - سانى؛ ۋۇ چۈەنگۈن: «پانئىسلامىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەقدىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1993-يىللىق سانى.

② «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق قازاقىستان گېزىتى» نىڭ 1993- يىلى 10 - ئاينىڭ 9- كۈندىكى سانى.

③ كەرىموف: «21 - ئەسىرگە كىرىش ئالدىدىكى ئۆزبېكىستان»، 27 - بەت، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى، 1997 - يىل.

④ «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق قازاقىستان گېزىتى» نىڭ 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2- كۈندىكى سانى.

2. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى جايلىرىدا ئىسلام قايتا گۈللىنىش پارتىيىسى قاتارلىق ئەسەبىي دىنىي، سىياسىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. ھەتتا پەرغانىدە غەربىي ئاسىيادىكىدەك ئىسلام قوغدىنىش ئەترىتى بارلىققا كەلدى، ئۇلار ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى ئاشكارا تەرغىب قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتقىنى ئىسلام قايتا گۈللىنىش پارتىيىسى. بۇ پارتىيە 1990 ـ يىلى موسكۋادا تىزىمغا ئېلىنىپ قۇرۇلغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە تارماق ئاپپاراتلىرىنى قۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكىستان ئىسلام قايتا گۈللىنىش پارتىيىسى ئەڭ جانلىق بولغان. ئۇ تاجىكىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشقان، بۇ ئىچكى ئۇرۇش 5 ـ 6 يىل داۋاملىشىپ نەچچە ئون مىڭ ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان، نەچچە ئون مىڭ مۇساپىر سەرگەردان بولۇپ كەتكەن.

3. مەسچىت سېلىش ئەۋج ئالدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، دىنغا قارشى تەشۋىقات تۇپەيلىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئارانلا 160 مەسچىت قالغان، بىراق 3 ـ 4 يىل ئىچىدە يېڭىدىن سېلىنغان مەسچىت 5000 غا يەتكەن.① تۈركمەنىستاندا 1987 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە مەسچىت ئەسلىدىكى 4 تىن 115 كە كۆپەيگەن.② ھەج قىلىدىغانلار زور دەرىجىدە ئاشقان. ھېيىت ئۆتكۈزۈش، نىكاھ ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى دىنىي قائىدە بويىچە قىلىش يۇشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارىلىنىققا ئۆتكەن.

---

① شىن يىپىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتىكى دىن مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان تەسىرى»، «شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1994 ـ يىل 3 ـ سانى.

② ۋۇ چۈەنگۇن: «پانئىسلامىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەقدىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1993 ـ يىللىق سانى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان «ئاشكارىلىشىش» ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە غەربىي ئاسىيادىن كەلگەن تەسىر تۈپەيلىدىن، ئۇزاق مۇددەت چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

1. ئوتتۇرا ئاسىيا گەرچە يات مىللەتلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇزى، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە ھوقۇق تۇتقۇچىلارنىڭ بېسىمىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ 70 يىللىق دىنغا قارشى تەشۋىقاتى تۈپەيلىدىن، بۇ رايوندىكى دىنىي ئاڭ زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقان، ئىسلامىيەتنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك قايتا گۈللىنىشى» نىڭ ئامىمىۋى ئاساسى كېمەيگەن. ئەمما ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ۋارىسچانلىقى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. ئىسلام مەدەنىيىتى ھازىر كەڭ مۇسۇلمانلارنى جەلپ قىلىدىغان، بىرلەشتۈرىدىغان مۇھىم تۈگۈن بولۇپ قالدى.

2. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى گەرچە دىنىنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى پەقەت «مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى»① دەپ قارىغان. زۇڭتۇڭ نازارباييېف قەتئىي ھالدا مۇنۇلارنى جاكارلىغان: «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش كېرەك» ، «ئاساسىي قانۇننىڭ دىن ئاساسىدا سىياسىي پارتىيە

① نەزەرباييېف: «21 ـ ئەسىر بوسۇغىسىدا» ، 124 ـ بەت، ئېتىم مەسىلىلىرى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.

قۇرۇشنى مەنئى قىلىش ۋە دىنىي گۇرۇھلارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ماددىلىرىنى چوقۇم ئىجرا قىلىش كېرەك. دىنىي ھېسسىياتتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتتە جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرۇشقا تېخىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك». ① زۇڭتۇڭ نىيازوف مۇنداق دېگەن: «ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېنى ئېنىق ھەم روشەن، يەنى دىنىي خاراكتېرى يوق دۆلەت قۇرۇش». ② زۇڭتۇڭ كەرىموف مۇنداق دېگەن: «بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا دىنىي شوئارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش بايرىقى بولۇپ قېلىشىغا، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە قانۇنغا ئارىلىشىشىنىڭ باھانىسى بولۇپ قېلىشىغا يول قويمايمىز. چۈنكى، بىز بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن يوشۇرۇن تەھدىت دەپ قارايمىز». ③ ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ئىسلام قايتا گۈللىنىش پارتىيىسى ۋە باشقا ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى كەسكىن جاكارلىغان ھەمدە ئەنسىزلىكتە قالغان پەرغانىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلام قوغدىنىش ئەترىتىنى قۇرۇش خىيالىدا بولۇۋاتقان دىنىي ئۇرۇشقاقلارنى باستۇرغان. ④ ئۆزبېكىستان دائىرىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە تەستىقىدىن ئۆتكۈزمىسە، ئاھالىلەر مەبلەغ جۇغلىغان تەقدىردىمۇ قايتىدىن مەسچىت سېلىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغان. ئۆزبېكىستان پارلامېنتى «ئېتىقاد ۋە دىنىي تەشكىلات ئەركىنلىكى قانۇنى» نى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلار كومىتېتىغا نازارەت قىلىش ھوقۇقى، سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى، ئاخبارات تەكشۈرۈش ھوقۇقى قاتارلىق كەڭ ھوقۇقلارنى بەرگەن.⑤

---

① «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق قازاقىستان گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى سانى.

② «تۈركمەن ئۈچقۇنى گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈندىكى سانى.

③ كەرىموف: «21 ـ ئەسىرگە كىرىش ئالدىدىكى ئۆزبېكىستان» ، 34 ـ بەت.

④ ئامېرىكا « دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ 1993 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈندىكى سانى.

⑤ رۇسىيە «مۇستەقىللىق گېزىتى» نىڭ 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.

3. مەسچىتلەرنىڭ سانى ھەققەتەن كۆپەيگەن. تۈركمەنىستاننى ئېلىپ ئېيتساق، مەسچىت 4 تىن 100 نەچچىگە كۆپەيگەن، بۇ كىشىنى بەكمۇ چۆچۈتىدۇ. ئەمما، نەچچە مىليون ئادەم بار دۆلەتتە بۇنچىلىك مەسچىت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرالماسلىقى مۇمكىن. بەزى جايلاردا مەسچىت سېلىنسا ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان، بۇ ئەھۋال مەسىلىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا تاجىكىستاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا دۆلەتلەردە ئىسلام قايتا گۈللىنىشىنىڭ يۈزلىنىشى سىلىق ھالەتنى ئىپادىلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور كۆپچىلىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئاممىۋى دىنىي خاراكتېردىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشكە سەۋر ـ تاقەت قىلدى. دىنىي سىياسىي خاراكتېردىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشىدىن ھوشيار بولدى. ئەسەبىي سىياسىي خاراكتېردىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشىنى چەكلىدى ۋە ئۇنىڭغا زور زەربە بەردى. تاجىكىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي بولۇشىغا غەربىي ئاسىيانىڭ تەسىرىدىن سىرت، ئاساسلىقى يەنىلا ئەينى چاغدىكى تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسەبىي سىياسىي خاراكتېردىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىگە سۈكۈت قىلغانلىقى، يۇمشاق قوللۇق قىلغانلىقى ۋە پرىنسىپسىز ھالدا يول قويغانلىقى سەۋەب بولدى. تاجىكىستاننىڭ ساۋىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ يۇكسەك دىققىتىنى قوزغىدى ھەمدە رۇسىيىدىمۇ خاتىرجەمسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1994 ـ يىلىلا روسىيە ئالىملىرى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى كېڭەيمەكتە، ئۇ «تاجىكىستاننى ئىگىلىۋالسىلا ئارقىسىدىكىسى ئۆزبېكىستان، ئاندىن قازاقىستاننىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلار رايونى بولىدۇ. . . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىمالىي كاۋكاز

بېسىمنى كۈچەيتىشى، قوشۇمچە رول ئويىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى تەرەپ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئۇچرىشىش ئۇستىدە ئىزدىنىشى ھەمدە داۋاملىق ھالدا رۇسىيىنىڭ بۇ بۈيۈك دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا قارشى ئىلگىرىلەپ، رۇسىيىنى ئىككى قىسىمغا — غەربىي قىسىم ۋە شەرقىي قىسىمغا بۆلۈۋېتىشى» ، ئەڭ ئاخىرىدا، رۇسىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سېلىشى مۇمكىن.① 1998 - يىلى رۇسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخبارات كاتىپى رۇسىيە - ئۆزبېكىستان - تاجىكىستاننىڭ ئۈچ دۆلەت سىياسىي ھەمكارلىق گۇرۇھى قۇرۇشى توغرىسىدا مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دېگەن: «ئەسلىيەتچىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، رۇسىيىگىمۇ تەھدىت سالىدۇ، چۈنكى ئۇ شىمالىي كاۋكازغا چېتىلىدۇ» . زۇڭتۇڭ يېلتسىن بۇ ھەقتە مۇنداق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن: «ھەقىقەتەن بىز ھەمكارلىقىمىزنى ئىستراتېگىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ زۆرۈرىيەت، چۈنكى كەرىموفنىڭ ئېيتقىنىدەك، جەنۇبىي قىسىمدا رېئال ئىدېئولوگىيە خەۋپى مەۋجۇت» .②

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلى

90 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ

---

① رۇسىيە «مۇستەقىللىق گېزىتى» نىڭ 1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانى.

② رۇسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى — تاس س ئاگېنتلىقىنىڭ موسكۋا 1998- يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسى.

تېررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ ئىدى. 70 ـ، 80 ـ يىللاردا تۈرلۈك تېررورلۇقلار باش كۆتۈردى. 90 ـ يىللاردا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تېررورلۇق يامراپ، ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى زەھەرلەيدىغان ئېغىر مەسىلىگە ئايلاندى.

«كوسوۋو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى» يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، يات مىللەتتىن بولغان ئاددىي پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربنىڭ ئاشكارا قوللىشىغا ئېرىشكەندە تېخىمۇ ئەدىدى. ئۇ بالقان رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى داۋالغۇتۇپلا قالماستىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە غايەت زور ئىلھام بەدى.

چېچېنىيە بۆلگۈنچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ كەلدى. توپلىشىپ ۋەقە چىقىرىش، ئاددەملەرنى گۆرۈگە ئېلىش، قاتىللىق قىلىش ۋە پارتلىتىشتىن قانۇنسىز قوراللىق كۈچ تەشكىللەشكىچە تەرەققىي قىلىپ، رۇسىيە قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشتى. شىمالىي كاۋكازدىن تارتىپ رۇسىيىنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە بولغان جايلاردا ۋەزىيەتنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى.

ئافغانىستان ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ تۇتىشىدىغان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىچكى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، ئىزچىل ھالدا تۈرلۈك زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قىزىق رايونى بولۇپ قالدى. تالىبانلار باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، خەلقئارا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ ئەسەبىي كۈچلىرى ۋە تېررورچى ئۇنسۇرلىرى مۇشۇ جايغا توپلاندى. ئافغانىستاندىكى تالىبانلار تاجىكىستاندىكى ئىچكى

ئۇرۇشقا، كەشمىر تالاش ـ تارتىشىغا ئارىلاشتى. چېچېن مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنى ھەربىي، سىياسىي دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىدى ھەمدە خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ پېشۋاسى بىن لادىن بىلەن زىچ تىل بىرىكتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا،¹ غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى تېررورچىلىقنىڭ يادرولۇق بەلۋېغى بولۇپ قالدى.

كەشمىر تالاش ـ تارتىشىنىڭ بولۇۋاتقىنىغا ئۈزۈن يىل بولدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ ئۈزلۈكسىز كەسكىنلەشتى، زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق ۋەقەسى ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بەرمەكتە. بۇ يەردىكى ئەھۋال شۇكى، كەشمىر بۆلگۈنچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىيەتچىلىك بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئۇلار ھىندىستان ـ پاكىستان توقۇنۇشىغا ئارىلىشىپ ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن كەشمىرنىڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپلىشىپ ھەر ۋاقىت بومبىدەك پارتلاشقا تەييار تۇرماقتا.

ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق ھۇجۇم نۇقتىسى تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستاننى ئايرىپ تۇرىدىغان جاي ـــ پەرغانە ئويمانلىقى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، تاجىكىستاندا ئىچكى ئۇرۇش توختىمىدى. تاجىكىستان، ئۆزبېكىستاندىكى ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر تالىبان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتى. 1999 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۆزبېكىستاندىكى ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر پايتەخت تاشكەنتتە ئىسلام كەرىموف ھاكىمىيىتىگە قارىتىلغان «16 ـ فېۋرال» پارتلىتىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان. شۇ يىلى 8 ـ، 10 ـ ئايلاردا بۇ جىنىدىن تويغان ئەبلەخلەر پەرغانە ئويمانلىقىدىكى باتقىندا قىرغىزىستاننىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنى ۋە ياپونىيىنىڭ تۆت گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسىنى تۇتۇۋالغان. قىرغىزىستان

تەرەپنىڭ تېررورچى ئۇنسۇرلار بىلەن مۇرەسسەلىشىشى (جۇملىدىن ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ پۇل تۆلىشى) نەتىجىسىدە بۇ گۆرۈگە ئېلىش كىرىزىسى «تىنچ ھەل بولغان» بولسىمۇ، تېررورچىلار غەلىبە قازانغاچقا، نوخۇلىسى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا ياراشتۇرغۇچى بولغان تاجىكىستاننىڭ بىر مىنىستىرى گويا ئارتىستەك كۆككە قاراپ غۇلىچىنى يېيىپ تۇرۇپ: «ئۇلارنى قانداقمۇ قورالسىزلاندۇرغىلى بولسۇن، بۇنداق قىلساق پالاكەت باسىدۇ! » دېگەن. بۇ باندىتلار ئۆزبېكىستاننىڭ ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يەنە تاجىكىستاننىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرى، چېچېن ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرى، بىن لادىن ئەۋەتكەن ئەرەب، پاكىستان تېررورچىلىرى، شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەھۋال شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلقئارا تېررورلۇقنىڭ مەركىزى غەربىي ئاسىيادىن ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكىلىپ، بىر چوڭ، بىر كىچىك «قوش ھىلال ئاي» شەكىللىك تېررورلۇق بەلۋېغى شەكىللەنگەن:

چېچېنىيە ـ ئۆزبېكىستان ـ تاجىكىستان ـ ئافغانىستان ـ كەشمىر.

قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان ـ تاجىكىستان ـ ئافغانىستان.

بۇ «قوش ھىلال ئاي» نىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئافغانىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا، ئالدىنقى سېپى پەرغانە ئويمانلىقىدا.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرى بىر قەدەر كۆپ، شۇنداقلا بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكى ئىككى تەشكىلاتتۇر:

ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى بۇ تەشكىلاتنىڭ تولۇق نامى Islam Movement Of Uzbekistan (IMU) بولۇپ، 1996 - يىلى رەسمىي قۇرۇلغان، 1999 - يىلىدىن ئىلگىرى كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ 1999 - يىلى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلدى. شۇ يىلى 8 - ، 10 - ئايلاردا ئۆزبېكىستان چېگرىسىغا قوشنا بولغان قىرغىزىستاننىڭ باتكىن دېگەن تاغلىق رايونىدا گۆرۈگە ئېلىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سېسىق نامى جاھانغا پۇر كەتتى. 2000 - يىلى ياز ۋە كۈزدە بۇ تەشكىلات يەنە پەرغانىنىڭ تاغلىق رايونىدا كىچىك كۆلەملىك قوراللىق توپىلاڭ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەتتا تاشكەنتنىڭ ئەتراپىغىچە يېتىپ باردى، شۇڭا « ھازىرقى زاماندىكى باسمىچىلار» دەپمۇ ئاتالدى. IMU نىڭ سىياسىي نىشانى كەرىموف ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، پەرغانىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش، سىياسىي رەھبىرى ئۆزبېكىستاندىكى نامانگەنلىك يولداش. ئۇ يەنە ھەربىي تەشكىلات بولۇپ، ھەربىي رەھبىرى ئۆزبېكىستاندىكى نامانگەنلىك 32 ياشلىق نامانگەنى، ئۇ 12 يىل ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پاراشوتچى ئەسكىرى بولۇپ ئافغانىستان ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ باش شتابى تالىبانىنىڭ پايتەختى قەندىھاردا تەسىس قىلىنغان. ئافغانىستاندا ئاز دېگەندىمۇ ئىككى يەردە ھەربىي بازىسى بار. تاجىكىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھازىرقى ھۆكۈمەت باشقۇرالمايدىغان جاي — تاۋۇردالادا ئالدىنقى سەپ ھەربىي قوماندانلىق مەركىزى تەسىس قىلىنغان. ئۇ بىن لادىن،

تالىبان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستان، كۇۋەيت، مىسىر، كەشمىر، چېچېنىيە قاتارلىق جايلاردىكى خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ مەبلىغى يېتەرلىك، قورال - ئۈسكۈنىلىرى خىل بولۇپ، ئەڭ يېڭى تىپتىكى بۆكتۈرمە مىلتىق، كېچىدە كۆرۈش ئەسۋابى، زەمبىرەك، زەھەرلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، راكېتالىرى بار. ئۇ نەچچە مىڭ قوراللىق باندىتقا ئىگە ئەسەبىي ئەسلىيەتچى تېررورلۇق تەشكىلاتتۇر. 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ باشلىقلىرى يولداش، نامانگەنىلەرگە ئۇلار سوتقا قاتناشمىغان ئەھۋالدا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، نامانگەنى توساتتىنلا ئافغانىستاندىكى باش شتابىدىن تاجىكىستاندىكى ئالدىنقى سەپ بازىسى تاۋىردالاغا قايتىپ كەلدى. 2001 - يىلى پۈتكۈل باھار ۋە يازدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى تولىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە بۇ باندىتلارنىڭ بېسىپ كېلىشىنى كۈتتى. لېكىن، 2001 - يىلى پەرغانە ئادەتتىن تاشقىرى تىنچ بولدى. كېيىن ئافغانىستاندىن نامانگەنى 3300 كىشىلىك قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپتۇ، ئۇ بەلخ ئۆلكىسى، تاھار ئۆلكىسى، بەدەخشان ئۆلكىسى قاتارلىق جايلاردا تالىباننىڭ تالىبانغا قارشى شىمالىي ئىتتىپاق بىلەن بولغان ئۇرۇشىغا قاتنىشىش بىلەن ئالدىراش ئىكەن، دېگەن خەۋەر كەلدى. ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىدىكى پائالىيىتى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۆزبېكىستان قىرغىزىستاننى بوشاڭلىق

قىلدى، دۆلەت زېمىنىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلالمىدى دەپ ئەيىبلىدى؛ تاجىكىستاننى ئۆزبېكىستاننىڭ بۇ دۈشمىنىنى پاناھلىنىدىغان يەر بىلەن تەمىنلىدى دەپ ئەيىبلىدى. تاجىكىستان ئۆزبېكىستان ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىنى بومباردىمان قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ئىراق، توپىلاڭ بۇ دۆلەتلەرنى، جۈملىدىن رۇسىيىنى يېڭى توپىلاڭ ھەرىكىتىنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ زېمىن بىخەتەرلىكى كېڭىشىش خىزمىتىنى باشلاشقا مەجبۇر قىلدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېررورچى ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان. تەربىيىلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ غوللۇقلارنىڭ ھەممىسى IMU نىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق قوشۇنىدا «سىناق مەزگىلىدىكى تەكشۈرۈش» نى قوبۇل قىلغان. بەزىلىرى ھەتتا IMU نىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 2000 - يىلى IMU نىڭ سىياسىي رەھبىرى يولداشنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ۋە پاكىستان، ئافغانىستاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئالماتادا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانىنى مۇزاكىرە قىلغان.① قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا تېررورچىلىقنىڭ سىياسىي نىشانى

① چېن يەنچى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېررورچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى، خەۋپى ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش»، «ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىم تەرەققىياتى» 2001 - يىللىق كۆك تاشلىق كىتاب، فەن جىيىڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى، 2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

پەرغانىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭەيگەندەك تۇرىدۇ. شىنجاڭ ھازىر ئۇلار كۆڭۈل بۆلىدىغان رايون بولۇپ قالغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نامانگەنى ئافغانىستاننىڭ بىر كىچىك بازىرىدا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» تەشكىل قىلغان. بۇ پارتىيە نىشانىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونى شىنجاڭدا ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دەپ بېكىتكەن. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۆزبېكلەردىن باشقا، يەنە چېچىنلەر، ئەرەبلەر، پاكىستانلىقلار ۋە شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىكەن.① يېڭى پارتىيىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي ئەسەبىيلىك بىلەن پان تۈركىزمنىڭ قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ خىل رەزىل كۈچنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

«11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئامېرىكا تالىبانغا ھەربىي زەربە بېرىشنى قانات يايدۇردى. IMU تالىباننىڭ چەت ئەللىك قوشۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن زەربە بېرىلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئىسپاتلانمىغان خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، نامانگەنى پارتىلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. IMU يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا تەرىپىدىن تېررورچىلار قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى تالىبانغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، IMU ئارقا سەپ

---

① ② «ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» نىڭ 25 ـ سانى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

بازىسى ۋە قوماندانلىق شتابىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا تەرىپىدىن خەلقئارالىق
تېررورلۇق تەشكىلات دەپ بېكىتىلدى. شۇڭا، ئۇ تەشكىلىي
جەھەتتە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە چوڭ
تەھدىت شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ قوراللىق
باندىتلىرىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كېلىپ
داۋاملىق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى چەتكە
قاققىلى بولمايدۇ.① بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك.

ھىزبىت بۇ تەشكىلاتنىڭ تولۇق نامى Hizb—ut—tahrir
(ئازادلىق تەشكىلاتى) بولۇپ، ئىنتايىن مەخپىي يەر ئاستى
ئىسلام تەشكىلاتىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سىياسىي
نىشانى «تۈركىستان» دا بىر چوڭ ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇش
ئىكەن. ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ
پروگراممىسى 19 ـ ئەسىردىكى جەدىد ھەرىكىتىنى ئاساس
قىلغان. جەدىد ھەرىكىتى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزملىق
ئىدىيىۋى ھەرىكەت. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان
پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەشكىلاتىدۇر. ئاساسلىقى شەخسلەر
ئارا ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش پائالىيىتىگە تايىنىدۇ. تەشۋىقات
ماتېرىياللىرىنى تارقىتىدۇ. ياشلار، ياش زىيالىيلار
خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەشكىلى
مۇستەھكەم، ھەرىكىتى يوشۇرۇن بولۇپ، باشلىقلىرى
تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ ۋە تۇيۇقسىز غايىب بولىدۇ. ھەتتا
ئاساسىي قاتلام ئەزالىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى
بىلمەيدۇ. ھىزبىت مۇنۇلارنى جاكارلىغان: «تىنچ غازات»
ئۇسۇلى بىلەن شەرىئەتنى يولغا قويىمىز، ئەمما بېسىمغا

---

① «ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىم تەرەققىياتى» 2001 ـ يىللىق كۆك تاشلىق كىتاب، فەن جىيېڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

ئۆچرىغاندا ئۇرۇش قىلىشنىمۇ چەتكە قاقمايمىز سوپىزمغا قارشى تۇرمايمىز ھەم ئۇنى قوللىمايمىز (بۇ نۇقتىدا ئۇ تىپىك ئەسلىيەتچىلىككە كىرمەيدۇ)؛ تالىبانىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئىسلام ھەرىكىتىنى قوللايمىز؛ بىن لادىنغا ھېسداشلىق قىلىمىز، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتىمىز يوق[1]. تەھلىلچىلەر مۇنداق دەپ قارىغان: دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ھىزبىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىيسىغا شەكىللەندۈرىدىغان تەھدىتى تىپىك قوراللىق توپىلاڭدىن خېلىلا زور. يېقىنقى ئىككى يىلدا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بۇ تەشكىلاتقا زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىۋېدى، بۇ تەشكىلات قوراللىق كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. قارىغاندا ئۇ تېرورلىشىش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقاندەك تۇرىدۇ.[2]

ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ھىزبىتىنىڭ IMU بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى جاكارلاپ، 1999 ـ يىلىدىن باشلاپ ھىزبىتىنى ئومۇميۈزلۈك باستۇرۇشقا كىرىشتى. ھىزبىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتىكى پارتلىتىش ۋەقەسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى بىلدۈردى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئېيتىشىچە ئۆزبېكىستان تۈرمىلىرىدە مۇشۇ تەشكىلاتنى قوللايدىغان 5000 دىن 10 مىڭغىچە مۇسۇلمان قاماقلىق ئىكەن. غەربنىڭ ۋە شۇ يەردىكى كىشىلىك ھوقۇقى تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە ئۇلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئاشىدىكەن. ھىزبىت شۇ سەۋەبتىن نىشانىنى تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق كەرىموف ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا بۇرۇغانلىقىنى جاكارلىغان.

---

① ئەخمەد راشىد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەر ئاستى ئىسلام ھەرىكىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» نىڭ 16 ـ سانى، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

② «ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» نىڭ 28 ـ سانى، 2001ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ئەسەبىي تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تۈۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچىسى، «مىللىي بۆلۈنۈش» ۋە «ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىش» تىن ئىبارەت ئىككى بايراقنى بىرلا ۋاقىتتا كۆتۈرۈپ چىققان؛ ئىككىنچىسى، روشەن سىياسىي نىشانى بار؛ ئۈچىنچىسى، قويۇق ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تۈسىگە ئىگە؛ تۆتىنچىسى، كۆپ دۆلەتكە تارقىلىش، دۆلەت ئاتلاپ ئالاقە باغلاشتەك پائالىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە؛ بەشىنچىسى، خېلى زور جەڭگىۋارلىق كۈچىگە ئىگە بولغان قوراللىق كۈچ شەكىللەندۈرگەن؛ ئالتىنچىسى، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بولۇش. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ئەسەبىي تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ خەۋپى ئۇنىڭ توقۇنۇش پەيدا قىلىش كۆلىمىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سىڭىشچانلىقى، كېڭىيىش دائىرىسى ۋە تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسىدە. دۆلىتىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قوشنا بولغانلىقى، پەرغانە رايونى دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بىلەن بىر تاغ ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىككى مەسىلە بار.

### *بىرىنچىسى، پانئىسلامىزم مەسىلىسى*

بۇ، كىشىلەر دائىم مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلە.

ئەمەلىيەتتە، پانئىسلامىزم يېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى بولۇپ، ئېنىق بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ھازىرقى زامان ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىدىكى دىنىي - سىياسىي خاراكتېرلىك ئېقىم پانئىسلامىزم تۈسىگە ئىگە، ئەمما ئەنئەنىۋى پانئىسلامىزم بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى يېڭى پانئىسلامىزم دېيىشمۇ بولىدۇ. يېڭى پانئىسلامىزىمغا سەئۇدى ئەرەبىستان ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا پائال سىڭىپ كىرىش مۇددىئاسى بار. مەسىلەن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولۇش ئالدى - كەينىدە «قۇرئان»نى ھەقسىز ھەدىيە قىلدى، تارقاتتى. مەسچىت سېلىشقا مەبلەغ ئاجرىتىپ ياردەم بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ تېررورلۇق - زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. دىنىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كۆپ ھاللاردا يەنە قانۇنلۇق بايراق ئاستىدا يوشۇرۇن سىياسىي - دىنىي خاراكتېرلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتكە ۋە مۇسۇلمانلارغا بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق، بۇ قانداقلا بولمىسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە قارىتا ئېغىر تەھدىت ئەمەس. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام قايتا گۈللىنىشى مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي پانئىسلامىزم دەپ يەكۈنلەش مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭى پانئىسلامىزم ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشىدىمۇ روشەن نەتىجە كۆرۈلمىدى.

## ئىككىنچىسى، ۋەھھابىيلىق مەسىلىسى

بۇ مەسىلە توغرىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ غۇلغۇلا بولدى. بۇ كىتابىتىمۇ مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىندى («ۋەھھابىي مەسىلىسىمۇ ياكى دىنىي ئەسەبىيلىك مەسىلىسىمۇ؟») بۇ يەردە مۇنۇلار دىققەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

ۋەھھابىيلىق ھەرىكىتى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كۆلىمى چوڭراق بولغان تۇنجى ئىسلام قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىدۇر. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى يەنىلا ۋەھھابىي مەزھىپىنى دۆلەت دىنى قىلغان. ۋەھھابىي مەزھىپى ساپ دىنىي ئەسلىيەتچىلىك بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسلىي ھالىتىگە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن «ئەسلىيەت» تىن چەتنىگەن سوپىزمنىڭ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا، ئۇلۇغلار قەبرىسى (مازار) گە تىۋىنىشنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. شۇڭا، ۋەھھابىي مەزھىپى بىلەن سوپى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش دىنىي ساۋاتسىزلىقتۇر.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «ئەسلىيەتچىلىك بىلەن ۋەھھابىيلىقنى تەڭ ئورۇنغا قويۇش ماھىيەتتە خاتا. چۈنكى ئالدىنقىسىنىڭ ئۇقۇمى تېخىمۇ كەڭ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ‹ۋەھھابىيلار› ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق ئاتاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ‹ۋەھھابىيلار› دېگەن نام بىلىسىز كىشىلەرنىڭ زادىلا ئوخشاشمايدىغان مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنى سۈرەتلەيدىغان ئىبارىسى بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ھۆكۈمەت دىنىي خادىملىرىنى تەنقىد قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەمنى ‹ۋەھھابىيلار› دەيدۇ».

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ۋەھھابىيلىق» سىياسىي كۆرەش بىلەن مەزھەپلەر كۈرىشىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ

مەھسۇلى، ئۇ ھازىر نوقۇل دىن سائەسىدىن ھالقىپ سىياسىيلىشىپ كەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ئەسەبىيلىكى ماھىيەتتە ئەسەبىي سىياسىي ھەرىكەت، ئۇنىڭ دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغانلىقىغا قاراپلا، ئۇنى دىن، ھەتتا دىنىي مەزھەپ دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

## تەرەققىيات يۈزلىنىشى

ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىيلىشىش مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر ھالدا ساقلانماقتا، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلىگەندە، تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئويلىنىش لازىم:

— ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىرى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئويلاش بىلەن بىللە مىللىي، ئىقتىساد ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى قىلغان، ئۇلار ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويىدۇ، دىن يەنىلا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ شەخسىي ئىشى بولىدۇ. ئومۇمەن قارىغاندا، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدىغان بوشلۇقى يوق.

— ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكلىرى داۋاملىق ھالدا كاۋكازدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن زىچ ھەمكارلىشىدۇ. چۈنكى، ئىلگىرى ئۇلار چەت ئەلدىكى ئىسلام تەربىيىلەش مەركىزىدە بىللە تەلىم ئالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆزبېكىستاننىڭ ئىسلام دىنى مەركىزى دەپ ئاتالغان

رامالوكانىن رايونىدىكى بىر مەسچىتتە چېچىنىيىدىن كەلگەن ئاتاغلىق دىندار سالامئەلى تورايىف تەپسىر قىلىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاز رايونىدا پائالىيەت قىلىدىغان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ئەسەبىي تېررورچى ئۇنسۇرلىرى خەلقئارا ئىسلام رادىكال تەشكىلاتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە ئىكەن.

— ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششقا تەكلىپ قىلىش ئەكسىچە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋېتىشى مۇمكىن.

— ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ قوراللىق ئۇنسۇرلىرى ئېھتىمال ھەربىي كۈچى ئاجىز بولغان قىرغىزىستانغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. بۇ رايون خاراكتېرلىك جىددىي ۋەزىيەت ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئۈنۈملۈك ماسلىشىش مېخانىزمى ۋە تەشكىللىك تەدبىر كەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ئەسەبىي، تېررورلۇق ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرالىشى قىيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن بەك ئۈمىدۋار بولۇپ كەتكىلى بولمايدۇ.

## 6. ئافغانىستاندىكى «غازات» ئوتىنى ئۆچۈرۈرگىلى بولامدۇ؟

*ئافغانىستاندىكى «غازات» ئوتىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆچۈرۈش قىيىن.*

*ئۇ ئۆچۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك، خەلقئارا تېررورچىلىق» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.*

*ما پېنيەن*

«11 ـ سېنتەبىر» تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، تالىبان ھاكىمىيىتى تېزلا گۇمران بولدى، بىن لادىننىڭ «بازا» تەشكىلاتىمۇ ئېغىر زەربەيېدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە خەلقئارادىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئافغانىستاندىكى ھەرقايسى تەرەپلەر كېڭىشىش ئارقىلىق، ئاخىر كارزايى رەئىسلىكىدىكى ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى. يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغان بىر نەچچە ئايدىن بۇيان، ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، دىپلوماتىيە

پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. قايتا قۇرۇش مەبلىغى توپلاش، قوشنا دۆلەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش جەھەتلەردە مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قىيىن، ئەمما ئۈمىدلىك قەدەم باستى. ئەمما 20 نەچچە يىللىق ئۇرۇش، ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان مىللىي، دىنىي زىددىيەت، ھەرقايسى ئېقىمدىكى سىياسىي كۈچلەر ۋە مىلىتارىستلارنىڭ تىنىمسىز ئىچكى ئۇرۇشى، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئافغانىستاننى تالىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، بولۇپمۇ تالىبان ۋە بىن لادىننىڭ «بازا» تەشكىلاتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ تازىلانمىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئافغانىستاننىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن قارا سايە تاشلىماقتا. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» گە بىر يىل بولغان مەزگىلدە، «بازا» تەشكىلاتى بىن لادىننىڭ ئامېرىكا قوشۇنلىرى تۇرا - بورا تېغىنى بومباردىمان قىلغاندا ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىدى. گەرچە بۇ ئىش تولۇق ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، بۇ تەشكىلات يەنىلا داۋاملىق غازات قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆمەرمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، ئۇرۇشنى ئافغانىستان «ئازاد» بولغانغا قەدەر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، كارزايى ئىككى قېتىم قەستكە ئۇچرىدى. گەرچە ئۇ خەتەردىن ئامان قالغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى جېنىدىن ئايرىلدى، كابولنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى يەنىلا داۋالغۇپ تۇرماقتا. ھازىر دۇنيا خەلقى

ئالدىدا تۇرىۋاتقان مەسىلە ئافغانىستاندىكى «غازات» ئوتىنى ئۆچۈرگىلى بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدۇر.

## ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر نەچچە ئامىل

سىرتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ 20 نەچچە يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى ئەمدىلا ئاياغلاشتۇرغان، تارىختىمۇ ئەزەلدىن قۇدرەتلىك مەركىزىي ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ باقمىغان، ھازىرمۇ ئۆز قوشۇنى يوق، ئافغانىستان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ھەقىقەتەنمۇ كۆپ. مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئەقەللىيسى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئامىل مەۋجۇت:

### *تالىبان ۋە بازا تەشكىلاتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تازىلاش قىيىن*

ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا قاراتقان ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇمى تالىبان ھاكىمىيىتىنى بىراقلا بىتچىت قىلدى. تالىباننىڭ بۇنچە ئاجىز ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن كىشىلەر ئويلاپ باقمىغانىدى. بىراق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيەتمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقتى. بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنى يوقاتتى، لېكىن ھازىرغىچە ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ قالدۇق ئۇنسۇرلىرىنىڭ يەنە قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، قايەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. گەرچە تالىبان ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم بولغان، «بازا» تەشكىلاتى ئېغىر

زەربە يېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلمىدى. قالدۇق ئۇنسۇرلىرى تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق يەرلىك خەلقنىڭ قوغدىشى ئاستىدا يوشۇرۇنۇۋالدى.

ئۇلار ياكى يەرلىكلەر بىلەن ئوخشاش بولغان مەدەنىيەت ۋە ئىرق ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئادەتتىكى ئاھالە ئارىسىغا كىرىۋالدى ياكى مۆرەككەپ يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئامېرىكا گەرچە ئاخبارات خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى. ھازىرغىچە ئۆمەرنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى مەلۇم ئەمەس، زۇڭتۇڭ بوش «ھايات بولسا ئۆزىنى، ئۆلگەن بولسا جەسىتىنى كۆرۈش» كە قەسەم قىلغان بىن لادىننىڭ نەگە كەتكەنلىكى تېخىمۇ مەلۇم ئەمەس. ئامېرىكا ۋە تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە دۈشمەننى تاپالماي بىئارام بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە بىرلەشمە ئارمىيە سالاھىيىتى نامەلۇم قوراللىق ئۇنسۇرلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرايدىغان ۋەقەلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بەرمەكتە. «سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان» بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئامېرىكا يەنىلا ئېنىقلىيالمىدى.

تېخىمۇ قىيىن بولغىنى شۇكى، شۇ يەردىكى بەزى قەبىلە باشلىقلىرى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ دۈشمەن ئاخباراتىنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئالدىراش پىسخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ ھاللاردا ئۆز رەقىبلىرىنى تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى دەپ كۆرسىتىپ ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىن پايدىلىنىپ يوقاتماقتا. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى گەرچە قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن «گۇناھسىز» لارنى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار بەزىدە يەنىلا

كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغالماقتا. ئامېرىكىنىڭ ھازىر ئافغانىستاندا قىلىۋاتقان تېررورلۇققا قارشى كۈرىشىدىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىق دۈشمەننى تاپالماسلىق. بۇنىڭ ئەكسىچە، تالىبان ۋە بازا تەشكىلاتىنىڭ قالدۇق ئۇنسۇرلىرى ئافغانىستاندا ئامېرىكا ئارمىيىسىگە زەربە بېرىپلا قالماستىن، يەنە داۋاملىق ئامېرىكىدا تېررورلۇق ۋەقەسى پەيدا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكتە. ئامېرىكا زېمىنىدا تېررورلۇق ھۇجۇمى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سىگنال ئۈزۈلمىگەچكە، كىشىلەر خاتىرجەمسىزلەنمەكتە. ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈگىشى قىيىن. زۇڭتۇڭ بۇش 2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋېرگىنىيە ھەربىي ئىنستىتۇتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە «باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن بەزى تېررورچىلارنىڭ ئافغانىستانغا قايتا توپلىنىشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئافغانىستاندا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئورنىتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، يەنىلا ئامېرىكىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى» ، ئافغانىستاندا بولۇۋاتقان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنىڭ پات ئارىدا ئاياغلاشمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىر مەيدان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى، تالىبان ۋە بازا تەشكىلاتىنىڭ كۈچلىرى ئۈزۈل - كېسىل تازىلانمىسا، ئافغانىستاندا ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى.

## *مىللەت، دىن زىددىيىتىنى تۈگىتىش قىيىن*

ئافغانىستان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەت. ئاساسلىق مىللەتلەر پۇشتۇلار (ئاھالىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ) ، تاجىكلار (30%) ، ئۆزبېكلەر، خەزەرلەر، تۈركمەنلەردۇر.

ئاساسىي مىللەت بولغان پۇشتۇلار ئاساسلىقى ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قەندىھارنى مەركەز قىلغان ياي شەكىللىك رايوندا ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا خېلى كۆپ ساندىكى پۇشتۇلار پاكىستانغا قوشنا بولغان چېگرا رايوندا ئولتۇراقلاشقان. تاجىكلار، ئۆزبېكلەر ۋە تۈركمەنلەر ئاساسلىقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستانغا قوشنا رايونلارغا جايلاشقان. خەزەرلەر ئاساسلىقى ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كابول بىلەن ھېرات ئوتتۇرىسىدىكى خەزەرجات تاغلىق رايونىغا جايلاشقان. ئافغانىستاننىڭ 98% ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. پۇشتۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سۈننىي مەزھىپىگە، ئاز قىسمى شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. تاجىكلار، خەۋەرلەر شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، باشقا مىللەتلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئافغانىستاندا مىللىي زىددىيەت بىلەن دىنىي زىددىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەھۋال چىگىش ۋە مۇرەككەپ. پۇشتۇلارنى ئاساس قىلغان تالىبان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگە ئەمەل قىلىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن قاتتىق دىنىي ئەھكام، يوسۇنلارنى يولغا قويغان. شىمالىي ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى قوللىمايدۇ. تالىبان بىلەن شىمالىي ئىتتىپاقنىڭ كۈرىشى تۈپتىن ئېيتقاندا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىش يولىدىكى بىر مەيدان سىياسىي كۈرەش، شۇنداقلا ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان مىللىي، دىنىي زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ھالبۇكى، بۇنداق زىددىيەتنىڭ تالىباننىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئاخىرلىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

تالىبان دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا،

ئافغانىستاندىكى ھەرقايسى تەرەپلەر مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئاخىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان كارزايى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى، ئەمما تاجىكلار ۋە ئۆزبېكلەرنى ئاساس قىلغان شىمالىي ئىتتىپاق دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە، ئىچكى ئىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم تارماقنى ئىگىلىدى. ھوقۇق تەقسىماتىدا ئاساسىي تەڭپۇڭلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، زىددىيەتمۇ ۋاقىتلىق پەسەيدى. بىراق، بۇنداق تەڭپۇڭلۇقنىڭ زادى قانچە ئۇزاق داۋام قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەقىقەتەن بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن بۈيۈك مىللىي مەجلىستە جاپالىق سودىلىشىش ئارقىلىق ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى ھوقۇقنىڭ قايتا تەقسىم قىلىنىشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپنى داۋاملىق رازى قىلالىشى بىر مەسىلە؛ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر يېرىم يىللىق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىمۇ بىر مەسىلە. ئافغانىستاندىكى مىللىي، دىنىي زىددىيەتنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مىللىي، دىنىي توقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىش خەۋپى ھەرقاچان مەۋجۇت.

## *مىلىتارىستلار بىلەن يەرلىك كۈچلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنى تىنچىتىش قىيىن*

هازىر دۇنيادا، ئاز ساندىكى بىرقانچە دۆلەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىلىتارىستلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتقان دۆلەت ئېھتىمال ئافغانىستان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىلىتارىستلار بۆلۈنمىچىلىكى ئافغانىستاننىڭ ئەنئەنىسى. ئافغانىستان تارىخىدا ھەرقانداق بىر سۇلالە، ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت مىلىتارىستلارنى بىكار قىلالىغان، بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالىغان ئەمەس. شۇڭا، ئافغانىستان

تارىخىدا ئەزەلدىن ھەقىقىي قۇدرەتلىك مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ باقمىغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشتا بارلىققا كەلگەن بىر تۈركۈم مىلىتارىستلار قوشۇنلىرىغا قەد كۆتۈرۈشكە، بىرەر جايىنى ئىگىلەپ بۆلۈۋېلىشقا كىرىشىپ، يەر ئىگىلەش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئەمدىلا ئاخىرلاشقان ئافغانىستاندا مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشى يەنە باشلاندى. ئۇرۇش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ئافغانىستان خەلقى يەنە بىر قېتىم بالايىئاپەت ئىچىگە كىرىپ قالدى. تالىبانلار دەل ئاممىنىڭ مىلىتارىستلارغا قارشى نارازىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، «مىلىتارىستلارنى يوقىتايلى» دېگەن شوئارنى چاقىرىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تېزلا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. تالىبان گۇمران بولغاندىن كېيىن، مىلىتارىستلىق بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىدى. ھەر قايسى مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈرەش يەنىلا توختىمىدى. 2002 - يىلىغا قەدەم قويغاندا، قوراللىق كۈچلەر توقۇنۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر گېزىتتە كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شەرقتىكى شەھەر گەردىزدە ئوخشاش بولمىغان مەزھەپتىكى قوراللىق كۈچلەرنىڭ پاكتىيە ئۆلكىسىنى ئىگىلەش ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن كۆتۈرگەن قوراللىق توقۇنۇشى كۆرۈلگەن. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى كارزايى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئۆلكە باشلىقى باساخان ئۆكتىچىلەرنىڭ بىر داھىيسىغا گەردىزدىن ئايرىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەندە ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭ رابانىنى قوللىغۇچى پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان داھىي ئۇرازىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق

تالىشىپ قىلغان ماجىراسى ئاخىر قوراللىق توقۇنۇشقا، ھەتتا ئېغىر تىپتىكى قوراللارنى ئىشلىتىدىغان ئۇرۇشقا تەرەققىي قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا كارزايى ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، توقۇنۇش دەرىجىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن ساقلانغان. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى فاھىم بىلەن مۇئاۋىن مىنىستىرى دوستۇمنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ئارىسىدا 10 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم كەسكىن قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ نەچچە ئون ئادەم ئۆلگەن. ھازىر ئافغانىستان ئەمەلىيەتتە بىرنەچچە ئاساسلىق مىلىتارىست تەرىپىدىن كونترول قىلىنماقتا. پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان يۇنۇس ھارىس ئافغانىستاننىڭ جالالئابادنى مەركەز قىلغان شەرقىي رايونلىرىنى كونترول قىلغان؛ پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان ھەمىد ھاسان جەنۇب تەرەپنى ئىگىلىگەن؛ تاجىك مىللىتىدىن بولغان ئىسمىرخان غەربتىكى ھىرات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرقانچە ئۆلكىنى كونترول قىلغان؛ ئۆزبېك مىللىتىدىن بولغان رەشىد دوستۇم شىمالدىكى مۇھىم جاي مازارشېرىپنى مەركەز قىلغان شىمالىي رايونلارنى كونترول قىلغان. كۈچى ئازراق يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بولسا ئافغانىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. مىللەت ۋە رايون بويىچە ئايرىلغان مىلىتارىست كۈچلەر مۇئەييەن ئەمەلىي ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز رايونى ئىچىدە مۇتلەق سىياسىي تەسىر كۈچكىمۇ ئىگە. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھازىر كونترول قىلىۋاتقان جايلار پەقەت كابول ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار بىلەنلا چەكلەنگەن. شۇڭا، بەزى كىشىلەر ھەزىللەشتۈرۈپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى كارزايىنى «كابول شەھىرىنىڭ باشلىقى» دەپ ئاتىغان. بۇنداق رېئاللىق ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىنىڭ يۈزلىنىشى زور

دەرىجىدە مۇشۇ يەرلىك مىلىتارىست كۈچلەرنىڭ ھوقۇق تەقسىماتى لايىھىسىنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىغا باغلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت ئۈچۈن بىر قاتتىق سىناق بولۇپ قالىدۇ.

### *ئىگىلىكنى قايتا قۇرۇشتا قىيىنچىلىق كۆپ*

ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئافغانىستاننىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. تۈزۈكرەك بىرەر يول، كۆۋرۈكمۇ يوق. توك پەقەت 6% ئاھالىنى قانائەتلەندۈرەلەيدۇ. زامانىۋى سانائەت يوق، بەزى يېزىلاردىكىلەر توكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن تراكتور تولىمۇ قالتىس نەرسە بولۇپ قالغان. دوختۇرخانىلار ئاز ھەم ئاددىي، دورا ئىنتايىن كەمچىل. شەھەرلەردە قەۋەتلىك ئۆيلەرنى كۆپ كۆرگىلى بولمايدۇ، يېزىلاردىكىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كېسەك ئۆي. ھازىر ئافغانىستان كىشىلەرگە ئوتتۇرا ئەسىر دۆلىتى تەسىرىنى بېرىدۇ. سۈنئىي ئاپەت تۈگىگۈچە تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئافغانىستان ئۇدا تۆت يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى. 2001 - يىلىدىن بۇيان كۆپ قېتىم يەر تەۋرەپ مۇساپىرلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ئافغانىستاندا ئەگەر ئىگىلىك تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىسە، تىنچلىق ۋە مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش تەس. شۇڭا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، ئافغانىستاننىڭ ئۆز كۈچىگىلا تايانغاندا بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشنى تېزدىن باشلاش كېرەك. شۇڭا ب د ت ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق

تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئافغانىستانغا ياردەم بېرىش خەلقئارا يىغىنى 2002 - يىلى 3 - ئايدا ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا 50 دۆلەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە كەلگۈسىدىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئافغانىستاننى 3 مىليارد دوللارغا يېقىن ياردەم مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بەردى. ياردەم بېرىلىدىغان پۇل ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس، ئەمما بۇ مەبلەغ 20 نەچچە يىللىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا ئۇچرىغان ئافغانىستاننىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا زادىلا يەتمەيدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرىچە، ئافغانىستاننىڭ ئىگىلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا 15 مىليارد دوللار كېرەك ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىر ئافغانىستاننىڭ دۆلەت مەمۇرلىرى يەنىلا مائاش ئالالمايدىكەن، ھۆكۈمەت تارماقلىرى نورمال فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز ئىكەن، ئۇرۇش جەريانىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۇل ئەسلىھەلەرنى رېمونت قىلىش ۋە قايتا قۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن، ۋەتەنگە قايتقان مۇساپىرلارنى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك ئىكەن، ئارمىيە قۇرۇش، دوختۇرخانا سېلىش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەن. بىراق، تاكى ھازىرغىچە توكيو يىغىنىدا ۋەدە قىلىنغان ياردەم مەبلىغىنىڭ زور كۆپ قىسمى ئەمەلىيلەشمەپتۇ. قارىغاندا، ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدۋار بولۇش تەستەك قىلىدۇ.

### *سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشى كۆپ*

ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىنىڭ يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان يۇقىرىدىكى ئامىللاردىن سىرت، سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان بىر مۇھىم ئامىل. ئافغانىستان ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە

غەربىي ئاسىيانىڭ تۈتىشىدىغان نۇقتىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ، تالىبانلار دەۋرىدە بۇ دۆلەت خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ بازىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇ خەلقئارا جەمئىيەت تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەركەز بولۇپ قالدى. شۇڭا، تالىبانلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالاقىدار دۆلەتلەر ئافغانىستاندا ھۆكۈمەتسىز ھالەت شەكىللىنىپ، مىلىتارىستلار ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئەنسىرەشتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسەن بەس ـ بەستە ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشنىڭ تۈرلۈك پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئامېرىكا گەرچە ئافغانىستاندا ئامېرىكاپەرەس ھاكىمىيەت قۇرۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ، ھەر مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆپ مىللەتلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان، ھەتتا تالىباننىڭ پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان مۆتىدىل ئەزالىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي ئىتتىپاقنىڭ ھۆكۈمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇردى. فرانسىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا رەسمىي سۇنغان «ئافغانىستاندىكى ھەرىكەت پىلانى» دا ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئافغانىستانغا قوشنا دۆلەتلەر، ب د ت ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى «دائىملىق كېڭەشىش ئاپپاراتى» قۇرۇپ، ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. پاكىستان بولسا ئافغانىستاندا تالىبان مۆتىدىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مىللەتلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. رۇسىيە بىلەن ھىندىستان ھەرقانداق تالىبان ئەزاسىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتىغا كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇردى. ئەگەر ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىنىشى ئافغانىستاندىكى ھەر قايسى گۇرۇھلارنىڭ كېڭەشىشىنىڭ نەتىجىسى دېيىلسە، ئۇ يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئافغانىستاندىكى

قوراللىق گۇرۇھلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەر روشەن ئىختىلاپلىرىنى ئىپادىلىدى. رۇسىيە شىمالىي ئىتتىپاقنى، بولۇپمۇ ئىتتىپاق ئىچىدىكى تاجىكلار گۇرۇھىنى قوللىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسى روسىيىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى. ھىندىستان - پاكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن رۇسىيىنىڭكىگە ئوخشاش پوزىتسىيە تۇتتى. ئىران گەرچە شىمالىي ئىتتىپاقنى قوللىغان بولسىمۇ، ئاساسلىقى شىئە مەزھىپىدىكى خەزەر مىللىتىنى ۋە شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان گۇرۇھلارنى قوللىدى. پاكىستان تالىبان مۆتىدىللەر گۇرۇھىنى ھەم پۇشتۇ مىللىتى گۇرۇھىنى قەتئىي قوللىدى. ئامېرىكا پاكىستاننىڭ مەيدانىغا پۈتۈنلەي قوشۇلمىسىمۇ، لېكىن تالىبانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇسىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى تەسىرىنىڭ زورىيىپ كېتىشىنى خالىماي، شىمالىي ئىتتىپاقتىن كۆرە، پۇشتۇ مىللىتى گۇرۇھىنى قوللاشقا مايىل بولدى، شىمالىي ئىتتىپاققا مۇناسىپ ھالدا بېسىم ئىشلەتتى. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسلىنىپ، ئافغانىستان بۈيۈك مىللىي مەجلىسىدە ئېلىپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرغان قايتا ھوقۇق تەقسىماتىغا بار كۈچى بىلەن تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئارىلاشتى.

نەتىجىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك، ئامېرىكا قوللىغان كارزايى ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى، رۇسىيە قوللىغان شىمالىي ئىتتىپاق بولسا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە بىرقانچە مۇھىم تارماقنى ساقلاپ قالدى.

ئافغانىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ھوقۇق تەقسىماتىدا ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ شۇنداقلا ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ خىل تەڭپۇڭلۇقنى سۈكۈت ئىچىدە ئېتىراپ قىلماقتا. بۇنداق

تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان ھامان، شۇنىڭغا ئەگىشىپلا سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى قاچانلا بولمىسۇن يۈز بېرىشى مۇمكىن. كەلگۈسىدىكى ئافغانىستان ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ ۋە قوغداپ قېلىش - قالالماسلىقى، ئافغانىستاندا تىنچلىقنى ۋە قايتا قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاشۇرالماسلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

## ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىنىڭ يۈزلىنىشى

نۆۋەتتە ئافغانىستاننىڭ سىياسىيسى ئىنتايىن نازۇك، سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان بولغانلىقتىن، ھەرقانداق بىر تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا زور، ھەتتا تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. بىراق، قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال كۆرۈلۈشى مۇمكىن:

*بىرىنچىسى، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولۇش، ئىگىلىك تېزدىن ئەسلىگە كېلىش*

بۇ خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا ئافغانىستاندا كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان بىر نەچچە خىل ۋەزىيەت ئىچىدىكى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ۋەزىيەت. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، بۈيۈك مىللىي مەجلىستە ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ،

ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ۋەزىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، قۇدرەتلىك يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇل سېلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، خەلقئارانىڭ ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشقا بېرىدىغان مەبلىغىنى پىلان بويىچە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئافغانىستاندا ياردەم بېرىلگەن مەبلەغنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇپ، مەبلەغنىڭ ئىگىلىكنى قايتا قۇرۇشقا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، مىلىتارىستلىقنى يوقىتىپ، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى تارقىتىپ، خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن قوراللارنى ئۆزلۈك - كېسەل يىغىۋېلىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئارمىيىسى ۋە ساقچى قوشۇنى قۇرۇش لازىم. تۆتىنچىدىن، ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتقان تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ، تالىبان ۋە بازا تەشكىلاتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تازىلاش لازىم. بەشىنچىدىن، ئىگىلىكنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى تېزدىن باشلاپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا قۇرۇش لازىم. ئالتىنچىدىن، مۇساپىرلارنى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. يۇقىرىدىكى نىشانلار ئىشقا ئاشۇرۇلسىلا، ئافغانىستاندا ئاندىن سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىساد تېزدىن ئەسلىگە كەلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. ئافغانىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ نىشانني ئىشقا ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن. شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئافغانىستاندا بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقى ئانچە زور ئەمەس.

## ئىككىنچىسى، ھازىرقى ھالەت داۋاملىشىش

تالىبان ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەت ئافغانىستاننىڭ ئىستىقبالىغا تولۇپ تاشقان ئۈمىدتە بولدى، ھەتتا ئافغانىستان ئەمدى تىنچ، مۇقىم بولغان، ئىگىلىك ئەسلىگە كەلگەن، تەرەققىي قىلغان بىر دەۋرنى كۈتۈۋالىدۇ، دەپ قاراشتى. شۇڭا، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشقا ناھايىتى زور قىزغىنلىق بىلدۇردى، توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشقا ياردەم بېرىش يىغىنىدا تولىمۇ مەردانىلىكىنى كۆرسەتتى. بىراق، نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئافغانىستاندا كىشىلەر كۈتكەندەك ئۇنداق تۈپ ئۆزگىرىش بولمىدى. تالىبانلار ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئامېرىكا ۋە تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بىر ھاكىمىيەتنىلا تارمار قىلدى، تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ كۈچلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتالمىدى. شۇڭا، ئافغانىستان يەنە تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتى بىلەن بولىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش قاينىمىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ، تالىبان دەۋرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئافغانىستاندا يەنە مىلىتارىستلارنىڭ قوشۇن توپلاپ يەر ئىگىلەپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىپلا تۇردى. شۇڭا، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئافغانىستاننىڭ مىلىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلىدىغان دەۋرگە قايتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىستىقبالىدىن ئۈمىد يوق دەپ، بۇ دۆلەتكە ۋەدىسى بويىچە پۇل بېرىشنى خالىمايۋاتىدۇ. مەبلەغ بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، ھۆكۈمەتنى يۈرۈشتۈرۈش، ئارمىيە ۋە ساقچى قىسىم قۇرۇش، دۆلەت مەمۇرلىرىغا مائاش بېرىش، مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇل كېرەك. ئۇل

ئەسلىھەلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش، دوختۇرخانا سېلىش ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك. ھەرقايسى گۇرۇھ كۈچلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك. قىسقىسى، ھازىرقى ئافغانىستاندا ھەممىلا ئىشقا پۇل كېرەك. پۇل بولمىسا، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئافغانىستان قايتا قۇرۇشقا كېرەكلىك مەبلەغنى ئۆزى ھەل قىلالمايدۇ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ. ئافغانىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا، خەلقئارا جەمئىيەت ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان مەبلەغنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن، قىسمەن ھالدا كەينى - كەينىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئېھتىمالى بىر قەدەر زور. شۇڭا، ئافغانىستاننىڭ تىنچلىق، مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىگىلىكىنى قايتا قۇرۇش جەھەتتىكى ۋەزىپىسى ئېغىر، يولى ئۇزۇن. ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىدە ھازىرقى ئەھۋال ساقلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن.

### *ئۈچىنچىسى، ئىچكى ئۇرۇش پارتلاش*

گەرچە كىشىلەر ھەرگىز خالىمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىمالى مەۋجۇت. ئافغانىستاننىڭ مۇقىم بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئەگەر ياردەم بېرىلىدىغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمىسا، قايتا قۇرۇش خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ئىگىلىكنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئىگىلىك يامانلىشىپ كېتىدۇ - دە، ئىجتىمائىي داۋالغۇش كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، نۆۋەتتە بېسىلىپ قالغان ۋە يېپىلىپ قالغان زىددىيەتلەر ئاشكارىلىنىشى ياكى كەسكىنلىشىشى مۇمكىن، مىلىتارىستلار ۋە يەرلىك قوراللىق

كۆچلەر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇش ئوتىنى قايتىدىن تۇتاشتۇرۇپ، ئافغانىستاننى يەنە بىر قېتىم ئىچكى ئۇرۇش قايىنىمىغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ھەتتا تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئافغانىستان ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتى ھوقۇق تەقسىماتى جەھەتتە ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرەلمىسە، ھوقۇق تەقسىماتى تەڭپۇڭ بولمىسا ياكى كەلگۈسىدە بۇنداق تەڭپۇڭلۇققا بۇزغۇنچىلىق قىلىنسا، ئوخشاشلا قىسمەن ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىلىشى مۇمكىن.

ئافغانىستاندا كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۈچ خىل ۋەزىيەت ئىچىدە، مۇئەللىپىنىڭ قارىشىچە ئىككىنچى خىلىنىڭ ئېھتىماللىقى بىرقەدەر زور. بۇنداق دېيىشتىكى ئاساس شۇكى، مەيلى خەلقئارا جەمئىيەت ياكى ئافغانىستان خەلقى بولسۇن، ئافغانىستاندا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىشىنى، تالىبان دەۋرىگە قايتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ. بولۇپمۇ، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى ۋە تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئافغانىستان ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىگە، ئۆزىنىڭ ئافغانىستاندىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشىنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ. ئافغانىستان ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتى ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا كەلسىلا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئافغانىستانغا بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئاشىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشقا ۋەدە قىلغان مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىمۇ بىرئاز ياخشىلىنىشى مۇمكىن. مەبلەغ بولغاندا، ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشتىن ئۈمىد بولىدۇ. شۇنىڭدىن ھوشيار بولۇش كېرەككى، ئۈچىنچى خىل ئەھۋال يۈز بېرىپ، ئىچكى ئۇرۇش پارتلاش ئېھتىماللىقىمۇ مەۋجۇت.

# ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى كۈرەشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بىزنىڭ ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئافغانىستان دۆلىتىمىزنىڭ كونا دوستانە قوشنىسى، بىز 20 يىللىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن قوشنىمىزنىڭ تېزرەك تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشىنى ۋە قايتا قۇرالىشىنى، ئافغانىستان خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، تالىبان دەۋرىدە ئافغانىستان تالىبان ۋە لادىننىڭ شىنجاڭلىق «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ھەم مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتتى.

تالىبان ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى بىن لادىننىڭ «بازا» تەشكىلاتى قەندىھار، مازارشېرىپ، خورسىت، سۇخۇت قاتارلىق جايلاردا تەسىس قىلغان تېررورچىلارنى تەربىيىلەش لاگېرىدا تېررورىزم ئىدىيىسى ۋە پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەش، ئوت قويۇش مەشقىنى قوبۇل قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى يەنە بىن لادىننىڭ خىراجەت، ماددىي ئەشيا جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، لادىن بىر «شەرقىي

تۈركىستان» تېرروورلۇق تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشىنى قوبۇل قىلغاندا، مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بېرىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكىتىدە «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ۋە تالىبان بىلەن ماسلىششىنى تەلەپ قىلغان. 2001 - يىلى 2 - ئايدا، لادىن تالىبانىنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بىلەن قەندىھاردا «شەرقىي تۈركىستان» تېرروورچىلىرىنى تەربىيىلەش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكەندە، نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ «شەرقىي تۈركىستان» تېرروورلۇق تەشكىلاتىنىڭ تېرروورچىلارنى تەربىيىلىشىگە ياردەم بېرىشنى ھەمدە شۇ يىلىلا تېرروورلۇق ھەرىكىتى خىراجىتى بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تالىبان ۋە لادىنىنىڭ «بازا» تەشكىلاتى، ئۆزبېكىستان ئىسلام ئازادلىق ھەرىكىتى قاتارلىق داڭلىق خەلقئارا تېرروورلۇق تەشكىلاتلىرى شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېرروورلۇق تەشكىلاتلىرىنى زور مىقداردىكى قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورا، قاتناش ئۈسكۈنىلىرى ھەم خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. «شەرقىي تۈركىستان» تېرروورلۇق تەشكىلاتىنىڭ تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەممىگە ئايان. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى راموسفېلد تېلېۋىزىيە نۇتقىدا تالىبانىنىڭ چەت ئەللىك جەڭچىلىرى ئىچىدە «جۇڭگولۇقلار» («شەرقىي تۈركىستان» چىلارنى كۆرسىتىدۇ) بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

تالىبان ۋە لادىنىنىڭ «بازا» تەشكىلاتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئافغانىستاندا تېرروورلۇق تەربىيىسى ئالغان بۇ «شەرقىي تۈركىستان» تېرروورچىلىرىنىڭ بەزىلىرى «بازا» تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى

تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغان. بەزىلىرى يوشۇرۇن ھالدا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، غالجىرلىق بىلەن پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن قانلىق دېلولارنى سادىر قىلغان. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1990 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى شىنجاڭ ئىچىدە ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 200 نەچچە قېتىم زوراۋانلىق - تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئامما، ج خ كادىر - ساقچىلىرى، دىنىي زاتلار قاتارلىقلاردىن 162 ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 440 نەچچە ئادەمنىڭ يارىدار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، تېررورچىلىق خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ھەممەيلەن ئۇر - ئۇر قىلىدىغان، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقانغا ئايلىنىپ قالغان ۋەزىيەتتە، چېگرا سىرتىدىكى بەزى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپتىن، بايانات ئېلان قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تېررورچىلىق تامغىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىش قەستىدە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇپ، ئۆز ئەزالىرىنى ئافغانىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ياكى ئوتتۇرا شەرق رايونىغا يۆتكەپ، ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا.

ئافغانىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى ئۇنسۇرلىرىدىن ئافغانىستاندىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشتا

ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانلىرىنىڭ ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە يۆتكەلگەن ياكى يوشۇرۇن ھالدا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن، ئېھتىمال يەنە خېلى كۆپ قىسمى تالىبان ۋە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ قالدۇق ئۇنسۇرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئافغانىستاندا قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ شىنجاڭدىكى تېررورچىلىققا قارشى كۈرەشكە بولغان تەسىرىنى يەنىلا تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

ئافغانىستان ۋەزىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تېررورچىلىققا قارشى كۈرەشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىجابىي بولۇشىمۇ مۇمكىن، سەلبىي بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئافغانىستان ۋەزىيىتىنىڭ قايسى نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق ئەگەر كارزايى باشچىلىقىدىكى ئافغانىستان ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى تېخىمۇ كۆپ ياردەم مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇرۇشتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىگىلىكنى قايتا قۇرالىسا، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلىنسا، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالالىسا، بۇ شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى كۈرەشكە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. كارزايى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلدە جۇڭگوغا بولغان دوستانىلىقىنى ئىپادىلىدى. 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە، زۇڭلى جۇرۇڭجىغا ئافغانىستاننىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى تولۇق چۈشىنىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق تېررورلۇق كۈچلىرىنىڭ ئافغانىستاندا داۋاملىق مەۋجۇت

بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى؛ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئابدۇللا جۇڭگو مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ تالىبانلار ۋە «بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىچىدە «شەرقىي تۈركىستان» ئۇنسۇرلىرى بىزنىلسىلا، ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى جۇڭگو تەرەپنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەگەر كاررزايى رەھبەرلىكىدىكى ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت ۋەدىسىدە تۇرسا، ئافغانىستان قايتىدىن «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم بازا بولۇپ قالمايدۇ. ئۇ ھالدا، جۇڭگو بىلەن ئافغانىستان بىرلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىق ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشى مۇمكىن.

ئەگەر ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىسا، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشى غولىچىغا چىداپ، غېرىچىغا چىدىماي قېلىشى، شۇ سەۋەبلىك ئافغانىستان ۋەزىيىتى يامانلىشىپ كېتىشى، ھەتتا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ، تالىبان ۋە لادىنىنىڭ «بازا» تەشكىلاتى قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئۇ يەردە تەربىيىلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا شىنجاڭغا يوشۇرۇن كىرىپ، تېررورلۇق ھەرىكىتى قىلىپ، تېررورلۇق ۋەقەسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى تېخىمۇ جاپالىق بولىدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى

شۇكى، خەلقئارا جەمئىيەت تېرروررلۇققا قارشى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىۋاتقان نۆۋەتتىكى چوڭ ۋەزىيەتتە، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررلۇق تەشكىلاتلىرى ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش قىلىپ، پاكىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كىرمەكتە ھەمدە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە تېرروررلۇق تەشكىلاتى‌دېگەن نام بىلەن زەربە بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ، ئۆزىدىكى تېرروررچىلىق تامغىسىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، تېرروررلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى كېچىكتۈرمەكتە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى تېرروررلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئەزالىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەشكىلىنى كېڭەيتىپ، تېرروررلۇق مەشىقى قىلىپ، يەنە تېرروررلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتمەكتە. ئۇلار يىراقتىن باشقۇرۇۋاتقان چېگرا ئىچىدىكى تېرروررلۇق تەشكىلاتلىرىمۇ ئوخشاش ئىستراتېگىيە قوللانماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شىنجاڭ رايونىدىكى تېرروررلۇق ھەرىكىتى بىرئاز ئازايدى، تېرروررلۇق ۋەقەسى پەسكويغا چۈشتى. «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررلۇق تەشكىلاتلىرى تاكتىكىسى ۋە ۋاستىسىنى مەيلى قانداق ئۆزگەرتمىسۇن، ئۇلارنىڭ تېرروررچىلىق ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تېرروررلۇق ھەرىكىتى قىلىشنى كېچىكتۈرۈشى تېرروررچىلىقتىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۈچنى ساقلاپ قېلىش ۋە توپلاش ئۈچۈندۇر. «شەرقىي

تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشى بىلەن بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى تېررورلۇق ھەرىكىتى ئازايدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەنلەر ئاسان ئاشكارىلانماي، رازۋېدكا قىلىش، پاش قىلىش قىيىنلىقى زورايدى. رازۋېدكا قىلىش، پاش قىلىشنى كۈچەيتىش يېقىنقى مەزگىلدىكى شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنىشى كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئافغانىستاندىكى «غازات» ئوتىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆچۈرۈش قىيىن، ئۇ ئۆچۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ بۇ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك، خەلقئارا تېررورچىلىق» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

# 7. كەشمىردىكى مىللەت، دىن توقۇ- نۇشنىڭ مەنبەسى

*كۆككە تاقاشقان كەشمىر ئەزەلدىن ھەربىيشۇناسلار تالىشىدىغان جاي بولۇپ كەلدى، ئۇنى مىللەت، دىن توقۇنۇشى ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان، ئەڭ شىددەتلىك بولغان جايلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.*

*كەشمىر مەسىلىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم سىرلىق، ئۇ ھازىرغىچە يېشىلمىگەن بىر تۈگۈن.*

*كەشمىر ئۇرۇش ماكانى بولۇپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۇ جايدا مىليونلىغان ئەسكەر تۇرغۇزماقتا، يادرو ئۇرۇشىنىڭ تۇمانلىرى ھىئات مۇزلۇقىنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ كىشىنى ۋەھىمىگە سالماقتا.*

*چېن يەنجى*

كەشمىر رايونى جەنۇبىي ئاسىيا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسەن تاغلىق رايون. ئۇ ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە جۇڭگونىڭ ئارىلىقىدا. شىنجاڭ بىلەن شىزاڭغا قوشنا، شىنجاڭ بىلەن بولغان چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 900 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 220 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، نوپۇسى 7 مىليوندىن ئاشىدۇ،

مۇسۇلمانلار %77 نى، ھىندى دىنىدىكىلەر %20 نى ئىگىلەيدۇ، قالغانلار شىك دىنى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كەشمىرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەزەلدىن ھەربىيشۇناسلار تالىشىپ كەلدى. ئۇ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا خەلقئارا توقۇنۇش كۆپ يۈز بەرگەن رايون بولۇپ، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە رايونىغا ئوخشاش، دۆلەتمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ ھەر ۋاقىت ئۇرۇش پارتلايدىغان ماكانغا ئايلانماقتا. كەشمىر رايونى مىللەت، دىن توقۇنۇشى ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان، ئەڭ شىددەتلىك بولغان رايونلارنىڭ بىرى، كەشمىر مەسىلىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە سىرلىق بولۇپ، ھازىرغىچە يېشىلمەي كەلدى. بۇ جايدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان مىليونلاپ ئەسكەر تۇرغۇزدى، يادرو ئۇرۇشىنىڭ تۇمانلىرى ھىئات مۇزلۇقىنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ كىشىلەرنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالماقتا.

## «جەننەت» نىڭ «دوزاق» قا ئايلىنىشى

كەشمىرنىڭ ئاھالىسى شالاڭ، تەبىئىي مۇھىتى ۋە تاغ مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى جەننەت دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەركىزى ھىمالايا تېغى ۋە پىر پانجال تېغى ئارىلىقىدىكى مۇنبەت كەشمىر جىلغىسىدۇر. بۇ گۈزەل زېمىن ئۇزاق ۋاقىت تىنچ تۇرغان بولسىمۇ، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ قاتتىق سوقۇشۇشىدىن بۇرۇنلا ھەر خىل ئۇرۇشلارنىڭ دەپسەندىسىگە ئۇچرىغان.

### *1700 نەچچە يىللىق «جەننەت»*

مىلادىيەدىن 274 يىل ئىلگىرىكى ئاسوكا خان دەۋرىدە دىن تارقاتقۇچىلار كەشمىرگە بۇددا دىنىنى تارقاتقاندا، بۇ يەردىكىلەر

براھمان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. 7 ـ ئەسىردە دورلابا قۇرغان كالكۇتتا خانلىقى بۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 12 ـ ئەسىردە كارانىنا يازغان «شاھلار ۋە مەزھەپلەر» دېگەن مەشھۇر داستاندا ئۇ تەختتىكى چاغدا جۇڭگولۇق راھىب شۈەن زاڭنىڭ كەشمىرگە كەلگەنلىكى يېزىلغان. بۇ خانلىقنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانى رالىتادىد مۇكتاكۇند (تەخمىنەن مىلادىيە 724 ـ يىلىدىن 760 ـ يىلىغىچە) شىزاڭغا يۈرۈش قىلغان، ئۇنىڭ قوشۇنى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بېرىپ، شىمالىي ھىندىستاندىكى مۇھىم شەھەر كانياكۇبجانىڭ پادىشاھى يىساپامانى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە پەنجابنىڭ بىر قىسمىنى بويسۇندۇرغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شەرقىي ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، دېكان ئېگىزلىكىگە بېرىپ، جور، مارھا، گوجارادلارنى ۋە سىند رايونىدىكى ئەرەبلەرنى بويسۇندۇرغان.

بىز بۇ ۋەقەلەرنىڭ پۈتۈنلەي راست ياكى يالغانلىقى ھەققىدە كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. شۈبھىسىزكى، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كەشمىر شىمالىي ھىندىستاننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. رالىتادىد تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ قېشىغا بىر ئەلچى ئەۋەتكەن، كەشمىردە بەزى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ھىندى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ياسىغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى قۇياش ئىلاھىغا نەزىر بېرىلىدىغان دارماتاندا ئىبادەتخانىسىدۇر[①]. رالىتادىدنىڭ ۋارىسلىرى ئاساسەن ئىقتىدارسىز پادىشاھلار بولغانلىقتىن، تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كالكۇتتا خانلىقىنىڭ ئورنىغا ئۇتبالو خانلىقى دەسسىگەن. بۇنىڭ بىلەن، كەشمىر بارلىق كېڭەيمىچىلىكلەردىن خالىي بولۇپ، 14 ـ

① سىنھا بانېرجا: «ھىندىستان تارىخى»، 149 ـ بەت، سودا نەشرىياتى 1964ـ يىل نەشرى.

ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە مۇستەقىل بولۇپ تۇرغان. بۇ 1700 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا مىلادىيە 1001 ـ يىلى مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىم كىچىك پاراكەندە قىلغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇجاي ئىنتايىن تىنچ ئۆتكەن، خەلق خاتىرجەم ياشىغان، مىللەت، دىن توقۇنۇشلىرى يۈز بەرمىگەن.

## ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى

دېھلى سۇلتانلىقى شىمالىي ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردىمۇ، كەشمىرئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمىگەن. لېكىن، كەشمىردىكى ھىندى دىنى مۇرتلىرىغا شاھ مىرزا ئىسمىلىك بىر تەۋەككۇلچى ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەھۋالدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولۇپ، مۇسۇلمانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئۇ شەمسىددىن شاھ دېگەن نام بىلەن مىلادىيە 1346 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ ۋارىسى شاھابىددىن (1351ـ1378) بىر ياخشى ھۆكۈمران ئىدى. ئەمما ئىسكەندەر (1393 ـ1416) بىر ۋەھشىي دىنىي زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئىدى. ئۇ كەشمىردىكى ھىندى دىنى مۇرتلىرى يا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى، يا باشقا يەرگە كېتىشى كېرەك، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ كەشمىردە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولغان. زوھورىددىن (1420 ـ 1470) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە دىنىي سىياسەت يەنە بىرقەدەر كەڭ قويۇۋېتىلگەن. ئۇ باشقا جايلارغا كەتكەن ھىندى دىنى مۇرتلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە، ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن بەزى ھىندى دىنى مۇرتلىرىنىڭ ئۆز دىنىغا ئىشىنىشىگە رۇخسەت قىلغان. ئۇ ھەم دىلى يۇمشاق ھۆكۈمران، ھەم ئالىم، ئىلىم ئەھلىنىڭ باشپاناھى ئىدى.

ئۇنىڭ تۇرتكىسىدە «ماھابخاراتا»، «شاھلار ۋە مەزھەپلەر» سانسكرىت تىلىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان. تارىخشۇناسلار ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى «ھەرقايسى گۇرۇھلار ۋە كۈچىگە بار ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىنلا تىكلەنگەن، ئاغدۇرۇلغان قورچاقلار» دەپ قارىغان. مىلادىيە 1561 ـ يىلى شاھ مىرزا خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، چاك خانلىقىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى كاچى شاھ خانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن. بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى 1586 ـ يىلى موغۇل خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئەكبەرگە تەسلىم بولغان. ئەكبەر كەشمىرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى دىنلارغىمۇ يول قويغان ھەمدە ھىندىستان مەلىكىسى بىلەن توي قىلغان.

شاھ مىرزا خانلىقى قۇرۇلۇشىدىن موغۇل خاندانلىقىدىن ئەۋرەڭزىب ھاكىمىيەت بېشىغا چىققۇچە بولغان تەخمىنەن 313 يىللىق بۇ تارىخي دەۋردە يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋەقە شۇكى، ئىسكەندەرنىڭ ھىندى دىنىنى كەمسىتىشى ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن، قىسقىغىنە 10 ـ 20 يىل ئىچىدە ھىندى براھمان دىنى مۇرتلىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغان رايون مۇسۇلمانلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان رايون بولۇپ قالغان. مىللەت ۋە دىن جەھەتتىكى بۇ خىل قۇرۇلما ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. ئەمما بەزى دانا ھۆكۈمدارلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنى قىرىپ تۈگەتمەستىن، ھىندى دىنى ۋە باشقا دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويغان. بۇ ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما زىددىيەت ۋە توقۇنۇش كەسكىنلىشىپ مىللەت،

دىن توقۇنۇشى پەيدا بولغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن.

## ئەۋرەڭزىبنىڭ ئىسلام خانلىقى بەرپا قىلىشى

ئەۋرەڭزىب ئۆزىنى دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى مەزگىل (مىلادىيە 1658 - يىلىدىن 1681 - يىلىغىچە) دە شىمالىي ھىندىستاندا تۇرغان. ئەۋرەڭزىب ئەجدادلىرى قۇرغان موغۇل دۆلىتىنىڭ خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن. دۆلەتتىكى كۆپ ساندىكى خەلق ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇ دۆلەتنى سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىسلام دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. مىلادىيە 1665 - يىلى ئۇ بىر پەرمان ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمان سودىگەرلەردىن %2.5، ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سودىگەرلەردىن %5 باج ئېلىشنى بەلگىلىگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن، مۇسۇلمان سودىگەرلەردىن باجنى كەچۈرۈم قىلغان، ھىندى دىنى سودىگەرلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتىنى ئۆزگەرتمىگەن. 1669 - يىلى ھەرقايسى ئۆلكە باشلىقلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈپ، «كۇپپارلار» نىڭ بارلىق مەكتەپ ۋە بۇتخانىلىرىنى چاقتۇرغان. 1679 - يىلى 4 - ئايدا ئەۋرەڭزىب ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىپ، باشقا دىنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئەكپەر ئاللىبۇرۇن بىكار قىلغان جان بېجىنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يولغا قويغان. 1695 - يىلى، راجپۇتلاردىن باشقا، بارلىق ھىندى دىنى مۇرتلىرىنىڭ مەپىگە ئولتۇرۇشى، پىل ۋە نەسىللىك ئاتقا مىنىشى، قورال ئېلىپ يۈرۈشى[1] مەنئى قىلغان. بۇ بىر قاتار دىنىي كەمسىتىش سىياسەتلىرى ئارقىسىدا، ھىندى دىنى مۇرتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپلا قالماي، شىئە مەزھىپىمۇ

① سىنھا بانېرجا: «ھىندىستان تارىخى»، 419- بەت.

چەتكە قېقىلغان. باشقا دىنلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. مىللىي، دىنىي زىددىيەت بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، شارائىت ھازىرلانسىلا قانلىق ۋەقە يۈز بېرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن.

### *مىللەت، دىن توقۇنۇشىنىڭ باشلىنىشى*

1752 ـ يىلى، ئافغانىستان رەھبىرى ئەھمەد شاھ دۇرانى موغۇل خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، كەشمىرنى يۇتۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى براھمان دىنى مۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدا تېزدىن توقۇنۇش پەيدا بولدى ھەمدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەشمىر توقۇنۇشىنىڭ ئاساسلىق تارىخىي سەۋەبى بولۇپ قالدى. 1752 ـ يىلىدىن ھىندىستان ۋە پاكىستان ئايرىلىپ باشقۇرغان 1947ـ يىلىغىچە بولغان 200 يىل مابەينىدە، كەشمىردە مىللەت، دىن توقۇنۇشى ئۈزۈلمىدى. ئادەتتە كىشىلەر كەشمىردىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلىپ باشقۇرغاندىن كېيىن باشلانغان دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. كەشمىردىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشلىرىنى ھېچبولمىغاندا 1752 ـ يىلىدىن باشلاپ ھېسابلاش كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇ 250 يىللىق تارىخقا ئىگە بولىدۇ.

1819 ـ يىلى شىك دىنى مۇرىتى راج سىنگىر كەشمىرنى بويسۇندۇردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا تەرتىپ قالايمىقان بولغانلىقتىن، ئاخىر بۇ جاي 1846 ـ يىلى پەنجاپنى كونترول قىلغان ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. كېيىن، ئەنگلىيىلىكلەر ئۆزىنى ھىندىستاننىڭ تۆرىسى دەپ ئاتىۋالغان چاملىق گۇراپسىنگىر بىلەن ئامرىسا شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، كەشمىرنى ئۇنىڭغا 7 مىليون 500 مىڭ رۇپىيىگە ساتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى جاي قوشۇلۇپ چام ـ كەشمىر دەپ ئاتالدى.

ھىندىستان تۆرىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر نەچچە قېتىم كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

## ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىپ باشقۇرۇلۇشى ۋە كەشمىر ئۇرۇشى

### «رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش» تۈزۈمى

1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىندىستاندا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالدى، مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرى گەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسى پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىدىغان باياناتچىلىقتا ئايلانغاندا، مۇسۇلمانلار دەسلەپتە ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قارشى ئالىدى. كامپوراندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، ئۆزئارا قارشىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ مائارىپتا ئارقىدا قالغانلىقى ھەمدە ئۆزلىرىنى ھىندىستان نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيمىز دەپ قارىغانلىقىدىن بولغانىدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى بارغانسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسى كۈچلىرىنىڭ كۈچلۈك مىللەتچىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھىندىستاننى ئايرىپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پوزىتسىيىسى «قىلچە كۆڭۈل بۆلمەسلىك» تىن بارغانسېرى «قارشىلىشىش» ۋە «ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش» كە ئۆزگەردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ «ئايرىپ باشقۇرۇش» سىياسىتى توغرىسىدا

بىلدۈرگەن تۇنجى ئىپادىسىنى 1906 ـ يىلى ھىندىستان ۋالىيسى مىنتونىڭ ھاجارخان باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتالمىش «رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش» تەلىپىگە قوشۇلغان ھەمدە ئۇلارغا «سىلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇق-مەنپەئەتىڭلار كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەن. ھىندى دىنى مۇرتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنى بۆلۈۋېتىشنىڭ مۇھىملىقى ئەنگلىيىلىك سىياسىئونلارغا بەك ئايان ئىدى. ئەنگلىيىلىك بىر ئەمەلدار مىنتونىڭ خانىمىغا يازغان خېتىدە: «بۇ بىر سىياسىي تاكتىكا، ئۇ ھىندىستانغا ۋە ھىندىستان تارىخىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ 62 مىليون خەلقنى قارشىلاشقۇچىلار سېپىدىن تارتىۋالغانلىق» دەپ يازغان. ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرى موررى ھىندى دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بەك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ «بۇ تۇرمۇش، ئەنئەنە، تارىخ، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى ئىختىلاپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر جەمئىيەت شەكىللەندۇرگەن» دېگەن.①

«رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش» «ھىندىستان بىلەن پاكىستانى ئايرىپ باشقۇرۇش» نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى. 1916 ـ يىلى ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسى «رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش» تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بىلەن ياراشتى. بۇ «ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ باشقۇرۇش» نى يولغا قويۇشتا سىياسىي جەھەتتە ئىچكى توسالغۇنىڭ تازىلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇنىڭ بىلەن، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئىدىيە، نەزەرىيە، ھەرىكەت جەھەتتە ئايرىپ باشقۇرۇش

① سىنھا بانېرجا: «ھىندىستان تارىخى»، 654ـ بەت.

قەدىمىنى تېزلەتتى. پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى جىنناھ 1940- يىلى 1 - ئايدا ئېنگلىزچە گېزىتتە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «ھىندىستاندا ئىككى مىللەت بار، ئۇلار ۋەتىنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك» دېگەن. شۇ يىلى 3 - ئايدا ئۇ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ لاھور يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ھىندى دىنى مۇرتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «كەسكىنلىك بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ دىن مەسىلىسى ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىمۇ تامامەن ئوخشىمايدۇ، ھىندى دىنى مۇرتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار بىر دۆلەتتە بىرگە ياشاپ ئورتاق تەرەققىي قىلالايدۇ دەپ قاراش بىر خام خىيال...ھىندى دىنى مۇرتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىن پەلسەپىسى، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەدەبىياتى تامامەن ئوخشىمايدۇ. . . بۇنداق ئىككى مىللەتنى بىر دۆلەتتە تۇرغۇزغاندا، بىرى كۆپ سانلىقنى، يەنە بىرى، ئاز سانلىقنى ئىگىلەپ، نارازىلىق بارغانسېرى ئۆلغىيىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھەرقانداق ئاپپارات ئاخىر ۋەيران بولىدۇ» دېگەن. لاھور يىغىنىدا يەنە «جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن ئۆزئارا تۇتىشىدىغان بىرلىكلەرنى بىر قانچە رايونغا ئايرىش كېرەك، مۇسۇلمانلار كۆپ رايونلارنى، مەسىلەن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى بىلەن شەرقىي قىسمىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر مۇستەقىل شتات قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى بىرلىكلەر ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشى ياكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇشى كېرەك» دەيدىغان بىرقارار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما، بۇ قارادا ئايرىلماقچى بولغان سىياسىي گەۋدە — پاكىستاننىڭ دائىرىسى ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىگەن. 1942 - يىلنىڭ بېشىدا بولسا، جىنناھ پروفېسسور كامپوراندقا ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ: «پاكىستان بىر مۇسۇلمانلار شتاتى ياكى بىر قانچە شتاتتىن تەركىب

تېپىشى، يەنى ھىندىستان تەرەپتە غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەر، پەنجاپ ۋە سىندنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، يەنە بىر بۆلىكى بېنگالنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك» دېگەن.

ئېنىقكى، «رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش» تۈزۈمى ئىنتايىن قاملاشمىغان سىياسىي تۈزۈم ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ئىشلىرى ۋەزىرى مۇنتاكۇ بىلەن ھىندىستان مۇئاۋىن ۋالىيىسى چېرمۇسفورد 1918 - يىلى 7 - ئايدا بىرلىكتە يازغان دوكلاتىدا: «دىنىي مەزھەپلەر بويىچە ‹رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش› ئاپتونومىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئېغىر توسالغۇ» . ئەمما، مورل - مىنتونىڭ تۈزۈمىدە تۈگىمەس بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان بۇ بۆلگۈنچىلىك پرىنسىپى چىقىرىۋېتىلمىدى. شۇڭا، «رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش» ھىندىستاننىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى مەڭگۈلۈك ئالاھىدىلىك بولۇپ قالدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. يەنە: «كىشىلەرنى ئېتىقاد ۋە سىنىپ بويىچە ئايرىغاندا بىر - بىرىگە قارشى سىياسىي سەپ شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دۆلەت ئىشلىرىنى پۇقرالىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى مەزھەپ نۇقتىسىدىن ئويلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ» دەپ ھېسابلىغان. ئەمما، ئۇلار دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا يەنە 1909 - يىلى مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ۋەدىدىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ دېگەن. كېيىن رامساي ماكراننا ئەپەندى تۈزگەن دىنىي مەزھەپلەر ئاپتونومىيە كېسىمنامىسىدە مەزھەپلەر سايلىمى تۈزۈمى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپلا قالماي، بەلكى كېڭەيتىۋېتىلىدى. بۇ «رايون ئايرىپ سايلام ئۆتكۈزۈش» تۈزۈمى ئەڭ ئاخىرىدا ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئارىسىدا ئارازلىق پەيدا قىلىپ، ھىندىستاننىڭ پارچىلىنىشى ۋە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىپ باشقۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1946 - يىلى 7 - ئايدا، ھىندىستان ئاساسىي قانۇن

چىقىرىش پارلامېنتى سالىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 296 پارلامېنت ئەزاسىنىڭ 211 ى ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسىدىكىلەر ۋە ئۇنى قوللىغۇچىلاردىن تەركىب تاپتى. ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسىنىڭ مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئېرىششىدىن جىنناھ ھەيران قالدى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئىچكى كابىنتنى قوللاش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاكىستاننى قۇرۇشقا بىۋاسىتە تەييارلىق قىلدى، نەتىجىدە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىپ باشقۇرۇلۇشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

## *مونباتتىننىڭ «ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ باشقۇرۇش» لايىھىسى*

مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىششنى قەتئىي رەت قىلىشى بىلەن، ھىندىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاشتى. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بايانات ئېلان قىلىپ، «بىزنىڭ ئېنىق ئارزۇيىمىز 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ھوقۇقنى ھىندىستانلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىغا قاتناشمىسا، ئەنگلىيە ھوكۈمىتى ھىندىستان مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى كىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلىششقا مەجبۇر بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، ھوقۇق پۈيۈنلەي مەلۇم شەكىلدىكى يېڭى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلەمدۇ ياكى قىسمەن جايلاردا ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلەمدۇ ۋەياكى ئەڭ مۇۋاپىق، ھىندىستان خەلقىگە ئەڭ پايدىلىق دەپ قارالغان باشقا بىرەر ئۇسۇل بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىلەمدۇ، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېگىلى

بولمايدۇ» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئىچكى كابىنېتنىڭ ھىندىستاننىڭ بىرلىكىنى قوغداش قارارىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، پاكىستاننى قۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلىنىدى.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ھىندىستاننىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مونباتتىن بايانات ئېلان قىلىپ، ھىندىستاننى پارچىلاش لايىھىسىنى، يەنى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستاننى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قاراپ ھىندىستان ۋە پاكىستان دەپ ئىككىگە ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھىندى دىنى مۇرتلىرى كۆپ جايلار ھىندىستانغا، مۇسۇلمانلار كۆپ جايلار پاكىستانغا ئايرىپ بېرىلىدى. دىنىي ئېتىقادىغا قاراپ ئايرىش پرىنسىپى بويىچە، كەشمىر ئاھالىسىنىڭ 77% مۇسۇلمان، 20% ى ھىندى دىنى مۇرتى بولغاچقا، ئەسلىدە پاكىستانغا ئايرىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەنگلىيە كەشمىرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەربىي بازىسى قىلىش ئۈچۈن، قەستەن ئۇنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى تىلغا ئالماي، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىپ ئوتتۇرىدىن پايدا ئالماقچى بولدى. لايىھىدە يەنە كەشمىرگە ئوخشاش جايلار ئۆزىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى ئۆزى بەلگىلەپ، ھىندىستانغا ياكى پاكىستانغا تەۋە بولۇشنى تاللىۋالسىمۇ، مۇستەقىل بولسىمۇ، بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى . بۇ ئۆزئارا زىت پرىنسىپ كەشمىرنىڭ بۆلۈنۈشىگە چوڭ سەۋەب بولدى.

## كەشمىر ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھىندىستاندا باش كۆتۈرگەن مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدە كىشىلەر مەنىۋى ۋە ماددىي شارائىتنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان بولۇشنىلا ئۈمىد قىلغانىدى. ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى ئىشقا

ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تېخى زوراۋانلىق ۋە توقۇنۇش يۈز بەرمىگەنىدى. كېيىن بارلىققا كەلگەن ئاساسىي قانۇن سىياسىي پائالىيەتلىرىمۇ پارلامېنتنى چۆرىدەپ جەڭگى - جېدەلسىز ئېلىپ بېرىلدى. مونباتتىن لايىھىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى، ھىندى دىنى مۇرتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئاخىر پارتلاپ، توقۇنۇش شەكلىدىكى ئۇرۇش پارتلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، كەشمىردە كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمانلار پاكىستانغا، ھىندى دىنى مۇرتلىرى ھىندىستانغا قوشۇلۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، تەۋەلىك مەسىلىسى ھەل بولماي تۇرۇپلا مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بەزى جايلار ئۆزلۈكىدىن پاكىستانغا قېتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن بۆلۈنمە ھالەت شەكىللىنىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ئۈزۈلمىدى. 1947 - يىلى 10 - ئايدا، كەشمىر تۆرىسى مەركىزىي شەھەر سىرىناگاردىن قېچىپ چىقىپ، ھىندىستاندىن ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھىندىستانغا قېتىلىش ھۆججىتىگە ئىمزا قويىدى ھەمدە ھىندىستانغا قېتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ھۆججەت ئىزچىل ئىختىلاپنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى. ھىندىستان ئۇنى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھۆججەت دەپ قارىدى، پاكىستان بولسا ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى ھەم ھىندىستان مونباتتىننىڭ 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پۈتۈن خەلققە ئاۋازغا قويۇش تەشەببۇسىنى ئىشقا ئاشۇرمىدى، دېدى.

پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى قوراللىق قەبىلىلەر پاكىستانغا قېتىلىشقا مايىل مۇسۇلمانلارنى قوللاش ئۈچۈن كەشمىرگە كىردى، ئۈچ كۈن ئىچىدە كەشمىر چوڭ بالايىئاپەتكە ئۇچرىدى. ھىندىستان قوراللىق قىسىملىرى

1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا سىرىناگا ئايرودرومىغا چۈشكەندە پاكىستان كەشمىرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا 1 - قېتىملىق كەشمىر ئۇرۇشى رەسمىي پارتلىدى، كەشمىرنى تالىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە ھىندىستان بىلەن پاكىستان 1949 - يىلى 7 - ئايدا ئۇرۇش توختىتىش سىزىقىنى بەلگىلىدى: پاكىستان كەشمىر رايونىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن ئىككى قىسمىغا ئېرىشىراقنى، ئاھالىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى؛ ھىندىستان بۇ رايونىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكىنى، ئاھالىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكىنى كونترول قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان ئۆز كونتروللۇقىدىكى رايوندا شىتاتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. پاكىستانمۇ ئۆز كونتروللۇقىدىكى رايوندا ئەركىن كەشمىر ھۆكۈمىتى قۇردى.

1947 - يىلى ھىندىستان پارچىلانغاندا موخانداس كارامچاند گەندى كەشمىر ھىندىستان چوڭ قىرغىنچىلىق چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدىكى تىنچ ماكان بولىدۇ. دېگەنىدى. ئەمما، 1 - قېتىملىق كەشمىر ئۇرۇشى كەشمىرنى جەننەتتىن قىرغىنچىلىق ماكانىغا ئايلاندۇردى. 1965 - يىلى شىددەتلىك ئۇرۇش يەنە بىر قېتىم پارتلىدى، ھىندىستان دىراس دەرياسى بىلەن سۇل دەرياسى ئارىلىقىدىكى جىلغىلىق جايلارنى تارتىۋالدى. ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى دەرھال 211 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ئۇرۇشنى توختاتتى. 1972 - يىلى شەرقىي پاكىستان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھىندىستان بىلەن پاكىستان «سىملا كېلىشىمى» ئىمزالاپ، ھېئەت مۇزلۇقىنى ئۆزئىچىگە ئالمىغان ئەمەلىي تىزگىنلەش لىنىيىسىنى بېكىتتى ھەمدە ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ ھازىرقى تىزگىنلەش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلىدى. 3 قېتىملىق كەشمىر ئۇرۇشى

ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ۋە ئىشەنمەسلىكنى كۈچەيتىپ، كەشمىر رايونىدىكى مىللەت، دىن ئارازلىقى ۋە زىددىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن كەشمىردىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى يېشىلگۈسىز تۈگۈنگە ئايلاندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ سىياسىي، دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدە سەللا مەسىلە كۆرۈلسە، كەشمىردە مىللەت، دىن توقۇنۇشى پەيدا بولىدۇ. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە كرىزىسى يۈز بەرسىلا، كەشمىرگە كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەپ تىركىشىدىغان جىددىي ھالەت شەكىللىنىدۇ.

## ئۇرۇش ئوتىنىڭ قايتا يالقۇنلىشى

3 ـ قېتىملىق كەشمىر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ كېيىن، ھىندىستان بىلەن پاكىستان «سىملا كېلىشىمى» نى ئىمزالىغاندىن كېيىنكى 10 نەچچە يىلدا كەشمىر ئېگىزلىكى خېلى تىنچ ئۆتتى. 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئىككى دۆلەت بەس ـ بەس بىلەن يادرو سىنىقى ئېلىپ بارغانلىقتىن مۇناسىۋىتى بىردىنلا يىرىكلىشىپ كەتتى. 1999 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ۋەزىيەتتە بىردىنلا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىككى دۆلەت زۇڭلىسى ئالاھىدە دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى يولغا قويىدى ھەمدە دەرھال «لاھور خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئىناق قوشنىلاردىن بولۇشقا قەسەم بېرىشتى. ئەمما، خىتابنامىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلماي تۇرۇپلا، كىشىلەر ھىندىستان ـ پاكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن نازۇك ئىكەنلىكىنى، كەشمىردىكى مىللەت، دىن مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە كەسكىنلىكىنى سەزدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، ھىندىستان بىلەن پاكىستان كەشمىرگە يەنە ئەسكەر توپلىدى.

1999 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا، كەشمىردە قايتا ئۇرۇش پارتلىدى. ھىندىستان تەرەپنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ھىندىستان ئارمىيىسى ئەتىيازدا ئەمەلىي تىزگىنلەش لىنىيىسىدە چارلاۋاتقاندا، 400 دىن ئارتۇق قوراللىق مۇسۇلمان «سىڭىپ كىرگۈچى» نىڭ ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئەمەلىي تىزگىنلەش لىنىيىسىگە يېقىن گىرجىل ـ دىراس ئېگىزلىكىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئېگىزلىك ھىندىستاننىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەگەر بۇ جاي قولدىن كېتىدىغان بولسا، كەشمىرنىڭ مەركىزىي شەھىرى سىرىناگاردىن ھىندىستان تاشيولنى «سىڭىپ كىرگۈچىلەر» ئىگىلىۋېلىپ، ھىندىستان مۇزلۇقىدىكى تەمىنلەش لىنىيىسى ئۈزۈۋېتىلىپ، ئىلگىرى ئايرىلغان ئەمەلىي تىزگىنلەش لىنىيىسى ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ھىندىستان پاكىستان ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ ھەربىي تەرەپ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلغان، چۈنكى گىرجىل جايلاردا پاكىستان كۈچ چىقارمىسا بۇنچىلىك ھەربىي ھەرىكەتنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس، يەنە كېلىپ «سىڭىپ كىرگۈچىلەر» ئارىسىدا پاكىستاننىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرى بار، دەپ قارىغان. پاكىستان بۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان ھەمدە ئۇنى تامامەن مۇسۇلمان «ھۆررىيەت جەڭچىلىرى» قىلغان دېگەن. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ھىندىستان «سىڭىپ كىرگۈچى» لەرنى تازىلاش ھەربىي ھەرىكىتىنى قوزغىدى. لېكىن، تاغدا جەڭ قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلار ئىستراتېگىيىلىك جاينى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ھىندىستان تەرەپنىڭ ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى ئېغىر بولدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، بارلىق ھەربىي ھەرىكەت جەريانىدا ھىندىستان تەرەپتىن 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ھەمدە MG—29 تىپلىق ئايروپىلان، كۆلەڭگە — 2000 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە تىك ئۇچار

ئايروپىلان قاتارلىق زامانىۋى قوراللار زىيان بولغان. ھەربىي ھەرىكەت ئىككى ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن، ھىندىستان ئارمىيىسى ئىشغال قىلىنغان بارلىق ئېگىزلىكنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى.

2001 - يىلى كۈزدە كەشمىر ۋەزىيىتىدە تېخىمۇ قاتتىق داۋالغۇش بولدى، «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى بىر ئاي ئىچىدە كەسكىن مىللەت، دىن توقۇنۇشى يۈز بەردى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ كۈندە بىر قېتىم قوراللىق توقۇنۇش پەيدا بولدى. ئىلگىرى بۇنداق كۆپ زوراۋانلىق ۋەقەسى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

«11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇۋاتقان چوڭ ۋەزىيەتتە، كەشمىردە تېررورلۇق، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئازايمايلا قالماي، ئەكسىچە بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ۋەزىيەت شەكىللەندى، قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە، مۇنداق ئۈچ باسقۇچ كۆرۈلدى:

2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ھىندىستان پارلامېنتىدا كەشمىر بۆلگۈنچىلىرىنىڭ ئوق چىقىرىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ دۇنيانى چۆچۈتتى، بۇنىڭ بىلەن ھىندىستان بىلەن پاكىستان قاتتىق قارشىلاشتى. 2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، جەنۇبىي ئاسىيا باشلىقلىرى يىغىنىدا گېنېرال مۇشەررەپ ۋاجپايىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يارىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما، قارشىلىشىش تۈپتىن پەسەيمەي، كەشمىر داۋاملىق داۋالغۇش ئىچىدە قالدى.

2002 - يىلى 5 - ئايدا، كەشمىردىكى زوراۋانلىق - تېررورلۇق ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ھىندىستان، پاكىستان ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەملىك جەڭ بولدى، ھىندىستان پاكىستاننىڭ ئەلچىسىنى قوغلىدى، ئىككى تەرەپ 1

مىلليون ئەسكەرىيۆتكەپ، چېگرىدا قاتتىق تىركەشتى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋاجپايى ھىندىستاننىڭ تاقىتى تاق بولدى دېدى. گېنېرال مۇشەررەپمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن جىددىي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ھىئات مۇزلۇقىدىن كەشمىرنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان رايونلاردا ھىندىستان بىلەن پاكىستان قاتتىق ئېتىشتى. خەلقئارا جامائەتچىلىك ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش پارتلاشقا ئاز قالدى دېدى. ئاخبارات ۋاستىلىرى ھىندىستان ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۇرۇش باشلىماقچىكەن، 7 - ئاينىڭ بېشىدىكى يامغۇرلۇق پەسلىدىن بۇرۇن ھەرىكەت قوللىنىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن دېدى.① 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، پاكىستان كەشمىر ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇشقا ۋەدە بەردى، ھىندىستانمۇ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى پاكىستانغا ئەۋەتىشنى ئويلاشتى. 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ھىندىستان پاكىستاننىڭ ئۆز خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈشىنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى بىكار قىلىش، ھەربىي پاراخوتلارنى ئەرەب دېڭىزىدىن چېكىندۈرۈش، پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچى تەيىنلەش، چېگرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ دەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىش قاتارلىق ۋەزىيەتنى پەسەيتىدىغان تۆت تەدبىرنى قوللاندى.

يامغۇرلۇق پەسىل كىرگەندىن كېيىن، كەشمىر ۋەزىيىتى ئەمدىلا پەسەيگەندە، ھىندىستان ئۆز كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىدا يەرلىك پارلامېنت چوڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ شۇ جايدىكى ئەڭ چوڭ بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ھىندىستان چوڭ سايلامنى قوغداش

① [ئەنگلىيە] «كۈندىلىك خەۋەرلەر» گېزىتى، 2002 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7- كۈنى.

ئۇچۇن، كەشمىرگە 500 مىڭ ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. ئەمما، سايلام يېقىنلاشقانسېرى توقۇنۇش چوڭىيىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ھىندىستاننىڭ كەشمىر قانۇن ۋە پارلامېنت ئىشلىرى مىنىستىرى نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا قەستكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا يەنە قوراللىق ئېتىشىش يۈز بېرىپ، ئۈچ ئادەم يارىلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ سايلام بولغان بىر ئاي ئىچىدە، كەشمىر رايونىدا قوراللىق توقۇنۇش تۇگىمەي، كىشىلەر ھەر كۈننى ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزدى:

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، كەشمىردە سايلام باشلىنىشقا بىر نەچچە سائەت قالغاندا، قوراللىق توپىلاڭچىلار بىلەت تاشلاش پونكىتىغا ھۇجۇم قىلدى. ھىندىستان ئارمىيىسى كەشمىر سايلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان قوراللىق ئۇنسۇردىن 17 نى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، سايلامدا يەنە قانلىق ۋەقە يۈز بېرىپ، ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، كەشمىردە پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 9 كىشى نەق مەيداندا يارىدار بولدى. بىر مەكتەپتە ئېتىشىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئىككى ئادەم ئۆلدى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، سايلامدا يەنە قانلىق ۋەقە يۈز بېرىپ، ھىندىستان كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان قوشۇنلىرى كەشمىردە بىر ـ بىرىنى توپقا تۇتتى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، كەشمىرلىك بىردىنبىر ئايال مىنىستىر 24 سائەت ئىچىدە ئىككى قېتىملىق قەست قىلىنىشقا ئۇچراپ ئاران قۇتۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، كۆپ قېتىم پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 28 كىشى يارىدار بولدى؛ رايونلۇق ساقچى

گازارمىسى ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئىككى كىشى ئۆلدى؛ قوراللىق توپىلاڭدا 10 ئادەم جىنىدىن ئايرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، 2 ـ نۆۋەتلىك بىلەت تاشلاش ئۆتكۈزۈلۈپ سايلام ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىرگەندە، بىلەت تاشلاش پونكىتىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، كەيپىيات ئىنتايىن جىددىيلەشتى. ھىندىستاننىڭ ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ساقچىلارنى قۇتقۇزۇپ، قوراللىق توپىلاڭچىلارنى تۇتتى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، گرانات پارتلاپ 14 ئادەم يارىلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، قوراللىق ئېتىشىش بولۇپ، ئۈچ ئادەم ئۆلدى؛ نامزاتلارنىڭ ئۆيى توپقا تۇتۇلدى؛ بىر نامزات ئاپتوموبىلدا كېتىۋاتقاندا ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئېغىر يارىلاندى، تۆت ئادەم ئۆلدى، ئاپتوموبىل پارتلاپ، ئىككى ئادەم يارىلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، گرانات پارتلاپ، بىر ئادەم ئۆلدى، 12 ئادەم يارىلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، يەنە قوراللىق ئېتىش ۋە گرانات پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 55 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، كۆپ قېتىم زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بىلەت تاشلاش پونكىتى ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئالتە ھىندىستان ئەسكىرى ئۆلدى؛ بىر ئاپتوموبىل ھۇجۇمغا ئۇچراپ، يەتتە ھىندى دىنى مۇرىتى ئۆلدى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن قانلىق ۋەقە يۈز بەردى: ئاپتوموبىل پارتلاپ، بىر ئادەم ئۆلدى، 18 ئادەم يارىلاندى؛ ھىندىستان ئەسكەرلىرى ئولتۇرغان ئاپتوموبىل مىناغا دەسسەپ بەش ئادەم ئۆلدى؛ 10 ئادەم زوراۋانلىق ۋەقەسىدە ئۆلدى.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، بىر كۈندىلا ئۈچ قېتىم ھۇجۇم

قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 10 ئادەم ئۆلدى، نەچچە 10 ئادەم يارىلاندى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، چوڭ سايلام ئاخىرلىشىش ئالدىدا يەنە 10 ئادەم ئۆلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، كەشمىر سايلىمى قانلىق ۋەقەلەر ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ 80 مىڭ ئەسكىرى بىلەت تاشلاش پونكىتىنى قوغدىغان بولسىمۇ، قانلىق ۋەقەنى توسۇپ قالالمىدى، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا 830 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى.

ھازىر ھىندىستان بىلەن پاكىستان تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلدى: ھىندىستاننىڭ ئۇرۇشقۇسى بولسىمۇ، ياخشىراق باھانە تاپالمايۋاتىدۇ. پاكىستان ئىچكى مەسىلىلەر، ھەربىي كۈچ ۋە خەلقئارا مۇھىتنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇرۇشۇشنى خالىمايۋاتىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرى پۈتۈن يەر شارى ئىستراتېگىيىسى ۋە ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇشىغا يول قويمايۋاتىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەت ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ مۇناسىۋىتى جىددىي بولۇۋاتقان بولسىمۇ، كەڭ كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇشنىڭ بولۇشى ناتايىن دەپ قاراۋاتىدۇ. بىز ھازىرچە ئۇرۇش ئامىللىرىنى يوقاتقىلى بولمىغاچقا، توقۇنۇش پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت دەپ قارايمىز. بۇ ئامىللار كەشمىر ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ھىندىستاندىكى ئىچكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىش دەرىجىسى، پاكىستاننىڭ تەييارلىقى، پاكىستاننىڭ ھىندىستاننىڭ تەلىپىنى قانچىلىك دەرىجىدە قاندۇرالايدىغانلىقى، خەلقئارا جەمئىيەت، بولۇپمۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ياراشتۇرۇش ئۈنۈمى، كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان مىللەت، دىن توقۇنۇشى قاتارلىق زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايدىكى

توقۇنۇش قارىماققا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ كەشمىر رايونىدىكى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى مىللەت ۋە دىنلارنىڭ توقۇنۇشىدۇر.

## توقۇنۇشنىڭ ئۇزۇلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى

كەشمىردىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشىنىڭ ئۇزۇلمەسلىكىدىكى سەۋەب تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

### «ئومۇمىي خەلقئە ئاۋازغا قويۇش» مەسىلىسى

كەشمىر ئۇرۇشى ۋە ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشلىرىنى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىي قىلىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئومۇمىي خەلقئە ئاۋازغا قويۇش توغرىسىدىكى ئىختىلاپ ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ماقۇللىغان «كەشمىر مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار» نىڭ 3 - ماددىسىدا كەشمىرنىڭ كەلگۈسى ئورنىنى كەشمىر خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە قاراپ بېكىتىش كېرەك دەپ بەلگىلەندى. 1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، خەۋپسىزلىك كېڭىشى ماقۇللىغان ئومۇمىي خەلقئە ئاۋازغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارىدا يەنىمۇ كونكرېت قىلىپ، بۇ رايوننىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى كەشمىر خەلقى ب د ت نىڭ نازارىتى ئاستىدا ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق بەلگىلەيدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. ئومۇمىي خەلقئە ئاۋازغا قويۇش ئىختىلاپى ئەنە شۇنىڭدىن پەيدا بولغان. كېيىنكى مەزگىلدە، ھىندىستان بىلەن

پاكىستان ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ قېتىم باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ قارىشىدا پەرق بەك چوڭ بولغاچقا، ھېچقانداق ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى.

پاكىستان كەشمىردە مۇسۇلمانلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندىستانلىق فېئودال تۆرىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قاتتىق نارازى ئىكەنلىكىدەك رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، دەرھال ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇشنى يولغا قويۇشنى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان پاكىستانغا پايدىلىق دەپ قارىدى. شۇڭا، بار كۈچى بىلەن كەشمىر خەلقىنىڭ مىللەت، مەدەنىيەت، دىن ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىش، كەشمىرنىڭ تەقدىرىنى ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق بەلگىلەشنى تەشەببۇس قىلدى. ھىندىستانمۇ كەشمىرنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىپ، كەشمىرنىڭ قانۇنلۇق ھالدا ھىندىستانغا تەۋە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق، پاكىستاننى بۇ رايوندىن تېزرەك قوغلىۋېتىش مەقسىتىدە كەشمىر ئۇرۇشى پارتلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە كەشمىر خەلقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ جاكارلىغانىدى. ئەمما، پاكىستان ئاۋۋال ئەسكەر چېكىندۈرۈپ، ئاندىن ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش لايىھىسىگە قەتئىي قوشۇلمىغاچقا، ھىندىستان دەرھال ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ كەشمىرلىك تۆرە خار سىنگىر 1947 - يىلى 10 - ئايدا ھىندىستانغا قېتىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن تارتىپ كەشمىر ئەمەلىيەتتە ھىندىستاننىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان، دەپ تۇرۇۋالدى. كەشمىر يەرلىك پارلامېنتى 1953 - يىلى قانۇن لايىھىسى ماقۇللاپ، كەشمىرنىڭ ھىندىستانغا قېتىلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. 1954 - يىلى

2 - ئايدا، ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى چام - كەشمىر ھىندىستاننىڭ بىر رەسمىي شتاتىغا ئايلاندى. ھىندىستان پارلامېنت چىقارغان قارارنىڭ قانۇنىي كۈچى «ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش» بىلەن ئوخشاش، شۇڭا «ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارىدى. ھىندىستاننىڭ گېپىدە تۇرماي «ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش» نى قوللىماس بولۇۋېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەيلى قانداق شەكىلدىكى ئاۋازغا قويۇش بولمىسۇن، ئۇ ھىندىستانغا پايدىسىز، ھېچبولمىغاندا ئۇ ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى رايوننىڭ دائىرىسى ۋە نوپۇسىنى ئاشۇرمايدۇ. شۇڭا، ھىندىستان 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئاۋازغا قويۇشنى قوللىمايدىغان بولۇۋېلىپ، باشتىن - ئاخىر كەشمىر قانۇنلۇق ھالدا ھىندىستانغا تەۋە بولدى، دەيدىغان قاراشتا چىڭ تۇرۇۋالدى.

«ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش» تالاش - تارتىشى ماھىيەتتە ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ كەشمىرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تالىشىش كۆرىشىدۇر. كەشمىردىكى زېمىن ئىختىلاپى 1947 - يىلى 8 - ئايدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل بولۇشتىن بۇرۇنلا باشلانغان. «1947 - يىلىدىكى ھىندىستان مۇستەقىللىق قانۇنى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان زېمىن ئايرىش پىلانىغا ئاساسلانغاندا، كەشمىر ھىندىستانغىمۇ، پاكىستانغىمۇ تەۋە ئەمەس ئىدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن - ئاخىر كەشمىر مەسىلىسى تۈپەيلىدىن جىددىيلىشىپ كەلدى. كەشمىردىكى ھەربىي قارشىلىق، مىللەت، دىن توقۇنۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەرقانداق كىچىك كۆلەملىك چېگرا توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن ئومۇميۈزلۈك قارشىلىشىدىغان بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان بىر - بىرىگە

يول قويماي ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇۋالسىلا، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشمايدۇ، كەشمىر مەسىلىسى توغرىسىدىكى تۈگۈننىڭ يېشىلىشى ۋە مىللەت، دىن توقۇنۇشىنىڭ پەسىيىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كەشمىرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزلۈكىدىن يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى تۈپەيلىدىن، كەشمىردىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدۇ.

ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ كەشمىر مەسىلىسىدىكى ئورتاق مەيدانى شۇكى، ئىككىلا تەرەپ كەشمىرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا كەشمىر مەسىلىسى ئۈستىدە توقۇنۇش ساقلىنىش بىلەن بىللە، ئىزچىل تۇرۇ.. مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان «3 - كۈچ» ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ كۈچ «ئەركىن كەشمىر كۈچلىرى» دىن تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ھىندىستانغىمۇ، پاكىستانغىمۇ قېتىلىشنى خالىمايدۇ، بەلكى كەشمىر ھەم شىنجاڭ ۋە ئافغانىستاندىكى بىر قىسىم جايلارنى بىرلەشتۈرۈپ «كەشمىرىستان» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ 3 - كۈچنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە پەيدىنپەي زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىنلا مۇرەككەپ بولغان مىللەت، دىن توقۇنۇشى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تاشقى مۇھىتى تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى.

### دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى

كەشمىر ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ بىر شتاتى بولغان. بىز بۇ جاينىڭ مىللەت، دىن توقۇنۇشىنىڭ سەۋەبىنى ھىندىستاننىڭ

مىللەت، دىن توقۇنۇشىدىن ئايرىغان هالدا تەتقىق قىلساق بولمايدۇ.

داڭلىق ئالىم سىمىت هىندىستاننى «بىر ئىرقشۇناسلىق مۇزېيى» دېگەن، قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا هىندىستاندا نۇرغۇن مىللەت ياشاپ كەلگەن. شۇڭا، سىمىت: «هازىر هىندىستاندا قان بەك ئارىلىشىپ كەتكەن، ئەسلىدە هەر قايسى ئىرقلار ئايرىم بولسىمۇ، هازىر ئۇنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ يەكۈن چىقارغان.① دوكتور جادىناز ساكار هىندىستاندىكى ئىرقلار بەك ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم ئولتۇراقلاشقان هەرقايسى سىرتتىن كەلگەن ئىرىقلار تۇرمۇش جەهەتتە ئوخشاش بولغاچقا، ئوخشاش بىر زېمىندا ياشىغاچقا، ئوخشاش قانۇنغا رىئايە قىلغاچقا، ئىرىق ۋە تۇرمۇش شەكلى جەهەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ قالدى. هەتتا هىندىستاندىكى مۇسۇلمان كۆچمەنلەر نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ دۆلەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاسىيادىكى باشقا مۇسۇلمانلار، مەسىلەن ئەرەب ـ پارسلارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى» دېگەن. ② . سىر هېببوت رىسرەي: «بىز هىندىستانلىقلارنى كۆزىتىدىغان بولساق، هىندىستاندىكى ئىجتىمائىي تىپى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنى هىمالايا تاغلىرىدىن كومورىن تۇمشۇقىغىچە بولغان جايلاردا تۇرمۇش جەهەتتە مەلۇم ئاساسىي بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلارنى ئايرىپ پەرقلەندۈرمەك تەس» دېگەن.③

يۇقىرىقى ئۈچ ئالىمنىڭ قارىشىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، هىندىستاندا گەرچە ئاز دېگەندە 14 مىللەت بولسىمۇ، مىللەتلەرنىڭ پەرقى تازا ئېنىق ئەمەس. ئۇلاردا

---

① سىنها بانېرجابا: «هىندىستان تارىخى»، 14 ـ بەت.
② سىنها بانېرجابا: «هىندىستان تارىخى»، 16 ـ بەت.
③ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 16 ـ بەت.

ئورتاقلىق كۆپ بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقانداق تىپقا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ۋە ئۇسلۇبنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئادىتى تازا پەرقلەنمىگەچكە، دىنىي ئېتىقاد ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرقى بولۇپ قالغان. بۇ يەردە ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوخشىمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىپلا قالماي، ئوخشاش مىللەتمۇ ئوخشىمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەسىلەن، جەنۇبىي ئاسىيا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى پەنجاپلار پاكىستاندا ئىسلام دىنىغا، ھىندىستاندا ھىندى دىنى ۋە شىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك دىنىي ئېتىقاد بويىچە ئىجتىمائىي توپقا ئايرىلىدىغان ھادىسە، ھىندىستاندىلا ئەمەس، پاكىستان ۋە كەشمىردىمۇ مەۋجۇت. جەنۇبىي ئاسىيا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقىدا دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن بولغان توقۇنۇشلارنىڭ سانى ۋە كۆلىمى مىللەت توقۇنۇشىغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ كەشمىردىكى توقۇنۇشى ئوخشاش بولمىغان دىنلارنىڭ توقۇنۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ مىللىي تۈسىدىن دىنىي تۈس قويۇق. پاكىستان ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنى «كۆپ سانلىق مىللەت» ، مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 3 % نى ئىگىلەيدىغان ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى ۋە ئاتەشپەرەسلەرنى «ئاز سانلىق مىللەت» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، پاكىستان ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا دىندىكىلەرنىڭ توقۇنۇشىنى «كۆپ سانلىق مىللەت» بىلەن «ئاز سانلىق مىللەت» ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش دەپ قارايدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقادلار كەشمىر توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبتۇر. 1947 - يىلى ھىندىستان، پاكىستان ئايرىلىپ، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۆز دۆلىتى، يەنى پاكىستاننى بارلىققا كەلتۈردى. كەشمىرنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇسۇلمانلار كونترول قىلىدۇ.

ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى چام - كەشمىر شتاتىدىمۇ مۇسۇلمانلار 60% تىن ئاشىدۇ. شۇڭا، ئورتاق دىنىي ئېتىقاد پاكىستاننىڭ كەشمىرگە بولغان زېمىن تەلىپىنى كۈچەيتمەكتە.

## سىرتنىڭ ئارىلىشىش مەسىلىسى

كەشمىر مەسىلىگە سىرتنىڭ ئارىلىشىشى ئىنتايىن كۆپ، تەبىئىيكى ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئەڭ كۆپ بىر تۆۋەندە باشقا دۆلەتلەرنىڭ، يەنى ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۆتىمىز.

كەشمىر مەسىلىسى ئەسلىدە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇرەككەپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇشىنى ئامېرىكا كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1949 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە سۇنغان ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن ماقۇللانغان «ئومۇمىي خەلققە ئاۋازغا قويۇش» لايىھىسى ئۇنىڭ دۇنيا ئىستراتېگىيىسىدىكى جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاي شەكىللىك مۇھاسىرە ئىچىگە ئېلىپ، «كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش» ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئىدى. ھىندىستان ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىزمغا قارشى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنى رەت قىلغاچقا، ئامېرىكىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا «پاكىستاننى قوللاپ، ھىندىستاننى چەكلەش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھىندىستاننى چەكلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، پاكىستان بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەشمىر مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ھىندىستان

بىلەن پاكىستاننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئارىلىشىپ، توقۇنۇشقان ئىككى تەرەپنىڭ كېسىمچىسى بولۇۋالدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا جۇڭگونى چەكلەش ئىستراتېگىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىتىنى تەڭشەپ، بارغانسېرى ھىندىستانغا يېقىنلىشىپ، پاكىستان بىلەن يىراقلاشتى، كىچىك بوش تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھىندىستان بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتى، ئامېرىكا كەشمىر مەسىلىسىدە داۋاملىق «ئادىل رول» ئوينىماستىن، يېرىم ئاشكارا ھالدا ھىندىستاننىڭ كەشمىر مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى قوللىدى ھەمدە پاكىستاننى «تېررورچى» لارنى قوللىدى دەپ ئەيىبلىدى. 2001 - يىلى 5 - ئايدا ئامېرىكا پاكىستان يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، پاكىستانغا بولغان ھەربىي ياردەمنى ئومۇميۈزلۈك توختىتىپ، پاكىستاننى قىيىن ئەھۋالدا قويدى.

ھىندىستان ئامېرىكىنىڭ يېقىنلىق سىياسىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، «بوشنىڭ يېڭى دۇنيا تۈزۈلمە ئورنىتىش لايىھىسىنى ئىلگىرىكىدەكلا داۋاملىق قارشى ئالىمىز» دېدى. ھىندىستان ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش پىلانى (NMD) غا دەسلەپتە قارشى چىققان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنى قەتئىي قوللىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ھىندىستان بۇنى كەشمىر مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرىشىنى شەرتسىز، قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئامېرىكىنى كەشمىردىكى تېررورچى تەشكىلاتلار توغرىسىدىكى ۋە پاكىستاننىڭ

كەشمىردىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلارغا ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئاخبارات بىلەن تەمىنلىدى. پاكىستان تالىبانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇپ، ئامېرىكىنىڭ تالىبانلارغا زەربە بېرىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللاشقا مەجبۇر بولدى. پاكىستان تالىبانلارغا زەربە بېرىشنىڭ ئالدىنقى سەپى بولغاچقا، ئامېرىكا مۇشەررەپ ھاكىمىيىتى ئارقىلىق تېررورچىلارنى يوقىتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پاكىستانغا قوللانغان جازانى پۈتۈنلەي بىكار قىلغاندىن سىرت، ئۈزلۈكسىز ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. بۇ «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك غەرىزى ھەربىي زەربە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئافغانىستان ۋە كەشمىرگە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە بازىلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشتۇر.

«11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن بۇرۇن، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىش غەرىزى بولسىمۇ، رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، جۇڭگو بىلەن رۇسىيىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قوللانمىغانىدى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشىنى تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە ئىگە قىلدى. ئافغانىستاندىكى تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، رۇسىيىنىڭ يول قويۇشى ئارقىسىدا، ئامېرىكا قىسمەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ھەربىي بازا ۋە ئەسلىھەلەرنى ئىشلىتىش

ھوقۇقىغا ئېرىشتى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرگە ھەربىي خادىم ئەۋەتتى. ھازىر، ئافغانىستاندىكى تېرروزلۇققا قارشى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن، تالىبان ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي يىمىرىلگەن بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى بۇ جايدىن ئاچىقىپ كېتىش ئالامىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئامېرىكا بەلكىم بۇ رايوندا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ بەش بۇرجەكلىك بىناسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندا 10 مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بار ئىكەن، شۇنداقلا قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەككە يېقىن ماناس خەلقئارا ئايرودرومىدا قىسىملار گازارما ۋە دوختۇرخانا قاتارلىق ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ياساۋېتىپتۇ.① «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىدە بەش بۇرجەكلىك بىنادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن بۇيان، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچى پېرسىيە قولتۇقى رايونىدىن شەرققە، يەنى جۇڭگونىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا كەلدى، «بۇنى بىز چۈشىمىزدىمۇ ئويلاپ باقمىغان، ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن داۋاملىق كۈچ ساقلايدۇ» دېيىلگەن. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسكەر تۇرغۇزۇشتا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىشى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت يەتكۈزدى ھەمدە ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن غەربىي تىنچ ئوكياندىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى قوشۇلۇپ، دۆلىتىمىزنى شەرق بىلەن غەربتىن مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

① تەن ۋېيبىڭ: «ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستراتېگىيىلىك غەرىزى ئۈستىدە تەھلىل»، «خەلقئارا پايدىلىنىش خەۋەرلىرى»، 2002 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 15 - سان.

ناھايىتى ئېنىقكى، «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، سىياسىي، دىپلوماتىيە، ھەربىي جەھەتتە ھۇجۇم باشلىۋەتتى. ئۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇداپىئە كۆرۈش، جۇڭگونى چەكلەش ئىستراتېگىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: قىرغىزىستان بىلەن ئافغانىستان چېگرىداش ئەمەس، ماناس خەلقئارا ئايرودرومى ئافغانىستانغا ئەڭ يېقىن دېگەنگىمۇ 650 كىلومېتىر كېلىدۇ، جۇڭگو چېگرىسىغا بولسا 500 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە قىرغىزىستاندا ئافغانىستان چېگرىسىغا 160 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان كۇرياب دېگەن يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ياسالغان چوڭ تىپتىكى ھەربىي ئايرودروم بار بولسىمۇ، ئامېرىكا ئۇنى ياراتمىدى. ئامېرىكا ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ يېقىندىن ۋاز كېچىپ يىراقنى تاللىشىدىن جۇڭگونى چەكلەش ئىستراتېگىيىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى چەكلەشتەك كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىگە يول قويىدى ۋە ئۇنى قوللىدى. قىسمەن دۆلەتلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ھەرىكەت قىلدى. بۇ دۆلىتىمىز ئەتراپىنىڭ «غەربى مۇقىم، شەرقى جىددىي» بولۇشىنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۆلىتىمىزنى شەرق بىلەن غەربتىن ھەربىي تەھدىتكە ئۇچراتتى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتى يەنىمۇ كەسكىنلەشتى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ھازىر ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ كەشمىر چېگرىسىدا ئورۇنلاشتۇرغان ئەسكىرى 1

مىليونغا يېتىدىكەن. بۇ 1972 - يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك ھەربىي يىغىلىش ھېسابلىنىدۇ. كەشمىردە دىن توقۇنۇشى يېقىندىن بۇيان بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىشىش خەۋپى تۇغۇلماقتا. ئامېرىكا سادام ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىختىلاپىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا پائال دەۋەت قىلماقتا. ئەنگلىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ كەشمىردىن ئىبارەت بۇ پورۇخ ساندۇقىنىڭ پارتلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ھىندىستان بىلەن پاكىستان رەھبەرلىرى ئۇرۇشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، مەلۇم ئىمكانىيەت قالدۇردى. شۇڭا، كەشمىر توقۇنۇشى ئۇزاق مۇددەت تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇشى مۇمكىن. پاكىستان ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندا قىلغان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكىنىڭ «ھىندىستاننى قوللاپ، پاكىستاننى چەكلەش» تىن ئىبارەت جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئەنئەنىۋى دوست دۆلەت دەپ قارايدۇ، شۇڭا جۇڭگونى چەكلەش ئىستراتېگىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدىكى مۇھىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئامېرىكا يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىزچىل تۈردە ھىندىستاننى ئۆز ئىتتىپاقى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى ئويلاپ كەلگەنىدى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى ئامېرىكىغا پۇرسەت ئېلىپ كەلدى، جۈملىدىن ئىككى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش شارائىتى ئاساسىي

جەھەتتىن پىشىپ يېتىلدى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن رۇسىيىنىڭ ھىندىستانغا بولغان تەسىرى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاشتى. رۇسىيە ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداش دۆلىتى بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپەيلىدىن، ھىندىستانغا قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ بۇ رايونغا سىڭىپ كىرىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئۇنىڭدىن قالسا، ھىندىستان ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ۋە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىدىن خۇدۇكسىرەپ ئامېرىكا بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىشقا ئالدىراپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ۋە خەلقئارا تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى بولدى.

20 - ئەسىردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىزچىل تۇردە تولىمۇ خەۋپلىك ئۇچ ئۇرۇش ماكانى - ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋە كەشمىر رايونىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. تالىبانلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئافغانىستاندىن ئىبارەت ئۇرۇش مەنبەسى شىنجاڭغا رېئال تەھدىت بولالمايدىغان بولۇپ قالدى؛ پەرغانىدىكى تېررورلۇق كۈچلىرىمۇ خېلى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ھالبۇكى، كەشمىر رايونى شىنجاڭغا ئەڭ يېقىن، تۇتىشىدىغان يېرى ئەڭ كۆپ، يىغىلغان ھەربىي كۈچ كۆپ، توقۇنۇش كۆلىمىمۇ ئەڭ زور. ئامېرىكا كەشمىرگە بولغان ئىستراتېگىيىلىك غەرىزىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇ ھازىر ئاساسلىق زېھنىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا قارىتىپ قويدى، شارائىت پىشىپ يېتىلسىلا ھىندىستان ۋە پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى كەشمىردىكى ئىختىلاپ ۋە مىللەت، دىن توقۇنۇشلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا

بىرقەدەر مۇكەممەل ئىستراتېگىيىلىك مۇھاسىرە چەمبىرىكى قۇرۇپ چىقىدۇ. كەشمىر مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا يادرو ئۇرۇشى پارتلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆپ دۆلەت دىپلوماتىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، چوڭ جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، كىچىك پەرقىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇش، ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونى ئەتراپىدا بىخەتەرلىك مۇداپىئە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، غەربىي رايوننى ئېچىش ئۈچۈن بىخەتەر تاشقى مۇھىت يارىتىش بارغانسېرى دۆلەت بىخەتەرلىكىدىكى مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى.

# 8. پاكىستاندىكى خىلمۇ خىل دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار

*پاكىستاندىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلار ئېنىق قۇرۇلمىغا ۋە خىل قۇراللارغا ئىگە.*

*ئاز كەم 20 يىلدىن بۇيان، پاكىستاندىكى دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ تەربىيىلەش بازىلىرى تالىبانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تېررورچىلارنى تەربىيىلىدى.*

*پاكىستاندىكى ئەسەبىي ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تەشكىلاتلىرى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە كېڭەيدى، ئۆتكەن بىرقانچە يىل ئىچىدە ئىسلامىيەتچىلەرنىڭ «ئۆزئارا ھەمكارلىشىش» ئىدىيىسى بوسنىيە، كوسوۋو، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئالجىرىيە، فىلىپپىن ۋە چېچىنىيىدە ئەمەلگە ئاشتى. كۆپلىگەن كىشىلەر پاكىستاننىڭ ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرى ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي بازىسىغا ئايلانغانلىقىغا بارغاسىرى ئىشىنىشكە باشلىدى.*

*شى لەن*

1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، كلىنتون ھۆكۈمىتى سابىق بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى دۇنيادىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە ئائىت تۇنجى ھۆكۈمەت دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. بۇ دوكلاتتا پاكىستان خەلقئارا تېررورلۇق ھەرىكىتىنى قوللاش

ئېھتىمالى بولغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. كىچىك بۇش ھۆكۈمىتى ئالدىنقى دوكلاتقا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، 2000 - يىللىق دۇنيا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە ئائىت دوكلاتنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا پاكىستاننىڭ تالىبان، HUM ، JEM ۋە LET قاتارلىق ئەسەبىي تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن تەپسىلىي بايان قىلىندى. «جەنۇبىي ئاسىيادىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى» دېگەن باپتا پاكىستاننىڭ رولى تىلغا ئېلىندى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، پاكىستاندىكى دىنىي ئەسەبىي ھەرىكەتلەر دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلماقتا.

## ئارقا كۆرۈنۈشى

پاكىستاندىكى دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ كۆپلەپ پەيدا بولۇشىدا تارىخىي، ئەنئەنىۋى ۋە رېئال ئارقا كۆرۈنۈشى بار. پاكىستان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى جىنناھ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ئىلگىرىكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، دىندىن خالىي دۆلەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ھەر قايسى سىياسىي پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى كەسكىنلەشتى، ئۇلار زور كۆپ ساندىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمان مۆتىۋەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىنتىلىشكە باشلىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇرەككەپلىشىشى ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ئورنىنى كۈچەيتتى. تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەنئەنە تۈپەيلىدىن، پاكىستاننىڭ ئىسلام

ھەرىكىتىدە قويۇق سوپىزم ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەندى ھەمدە تەبىقە ئايرىمىسى قاتتىق تەكىتلەندى. دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پەرقى ۋە «ئىنتىقام ئېلىش» مەسىلىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرى تۈپەيلىدىن، پاكىستاندىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئېغىر توقۇنۇش ياكى زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولدى.

ئافغانىستان ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن، پاكىستاندىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلار ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئېنىق قۇرۇلمىغا ۋە خىل قوراللارغا ئىگە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. پاكىستاننىڭ ئۈچ ئارمىيە ئاخبارات شتابى (ISI) بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئافغانىستانغا ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قاتناشتۇردى. ئەمەلىيەتتە، 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتى ۋە كېيىنكى تالىبانلار پاكىستاننىڭ غەربىدىكى ئۆلكىلەرنى بازا قىلدى، بۇ بازىلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ھېلىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىن كەلگەن تېررورچىلارنى تەربىيىلىمەكتە. بۇ مۇسۇلمان پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزى ۋە مەمۇرىي مەركىزىنى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئىراندىن پاكىستانغا يۆتكىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پاكىستاننىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ئىنتىلىشىمۇ دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز چېگرىسى ئىچىدە كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىنتىلىش پاكىستاننى ھىندىستان بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئەسەبىيلەر ھەرىكىتىنىڭ جەننىتىگە ۋە قوللىغۇچىسىغا ئايلاندۇردى.

ئەلۋەتتە، پاكىستاندىكى ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدۇر. غەربچە چېگرا بۆلۈش ئۇسۇلى ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈرىشى ئۇچۇن تارىخىي مەنبە قالدۇردى. كەشمىر مەسىلىسى پاكىستاندىكى دىنىي ئەسەبىيچىلەر ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى كۈچلۈك تۈرتكىگە ئايلاندى. ھۆكۈمەتمۇ بۇ مەسىلىدە باشقىچە تاللاش يولىنى تاپالمىدى.

## ئاساسلىق تەشكىلاتلار

پاكىستاندىكى ئاساسلىق ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتلىرى ئىدىئولوگىيە جەھەتتە سۈننىي مەزھىپىنىڭ داربەند، پەھلەۋى، ۋەھھابىي مەزھەپلىرى ۋە شىئە مەزھىپىدىكى ئون ئىككى ئىمام، ئىسمائىل مەزھەپلىرىگە تەۋە، لېكىن ماھىيەت جەھەتتە ئۇلار دىنىي تەشكىلات بولماستىن، بەلكى سىياسىي تەشكىلات. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ ئىدىيىسى شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە غايەت زور تەسىرگە ئىگە.

*شىئە مەزھىپى*

بۇ مەزھەپ ئاساسلىقى پەنجاب ئۆلكىسى، كاراچىي ۋە غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىلىرىگە مەركەزلەشكەن. بۇ مەزھەپتىكىلەر پاكىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەخمىنەن 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زور كۆپ ساندىكىلىرى «ئون ئىككى ئىمام» مەزھىپى (ئىران تارمىقى) گە تەۋە. پاكىستاندىكى نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، مەسىلەن، جىنناھ، بۇتتو قاتارلىقلار شىئە

مەزھىپىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. 80 - يىللاردا زىيائۇلھەق يولغا قويغان «ئىسلاملاشتۇرۇش» سىياستى شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ سىياسەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1980- يىلى جەئفەر (ئون ئىككى ئىمام ئىچىدىكى ئالتىنچى ئىمام) نىڭ مۇرتلىرى دىنىي - سىياسىي تەشكىلات «جەئفەر پارتىيىسى» نى قۇردى.

«جەئفەر پارتىيىسى» (TNFJ) ئاز ساندىكى شىئە مەزھىپى مۇرتلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ھۆمەينى ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى. دەسلەپتە بۇ ھەرىكەتكە ئارىف ھۈسەيىن رەھبەرلىك قىلدى (بۇ ئادەم 1998 - يىلى پەشاۋەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى). ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن بۇ تەشكىلات يەنە ئىككى تارماققا پارچىلاندى: بىر تارمىقىغا Ayatollah sheriate — Madari غا ئەگەشكۈچى ھەمىد مۇساۋى رەھبەرلىك قىلدى؛ يەنە بىر تارمىقىغا ھۆمەينىگە ئەگەشكۈچى ئارىف ھۈسەيىن رەھبەرلىك قىلدى. مۇساۋىنىڭ تەشكىلاتى يەنىلا «جەئفەر پارتىيىسى» (TNFJ) نىڭ نامىنى قوللاندى، لېكىن يەنە بىرى ئۆزىنى «پاكىستان جەئفەر پارتىيىسى» (TJP) دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ رەئىسى ئەللامە ئەلى ناكىۋى ئىدى. بۇ پارتىيە پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆت ئۆلكىدە بەلگىلىك تەسىر كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭ سىياسىي نىشانى «ساپ ئىسلام» ئىدىيىسىگە ئىگە جەمئىيەت قۇرۇش، شىئە مەزھىپىنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ھوقۇقىنى قوغداش، شىئە مەزھىپى ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، پاكىستاندىكى بارلىق شىئە مەزھىپى تەشكىلاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاھانگىرلىك بىلەن ئورتاق كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە TJP نىڭ ئىككى ئەزاسى پاكىستان پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى. جايلاردىكى شىئە مەزھىپى تەشكىلاتلىرى، ئىران ۋە سودا

خاراكتېرلىك بەزى تەشكىلاتلار بۇ پارتىيىنى مالىيە ياردىمى بىلەن تەمىن ئەتكەن.

«پاكىستان مۇھەممەد ئەسكەرلىرى» - 1993 [Sipakh — e — muhammad Pakistan (SMP)] يىلى TNFJ دىن ئايرىلىپ چىققان ئەسەبىي تەشكىلات بولۇپ، ئىران بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ. ئۇ 30 مىڭ كىشىلىك ئەگەشكۈچىگە ئىگە بولغانلىقتىن، پاكىستاندىكى شىئە مەزھىپىدىكى ئەڭ چوڭ رادىكال تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكى TNFJ بىلەن TJP نىڭ ئەزالىرى بولۇپ، پەنجاپ ئۆلكىسىدە غايەت زور تەسىر كۈچىگە ئىگە، ئۇنىڭ رەھبىرى غۇلام راسا ناكىۋى. 1996- يىلى بۇ تەشكىلاتتىكى مۇھىم بىر شەخس ئەلى شاھ SMP نى ئوتتۇرىغا چىقارغان. SMP نىڭ ئاساسىي نىشانى شىئە مەزھىپى جەمئىيىتىنى سۈننىي مەزھىپى ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ تەسىرىدىن ساقلاشتىن ئىبارەت، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى LJ.

### *سۈننىي مەزھىپى*

پاكىستاندا سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە كۆپلىگەن سىياسىي پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ئۇنىڭ ئەسەبىي تەشكىلاتلىرى مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشاش ئىدىيىگە ئىگە بولۇپ، «ساپ ئىسلام» نىڭ كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە «تەقۋاسىز» خرىستىئان دىنى مۇرتلىرى، ھىندى دىنى مۇرتلىرى ۋە شىئە مەزھىپىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۆزئارا بىرلىششنى خالايدۇ. ئۇلارنى ۋارىسلىق قىلغان ئەنئەنىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئۈچ چوڭ مەزھىپىگە، يەنى پاكىستاندا ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرتۇۋاتقان داربەند، پەھلەۋى ۋە ۋەھابىي مەزھەپلىرىگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### دارىبەند

دارىبەند ھەرىكىتى تۆۋەندىكى بەزى تەشكىلات ۋە كوللېكتىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

«ئىسلام جامائىتى» [Jamaat — e — Islami (JI)] پاكىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي دىنىي تەشكىلات، 1941-يىلى 8-ئاينىڭ 25-كۈنى A.A. مەۋدۇدى لاھوردا قۇرغان. بۇ پارتىيىنىڭ پەنجاپ، سىند ئۆلكىسى ۋە غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىدە تەسىرى بىرقەدەر زور. 1988-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ، ئۇ ئىسلام دېموكراتىك بىرلەشمە ئىتتىپاقىغا كىردى. بۇ پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ھەر خىل كىشىلەر بولۇپ، تەخمىنەن 12 مىليونغا يېتىدۇ. ھازىرقى رەھبىرى قازى ھۈسەيىن ئەھمەد. 90-يىللاردا بۇ پارتىيە پاكىستان ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن شېرىف ھۆكۈمىتىگە قاتناشتى. JI دىكى ياشلار «ئىسلام توۋا قىلىش جامائىتى» [Islami Jamaat — i— Tulaba (IJT)] غا ئايرىلدى. JI ئارمىيە ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە.

JI نىڭ تەشۋىقاتى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: دۆلەتنىڭ دىنى ئىسلام؛ كەشمىر پاكىستاننىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى؛ ئوردو تىلى دۆلەت تىلى؛ كۈچلۈك ئارمىيە بىلەن دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە گۈللىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. 80-يىللاردا ISI ئافغانىستان غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ئاشكارا ۋاز كەچكەندىن كېيىن، بۇ ۋەزىپىنىJI ئۈستىگە ئالدى. لېكىن، تالىبان غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەندىن كېيىن، بۇ پارتىيە ئافغانىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە زور رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئورنىنى «ئىسلام ئۆلىمالار جەمئىيىتى» [Iamiat Ulema — l — Islam(JUI)]

ئالدى. نۆۋەتتە چەت ئەل ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى كەشمىر، كوسوۋو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئۇرۇشقا ئەۋەتىدىغان لاگېرلارنى ھېلىھەم JI ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. JIنىڭ ھامىيلىقىدىكى بىرقانچە ئەسەبىي تەشكىلاتنى پاكىستان ئۈچ ئارمىيە ئاخبارات شتابى (ISI) تىزگىنلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى «غازاتچىلار تەشكىلاتى» [Hizb — uL — Mujahiddin (HM)] كۆپىنچە كەشمىردە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەشكىلات خۇسۇت رايونىدىكى «Badr —1» ۋە «Badr — 2» لاگېرنى ئاساس قىلغان مەشھۇر «بەدر» [Al — Badr] تەشكىلاتدۇر. ھازىر بۇ لاگېرلاردا جەمئىي 3000 گە يېقىن پارتىزان بار.

«ئىسلام ئۆلىمالار جەمئىيىتى» (JUI) تەسىرى كۈچلۈك رادىكال ئىسلام پارتىيىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنى 1941- يىلى مەۋلانە سابىر ئەھمەد ئوسمانىي قۇرغان. ئۇنىڭ نىشانى مۇستەقىل پاكىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش بولۇپ، 1947 - يىلى ئۇ بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. JUI نى ئەڭ زور دەرىجىدە قوللايدىغانلار پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىدە بولۇپ، بۇ پارتىيە پاكىستان زېمىنىدا ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ زور كۆلەملىك ئۆزگىرىشلەرنى يولغا قويۇشنى قوللىغان ھەمدە تالىبان ھەرىكىتىنى قوزغىغان. JUI كونتروللۇقىدىكى ئەڭ مەشھۇر تەشكىلاتلار مۇنۇلار:

1. «پاكىستان ساھابە ئەسكەرلىرى»

[Sipah — e — Sahaba Pakistan (SSP)] 1982 - يىلى ئىران ئىنقىلابىدىن كېيىن JUI دىن ئايرىلىپ چىققان بىر تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتقا ئەڭ دەسلەپتە جانگىۋى رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، ھازىرقى رەھبىرى ئەلى شىر ھەيدەرى. قوماندانلىق مەركىزى جەنۇبىي پەنجاپ ئۆلكىسىدىكى جانگدا. ئىران - ئىراق ئۇرۇشى ۋە ئىران - ئافغانىستان ئۆكتىچىلەر ئۇرۇشىدا ئۇ

ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. SSP تەخمىنەن 100 مىڭ ئەگەشكۈچى ۋە 3000 ـ 6000 ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى پەنجاپ ۋە غەربىي شىمالدىكى چېگرا ئۆلكىلەرگە جايلاشقان. SSP چىلار ئىنتايىن ئەسەبىي بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ھەمدە شىئە مەزھەپىدىكىلەرگە قاتتىق قول.ئۇلار ساپ سۈننىي مەزھەپىدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنداق جەمئىيەتتە، شىئە مەزھەپى ئاز سانلىقلار مەزھەپى سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ دەپ قارايدۇ. SSP سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ئىراقنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

2. «پاكىستان لەشكەرلىرى»

[Lashkar — i — jangwi Pakistan (LIP)] 1995 - يىلى SSP دىن بۆلۈنۈپ چىققان كىچىك تىپتىكى سۈننىي مەزھەپى ئەسەبىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبىرى خەلقئارالىق تېررورچى روزى باسلا. گەرچە ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولسىمۇ، LJP بىلەن SSP يەنىلا ئورتاق ھالدا شەرىئەت ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، داربەند ۋە ۋەھھابىيلىقنى تەرغىب قىلدى، شىئە مەزھەپىدىكىلەرنى كاپىر دەپ ئەيىبلەپ، پاكىستاندىكى بارلىق ئىران مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى تاقىۋېتىشكە ئۇرۇندى. ئۇ ئىنتايىن مەشھۇر بولغان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانلىقتىن داڭ چىقارغان. غەربىي جەنۇبىي پەنجاپ ئۆلكىسىدە LJP نىڭ 500 نەپەر ئەسكىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئافغانىستاندا تەلىم - تەربىيە ئالغان ھەمدە شۇ يەردە قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىلارغا ئېرىشكەن. 1997 - يىلى 5 ـ ئايدا، LJP دا ئىككى يېڭى تارماق، يەنى باخاۋالپوردىكى AmirAzimat ۋە لاھوردىكى Lashkar — e — Faruk شەكىللەنگەن.ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ «Intekam — e —HaK» دېگەن ژۇرنىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا شىئە مەزھەپىگە قارشى ئىدىيىلەر

تەشۋىق قىلىنىدۇ ۋە LJP نىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە ئالاقىدار ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ. 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ، LJP تالىبان تەرەپتە تۇرۇپ، ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

بۇ تەشكىلاتلاردىن باشقا، پاكىستاندا يەنە بىر تۇركۇم چەت ئەل ياللانما قوشۇنلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە تەربىيىلەپ، «ئېكسپورت» قىلىدىغان ئەسەبىي تەشكىلاتلارمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى مۇنۇلار:

1. «ئەنسارىلار ھەرىكىتى»[Harkat — ul — Ansar (HUA)] پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئافغانىستاندىكى غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى بىلەن كۈرەش قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ SSP، ISI، JUI بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق. ھازىر بۇ تەشكىلاتتا جەمئىي 5000 نەپەر تالىبان بولۇپ، كۆپىنچىسى پەنجاپتىن، ئاز قىسمىلىرى پېشاۋەر ۋە كاراچىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ رەھبىرى Khalil نىڭ بىن لادىن بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولغان ھەمدە 1998 ـ يىلى ئامېرىكا بىلەن غەربنىڭ مەنپەئىتىنى ھۇجۇم نىشانى قىلغان دىنىي پەتىۋا (Fatwa) چۈشۈرگەن. بۇ ھەربىي تەشكىلات مىسىر، ئىئوردانىيە، تۇنىس، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە سۇداندىن كەلگەن ئەزالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە مىسىرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەربىيىلەش لاگېرى مۇزەففەرئاباد، پېشاۋەر ۋە ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ئۆلكىسى ئەتراپىغا جايلاشقان. HUAنىڭ ئەسكەرلىرى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋىرگىنىيە قوماندانلىق مەركىزى ۋە نيۇ - يوركتىكى دۇنيا سودا بىناسىنى پارتلىتىش ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قاتناشقان، ئامېرىكىنىڭ كاراچىدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەن. بەش

غەرب ساياھەتچىسى كەشمىردە تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا HUA نى ئەڭ خەتەرلىك تېررورلۇق تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. HUA بۇنىڭ بىلەن نامىنى«غازاتچىلار ھەرىكىتى» [Harkat — UL— Mujahiddin (HUM)] گە ئۆزگەرتكەن. 90- يىللاردا، ئۇ كەشمىرنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ. ئۇنىڭ ئەزالىرى تاجىكىستان، بوسنىيە، چېچېنىيە ۋە فىلىپپىن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. HUM تالىبان ھەرىكىتى بىلەن قويۇپ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئافغانىستاندا «پاكىستان تالىبانى» دەپ ئاتالدى. ئافغانىستان لاگىرىدا 40 كۈنلۈك مەشىق قىلىش ئارقىلىق، HUM نىڭ ئەسكەرلىرى باشقا ئىسلام ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن ھەر خىل تىپتىكى ئاساسىي قورال، قول بومبىسى ئېتىش ئۇسكۇنىسى، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاپتوماتىك مىلتىق، موتسىكلىت، ئارقىغا تەپمەس قوراللار ۋە كۆپ باشلىق باشقۇرۇلغۇچى بومبىنى ئېتىش ئەسۋابى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، HUM شىنجاڭ رايونىدىمۇ «دىن تارقاتقان». HUM ئەزالىرىنىڭ ئارمىيە ئىچىدىمۇ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرى بار بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارمۇ بار. بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر قانچە رەھبىرى ۋە پائالىيەتچىسى يەنە 1995 - يىلدىكى پاكىستان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ تەييارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان.

1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ھىندىستان نۆۋەتچى ئايروپىلاننى تېررورچىلار بۇلاپ كەتكەنلىكتىن، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئايروپىلان بۇلىغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، 1994 - يىلى ھىندىستان ساقچىلىرى تۇتۇۋالغان HUA نىڭ ئاساسلىق رەھبىرى Masood Azhar نى قويۇپ

بەردى. Azhar ئارقىدىنلا تېخىمۇ رادىكال تەشكىلات «مۇھەممەد ئارمىيىسى» [Jaish — e — Muhammed (JEM)]نى قۇردى. بۇ تەشكىلات مۇزەففەرئاباد ۋە راۋالپىندى قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاساسلىقى كەشمىر رايونىدا ھەرىكەت قىلدى ھەمدە ھىندىستان چېگرىسىدىكى كۆپ قېتىملىق پارتلىتىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. JEM سەئۇدى ئەرەبىستانى، پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر ۋە پاكىستانلىقلار، كەشمىرلىكلەرنىڭ ماددىي ياردىمى ۋە مەنىۋى قوللىشىغا ئېرىشتى ھەمدە پاكىستاندىكى JUI بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولدى. JEM نىڭ نىشانى كەشمىر بىلەن پاكىستاننىڭ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەزالىرى پاكىستانلىقلار، كەشمىرلىكلەر ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئافغانلار، ئەرەبلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنى يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى قورال - ياراغلار، موتورلۇق قۇرۇلمىلار، راكېتا قول بومبىسى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان مىلتىق ۋە ئاددىي پارتلاش قۇرۇلمىسى قاتارلىق قوراللاردۇر.

2 . «فەقرا جامائىتى»[jamaat — uI — FaKra (JF)] بۇ تەشكىلات كەشمىر، تاجىكىستان، بوسنىيە ۋە كوسوۋو، شىمالىي ئامېرىكىدىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان. پاكىستانلىق M. Ali Gilani 80 - يىللاردا بۇ تەشكىلاتنى قۇرغان بولۇپ، ئۇ بىرقانچە دۆلەتتە ۋاكالەتچى ئاپپارات تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدا يەنە بىر مۇرەككەپ مەخپىي تورى بار.

3 . «تاكفىر جامائىتى»[Jamaat —ul—Takfir (jT)] بىر مەھەل يەر ئاستى پائالىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 200 ئادەمى بار بۇ كىچىك ئەسەبىي تەشكىلاتى 1996- يىلى، ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەر خىل يول بىلەن غەرب ئەللەرگە تايانغان مۇسۇلمانلار ياكى ئىسلام ئەللىرى رەھبەرلىرىنى «كاپىر» دەپ قارىدى. بۇ تەشكىلاتنى

پەلەستىنلىك بىر ئەرەب قۇرغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە ئافغانىستان ئۇرۇشىدا بارلىققا كەلگەن كىچىك قوراللىق گۇرۇھ ئىدى. ئۇنىڭ مەنىۋى داھىيسى «خەلىپە» ئالاھىدە ئىمتىيازغا، جۈملىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. 1994 - يىلىدىن ئىلگىرى JT ئافغانىستان چېگرىسىغا يېقىن جايدىكى پۇشتۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى بازا قىلغان. لېكىن، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىلەن بىر مەيدان توقۇنۇشقاندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى جەنۇبىي گارخار دېگەن جايغا يۆتكەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، تالىبان يەنە ئۇنى پاكىستانغا قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. 1997 - يىلى ئەتىيازدا، پاكىستان ئالاھىدە قىسمىنىڭ پېشاۋەر ئەتراپىدا JT زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ ئالتە نەپەر خادىمىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى ئۇنىڭ نامىنى چىقاردى. JT زەربىدارلار ئەترىتىدىكىلەر پاكىستاننىڭ ئالاھىدە قىسمى بىلەن ئىككى كۈن جەڭ قىلدى. بۇ جەرياندا JT نىڭ ئەسكەرلىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدىكى ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنى ۋە ناھايىتى يۇقىرى كەسپىي سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قېپقالغان كىشىلىرى بازىدىن شىمالدىكى تاغلىق رايونلارغا يۆتكەلدى. ئۇ يەرگە يېقىنلىشىش ئىنتايىن تەس ئىدى. پاكىستان ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، پېشاۋەر ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، JT نىڭ ئىسلامئاباددا تۇرۇشلۇق تاجىكىستان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېنىقلانغان.

## *سۈننىي مەزھىپىدىكى ۋەھھابىيلار*

ۋەھھابىيلىق ئېقىمى 19 - ئەسىردە پاكىستاننىڭ پەنجاپ ئۆلكىسىگە تارقالغان. ۋەھھابىيگە تەۋە «ئەسلى مۇسۇلمان جامائىتى» ‹ [JamααT — i — Ulama — i — AhI—i—Hadis (JUAH)] 60 - يىللاردا لاھوردا بىر مەركەز قۇرۇپ, سەئۇدىي

ئەرەبىستاندىن كەلگەن ۋەھھابىچىلارنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ياردىمىنى قوبۇل قىلغان. JUAH ھەرقانداق شەكىلدىكى دەھرىي دېموكراتىيىنى ئېتىراپ قىلماي، شەرىئەت ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدۇ. سۇپىزم مەدەنىيىتى بىلەن ئەنئەنىسگە قارشى تۇرىدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى تەقۋادار ئەمەس دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۇلارنى غەيرىي مۇسۇلمانلار مەزھىپى دەپ ئاتاشتا چىڭ تۇرىدۇ. ساجىدمىر، زۇبەيىر ئەھمەد زاھىر ۋە قادىر خاماس ئۈچ كىشى ئايرىم- ئايرىم ھالدا JUAH نىڭ ئۈچ تارمىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. پاكىستاندا تەسىرى ئەڭ زور، ئەڭ جانلىق بولغان ۋەھھابىي تەشكىلاتلىرى مۇنۇلار:

، (MDI) Markaz — ud — Dawa — vaI — lrshad

ئۇنى 80- يىللارنىڭ دەسلەپىدە لاھور تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى زەپەر ئىقبال ھاپىز مۇھەممەد سەئىد ۋە ئابدۇللا ئەزەم 1998 - يىلى بىر قېتىملىق تېررورلۇق ھەرىكىتىدە ئۆلگەن) لار قۇرغان. ئۇنىڭ باش شتابى لاھوردىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان مۇرىدىكى بازىرىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قاتتىق ساقلانغان. كىچىك بازاردىكى باش شتابىنىڭ قۇرۇلۇشى دەسلەپىدە ئەرەب قولللىغۇچىلىرىنىڭ، كېيىن بوسنىيە- گېرتسېگوۋېنادىكى خەلقئارا ئىسلام پائالىيەتچىسى شەيخ ئەبۇ ئابدۇللا ئەزىزنىڭ ياردىمگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن MDI ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسى ئۇنى مەبلەغ بىلەن تەمىن ئەتتى. كىچىك بازاردىكىلەردىن باشقا، بۇ تەشكىلات يەنە 30 نەچچە مەدرىستە ئوقۇۋاتقان 5000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى پەنجاپ ئۆلكىسىگە جايلاشقان. MDI يەنە ئۆزىنىڭ دىنىي-مائارىپ مەركىزىي سىستېمىسىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە «Majla — Da — dawa» دېگەن ژۇرنالنى نەشر قىلغان. ھەر يىلى MDI كىچىك بازاردا

قوللىغۇچىلار ياكى تەشكىلات ئەزالىرى قاتناشقان يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ.

«تۆۋبەلەشكەرلىرى»[LashKar — i — Tayaba (LT)]، يەنى «ھەققانىيەت قوشۇنى»، ئۇ MDI نىڭ ھەربىي تارمىقى، شۇنداقلا مەشھۇر تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ھىندىستاندىكى جام - كەشمىر رايونىدا ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن غازاتچى پارتىزانلارنى تەربىيىلىدى ھەمدە كەشمىر رايونىدا كۆپ قېتىم ھىندىستان چېگرىسىدىكى يۇقىرالارغا ھۇجۇم قىلىش ياكى ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. LT كەشمىردە بىر قانچە يۈز كىشىلىك قوللىغۇچى قوشۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئەنگلىيىدىكى پاكىستانلىقلار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئىسلام غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە پاكىستان، كەشمىردىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ ئۇنى مالىيە جەھەتتىن قوللىدى. LT زەربىدارلار ئەترىتى ئەزالىرى ۋە HUM دىن كەلگەن «قوراللىق ئاكا - ئۇكا» لار كەشمىر ھەربىي بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ %80 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇزۇل - كېسىل تاللاش ۋە سىناقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ياشلار ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى قوبۇل قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ 21 كۈنلۈك ئادەتتىكى دەرس ۋە ئۈچ ئايلىق ئالاھىدە مەشىق (مىلتىق ئېتىش تېخنىكىسى مەشقى، قىيىن شارائىتتا ياشاش مەشقى، پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەشقى ۋە ھۇجۇم قىلىش - مۇداپىئە كۆرۈش ماھارىتى قاتارلىقلار) جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياز پەسلىدە، ISI نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن LT

ۋە HUM بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئافغانىستاننىڭ خورسىت، جەنۇبىي گارخار ۋە كونا تەربىيىلەش لاگېرىدا («Badr — 1» ۋە «Badr — 2»، «salman Farsi Ghund» ۋە «COrps — 9») ئەمەلىي ئۇرۇش مانېۋىرى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەيدۇ. پاكىستاننىڭ پىنسىيىگە چىققان ئەمەلدارلىرى ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىلەن شۇغۇللانغان تەجرىبىلىك كىشىلەر بۇ ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان. LT دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىنىي ھەربىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ساقلاپ كەلگەن، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى MDI دىن ئۆتۈپ، فىلىپپىندىن ئوتتۇرا شەرق ۋە چېچىنىيىگىچە كېڭەيگەن. باشقا دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار، جۈملىدىن سۈننىي مەزھىپىدىكى پەھلەۋى قاتارلىقلارمۇ ئانچە مۇھىم بولماي ئۇلارنىڭ پاكىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىر كۈچىمۇ ئىنتايىن چەكلىك بولغان.

## پاكىستاننىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرى

### *دۆلەت ئىچىگە بولغان تەسىرى*

پاكىستاننىڭ بىرنەچچە نۆۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشتى. مەسىلەن، ئەلى بۇتتو ئىسپىرت تەركىبى بار ئىچىملىكلەرنى سېتىشنى مەنئى قىلدى ھەمدە ھەر ھەپتىدىكى ئارام ئېلىش كۈنىنى جۈمە كۈنىگە ئۆزگەرتتى. زىيائۇلھەق مەھكىمە شەرئىي تەسىس قىلدى ھەمدە پاكىستاننىڭ 1511 ماددىلىق قانۇنىنىڭ 267 ماددىسىنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ

ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە مەدرىسلەرگە ھۆكۈمەت فوندىدىن ياردەم بەردى ھەمدە ئەرەب دۇنياسىنىڭ مەبلىغىنىڭ كىرىشىگە ئىلھام بەردى. نەتىجىدە، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى بۇ دۆلەتتە يىلتىز تارتتى، دىنىي تەلۋىلەرمۇ ھۆكۈمەتكە كىرىشكە باشلىدى ھەمدە ھەربىي قىسىملار ۋە ئاممىۋى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئىجتىمائىي ساھەگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى. بىنەزەر بۇتتومۇ ئىسلام پارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كويىدا بولدى. ھەتتا JUI نىڭ رەھبىرى مەۋلانە فازىل رەھمانمۇ دۆلەت پارلامېنتى خەلقئارا ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان ھەم پۇرسەت بولسىلا ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا ۋە دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ تالىبان ھەرىكىتىگە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋائىزلىق قىلغان. ئۇ بۇتتو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى نەسرۇللا بەبەر بىلەن بىللە پاكىستاننىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى JT تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغان. شەرىفنىڭ دۆلەت زۇڭلىسى بولالىشىمۇ ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ئىسلام دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ پاكىستاندىكى ئاساسلىق ئەسلىيەتچى تەشكىلاتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن بولغان. شۇڭا، ئۇ چوڭ سايلامدا غەلىبىگە ئېرىشكەن.

ئافغانىستان ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەرقايسى ئاساسلىق مۇتەئەسسىپ تەشكىلاتلارنىڭ تارقىتىش پائالىيىتىنى كۈچەيتىۋەتكەن. پۈتۈن پاكىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى مەسچىت ۋە مەدرىسلەر ئۆزئالدىغا ھۆكۈمەت بولۇپ قالغان. مەدرىسلەردە ئۆگىنىلىدىغان نەزەرىيە دەرسلىكلىرىنىڭ مەزمۇنى، شۇنىڭدەك ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىبلار ئېرىشىدىغان دىنىي ئەسەبىيلىك سەۋىيىسىنى ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار بەلگىلىگەن. پاكىستاندىكى مەدرىسلەرنىڭ كۆپچىلىكى سۈننىي

مەزھىپىنىڭ داربەند، پەھلەۋى ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ. بەزىدە تالىبلار ئۇ يەردە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالىدۇ. پاكىستان مەخپىي ساقچى تارماقلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، 1999 - يىلى پۈتۈن پاكىستاندىكى مەدرىسلەر 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن (1975 - يىلى ئاران 868 ئىكەن) بولۇپ، مىليونلىغان پاكىستان ئاھالىسى ۋە 36 دۆلەت، جۈملىدىن چېچىنىيە، داغىستان، بوسنىيە ۋە ئافغانىستاندىن كەلگەن تالىبلار ئۇ يەردە ئوقۇيدىكەن. بۇ تالىبلارنىڭ كۆپىنچىسى نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ بىلىمگە ئىگە بولىدىغان بىردىنبىر يولى ئىكەن. ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان غەربىي چېگرا ئۆلكىسى ۋە بالۇجىستان ئۆلكىسى، گىلگىت، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا، جەنۇبىي قىسمىدىكى پەنجاپلار ئاساسلىق نەزەرىيە مەركىزىگە ئايلانغان. بۇنداق جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش پاكىستاندىكى رادىكاللار (ئاساسلىقى سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر) نىڭ شىئە مەزھىپىنىڭ رادىكال ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسىدىغان بىر ئارىلىق رايون پەيدا قىلىش ئوي - خىيالىدىن بولغان. پاكىستاننىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى چەت ياقا رايونلارنىڭ يېزىلىرىدىكى ئاھالىلەر ئىسلامىيەت نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئوبيېكتلاردۇر. مەسىلەن، گىلگىت شىنجاڭ رايونىغا ئىسلامىيەت كېڭەيمىچىلىكى ئېلىپ بېرىلىدىغان بازا قىلىنىدۇ.

پاكىستان يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىش سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، كۆپ قىسىم ئاھالىنىڭ نامراتلىقى بىلەن ھەربىي چىقىمىنىڭ ماس كەلمەسلىكى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي تۇرمۇش ساھەسىدە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش زۆرۈرىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭدىن باشقا،

پاكىستاننىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبىرى بولۇشقا ئۇرۇنۇشى ھەمدە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە ئىسلامىيەت تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا بېسىم ئىشلىتىش ئۇسۇلىمۇ دۆلەتكە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلدى. پاكىستان ئەڭ تەسىر كۈچىگە ئىگە ئىككى چوڭ ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتى JUI ۋە JI نى ئىشقا سېلىپ كەشمىر ۋە ئافغانىستاندىكى ئىسلامىيەت ئەسەبىيلىرىگە ياردەم بەرگەن. ھالبۇكى، بۇ ئىككى تەشكىلات يەنە پاكىستاننىڭ ئىچكى سىياسىي ۋەزىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. پاكىستاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقى بىلەن دىن ۋە مىللىي توقۇنۇشى ئۇ يەردە ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان سۈننىي مەزھىپىنىڭ رادىكال ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە تالىباننىڭ باش كۆتۈرۈشى شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرگەن. 90 - يىللاردا ئافغانىستاندىكى ھەربىي ھەرىكەتنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشى ۋە تالىبان قوشۇنىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىغا ئەگىشىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق (ئاساسلىقى سۈننىي مەزھىپى) ۋە ئىران (ئاساسلىقى شىئە مەزھىپى) نىڭ قورال - ياراغ ۋە مالىيە جەھەتتىكى ياردىمى كۆپىيىپ، پاكىستان زېمىنىدا بىر قاتار تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەلگەن. 1987 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 1000 قېتىمدىن ئارتۇق تېررورلۇق ھەرىكىتى تەشكىللەپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 3 ـ 4 يىلدا بۇنداق توقۇنۇش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ دۆلەتتە شەرىئەت ھۆكۈمرانلىقى يولغا قويۇلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئەسلىيەتچى تەشكىلاتلارنىڭ بارلىق ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ۋە

پاكىستان زېمىنىدا كۆڭۈلدىكىدەك دۆلەت قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىش قەدىمىنى توسۇشقا قۇربى يەتمىگەن بولاتتى. سابىق زۇڭلى شەرىفنىڭ شەرىئەت ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقى شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن.

پاكىستاننىڭ ھازىرقى زۇڭتۇڭى گېنېرال مۇشەررەف پاكىستان ھەربىي تەرەپ ياكى ISI نىڭ LT قاتارلىق دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، پاكىستان زېمىنىدا بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كەسكىن ئىنكار قىلدى. ئەمەلىيەتتە 1999 ـ يىلىدىكى كارگىل ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا بۇ ئەسەبىي تەشكىلاتلار پاكىستان قوشۇنلىرى ئۈچۈن جەڭ قىلغان بولۇپ، 2000 ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى تېررورلۇق ھەرىكىتى توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىدىمۇ پاكىستان ھەربىي ھۆكۈمىتىنىڭ كەشمىردىكى قوراللىق تەشكىلاتلارنى مەبلەغ، پاناھلىنىدىغان جاي ۋە يېڭى ئەزا بىلەن قوللىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىلى بولغان LT 2000 ـ يىلى ھىندىستان پۇقرالىرىغا قارىتىلغان كۆپ قېتىملىق پارتلىتىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان. پاكىستان يەنە تالىبانلارنى ماددىي ئەشيا، يېقىلغۇ، مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرى قاتارلىق كۆپ ساھەدىكى ياردەملەر بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئاخبارات خەۋەرلىرىدە ئېيتىلىشىچە، 1999 ـ يىلى كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان LT تەشكىلاتىMuridke نىڭ يىللىق يىغىنى 2000ـ يىلى يەنە يېڭىۋاشتىن چاقىرىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ISI نىڭ رەھبىرىمۇ 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئېچىلغان يىللىق يىغىنغا قاتناشقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەيلى

مۇشەررەف ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى ئاخبارات تارمىقى ISI بولسۇن، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلارغا يۇزلىنىشتىن قۇتۇلۇشى تەس.

### *دۆلەت سىرتىغا بولغان تەسىرى*

پاكىستان ئىسلام ئەسەبىيلىكى ھەرىكىتىنىڭ زىيادە كۆپىيىشى كەشمىرنىڭ ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئەسلىيەتچىلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ISI ئۇ يەرگە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتمەكتە. ئۇلار كەشمىر بىلەن ھىندىستاننىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇشى دېھلىنى «كەشمىر مەسىلىسى» نى ھەل قىلىش سۆھبىتىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلايدۇ دەپ قارايدۇ. ھىندىستان پاكىستان ھەربىي تەرەپنى «چېگرا ھالقىغان تېررورلۇق ھەرىكەت» نى كۆپەيتىپ، شۇ ئارقىلىق ھىندىستاندا دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەزىيەت پەيدا قىلدى دەپ داۋاملىق تەنقىد قىلماقتا. يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ھىندىستان- پاكىستان باشلىقلىرى ئۇچرىشىشىنىڭ نەتىجىسىز ئاياغلىشىشى ئىككى تەرەپنىڭ كەشمىر مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپىنىڭ يەنىلا ئېغىرلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

ئافغانىستاندىكى قانلىق ئىچكى ئۇرۇش 20 يىل داۋاملاشتى. دەسلەپ باشلانغاندا ئۇ غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قورچاق ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئىدى. كېيىن شىمالىي ئىتتىپاق بىلەن تالىبان ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتى، تالىبان ۋە شىمالىي ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە پاكىستان لاگېرىدا تەربىيە ئالغان. ئۆتكەن 20 يىل ئىچىدە، ئافغانىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئەسلىيەتچىلەرنىڭ نىشانى زادىلا

ئۆزگەرمىدى. پاكىستاننىڭ چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھۆكۈمرانلىقى بولسا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، بۇ رايوننىڭ ئىسلاملىشىش يۈزلىنىشى داۋاملاشتى. تالىبان ھاكىمىيىتى يەنە زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى سىرتقا چىقىرىشنى جىددىي كۆپەيتكەن بولۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت يەنە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان تېررورچىلار ياكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى، جۈملىدىن بىن لادىن ۋە پاكىستاندىكى SSP ، LJP پارتىزانلار ئەترىتى ئەزالىرىنى يىغنۋالغان.

پاكىستاننىڭ شىئە مەزھىپىگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسى دۆلەت ئىچىدە شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇشنى جىددىيلەشتۇردى ھەمدە ئىران يۇقىرىغا قارىتىلغان بىر قاتار تېررورلۇق ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1998 - يىلى تالىبان مازارى شەرىفتە توققۇز نەپەر ئىران دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ۋە بىر نەپەر ئىران مۇخبىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىران ئافغانىستاننىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى رايونلارغا نۇرغۇن ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغان. ئىراننىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ دۆلەتكە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئىران تالىبانلارنىڭ ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىراندىكى سۈننىي مەزھەپدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي مۇقىملىققا تەسىر يېتىشتىن قورققان. يېقىندىن بۇيان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستانلار جەنۇبتىن كەلگەن ئەسلىيەتچىلىكنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، تاشكەنتنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئىپادىسىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆزبېكىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى كامىلوف مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «يېقىندىن بۇيان، پاكىستان زېمىنىدىكى بەزى دىنىي تەشكىلات ۋە ئەسەبىي تەشكىلاتلار ئۆزبېكىستان

ۋەزىيىتىگە بوزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر قاتار سەلبىي ھەرىكەتلەرنى قوللاندى.» بۇ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئافغانىستان ۋە پاكىستاندا تەربىيىلەنگەن باندىتلار تەشكىلاتىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، پاكىستاندا تەربىيىلەنگەن ئۆزبېك ۋە تاجىك تېررورچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى JUI، MJI ۋە Hizb — i— Harakat — i — jihad تەشكىللىگەن بولۇپ، بۇ ھەرىكەت پېشاۋەر ئەتراپىدىكى Jume — ul — Sanifia ۋە Tabon لاگېرىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ بۇ ئىشلارنى توسۇشىنى ھەمدە ئۆزبېكىستاننى مۇداپىئەگە ئالاقىدار ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۆزبېكىستاندىكى مەخپىي تارماقلارنىڭ ئاخباراتىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى 2 - ئايدىكى زوڭتۇڭ كەرىموفنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى يولداشنىڭ زەربىدارلار ئەترىتى پىلانلىغان بولۇپ، ھەرىكەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قەندىھارغا قېچىپ كەتكەن ھەمدە مازارىشەرىف مۇساپىرلار لاگېرىدا بىر مەشىق لاگېرى قۇرغان. لاگېرغا ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە جۇڭگودىن كەلگەن 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر قوبۇل قىلىنغان.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ شىنجاڭدا كېڭىيىشىگە دىققەت قىلماقتا. ئەسەبىي تەشكىلاتلار ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىكى مەشىق لاگېرىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدىكى ھەرىكىتىنى زورايتماقتا. جۇڭگو 1995 - يىلىدىن باشلاپ پاكىستاندىن ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىشىنى توسۇشنى ئۇزلۇكسىز تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئالاقىدار تارماقلار يەنە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن پاكىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا باردى - كەلدىگە زىچ دىققەت قىلىپ كەلدى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ جۇڭگولۇقلارنىڭ پاكىستاندىكى ئەسەبىيلەر مەشىق لاگېرىغا بېرىپ تەربىيىلىنىشىنى توسۇپ كەلدى. جۇڭگو يەنە شىنجاڭ رايونىغا زەھەرلىك چېكىملىك كىرگۈزۈش

ھەرىكىتىنىڭ كۆپىيىشىگە چوڭقۇر دىققەت قىلماقتا. چۈنكى، زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىنىڭ پايدىسى بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بەرگىلى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئافغانىستاندىن قورال - ياراغقا ئېگە بولۇشىغا مەدەت بەرگىلى بولىدۇ. 2000 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو تەرەپ تالىبان بىلەن «ئافغانىستاندىن جۇڭگوغا زەھەرلىك چېكىملىك چىقىرىشنى توختىتىش مەسىلىسى» ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. شىمالىي كاۋكاز ۋەزىيىتىمۇ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ بۇ رايوندا كۆپىيىپ، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن شىمالىي كاۋكازدىكى دۆلەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەيدىغان تەرەققىيات جەريانى بارلىقىنى كۆرسەتتى. بىرىنچى باسقۇچتا، ئۇلار مۇسۇلمانلار ئاممىسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا «تەربىيىلەش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئاندىن مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى سالىدۇ ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا قوللىغۇچىلارنىڭ ياردىمىدە دىنىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ ياكى ھەج قىلىش ھەرىكىتىنى تەشكىللەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى باشلايدۇ. دەرۋەقە، بۇلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى، شۇنىڭدەك ئىسلامىيەت ئەنئەنىسىنىڭ بۇ رايوندىكى يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئويلىشىدۇ. ئافغانىستاندا، ئەسەبىيلىك ھەرىكىتى مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەمكارلىق بىرىگادىسى» مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلىپ، شۇ يەردىكى ياش ئىسلام ھاكىمىيىتىگە مەدەت بېرىشكە قولايلىق تۇغدۇرۇلغان. ئۇلار شۇ يەردىكى ئاھالىلەرگە پارا بېرىش ياكى ئۇلارنى قورقۇتۇش ئارقىلىق، بۇ ئاھالىلەرنى قورال ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشقا

مەجبۇرلايدۇ. چېچېنىيە ئۇرۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېررورچىلارنى قورال - ياراغ ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش، شۇنىڭدەك چەت ئەل ياللانما قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق لىنىيىسى پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىكى لاگېرىدىن باشلىنىپ، ئاندىن گروزىيە ۋە ئازەربەيجان زېمىنىدىن ئۆتكەن بولۇپ، جەنۇبتىكى چېگرا تاقالغاندىن كېيىن، تېررورچىلار چېچېنىيىگە بېرىشتا چوقۇم تۈركمەنىستان، كاسپى دېڭىز ۋە داغىستاندىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن. ئەسەبىيلەرنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى JI، JUI، HUM، MJI، LT ۋە بىر لادىن كونتروللۇقىدىكى پاكىستان ۋە ئافغانىستان لاگېرىغا مەركەزلەشكەن. 2001 - يىلىنىڭ باشلىرىدا چېچېنىيىنىڭ «باش ئەلچىسى» زېلىمخان ياندارباييېف پاكىستان ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرىدىن يېڭىدىن كەلگەن چەت ئەل ياللانما قوشۇنلىرىنى پائال توپلىغان بولۇپ، پاكىستان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە سۈكۈت قىلغان.

## ISI نىڭ رولى

پاكىستاننىڭ ئۈچ خىل ئارمىيە ئاخبارات بۆلۈمى (ISI) نى ئەنگلىيە ئوفىتسېرى Maj. Cen. R. Cawthome 1948 - يىلى قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ دۆلەتتىكى ئورنى خېلىلا مۇقىم. ئۇ يەنە پاكىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام پارتىيىسى JI دىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلىرىغا قاتناشقان. ISI نىڭ 60% تىن يۇقىرى خىزمەتچىلىرى بىرلەشمە ئاخبارات ئىدارىسىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى چەت ئەللەرنىڭ ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا مەسئۇل. بۇ ئىدارە ئۈچ تارماقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا قارىتىلغان. ئافغانىستان بۆلۈمى راۋالپىندىدا تەسىس قىلىنغان. ھىندىستان ئاخبارات

تارماقلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ISI ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ دۆلەتنىڭ زەربىدارلار ئەترىتى ئەزالىرىنى تەربىيىلەيدىكەن.

زىيائۇلھەق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ISI نىڭ ئورنى ۋە قوراللىنىشى كۈچەيتىلدى. 1980- يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەختەر ئابدۇراخمان خاننىڭ رەھبەرلىكىدە ISI زور ئەمەلىي كۈچكە ۋە ئورۇنغا ئىگە تەشكىلاتقا ئايلاندى. ئۇ غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتى ئەزالىرىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى قورال - ياراغ ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە ئۇلارنى ئافغانىستانغا ئاپىرىپ قويغان. ئۇنىڭ ھەرىكەت مەزمۇنىنىڭ كۆپلۈكى، دائىرىسىنىڭ چوڭلۇقى ISI نى ئاخبارات تەشكىلاتلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن قانداق ھەرىكەت قوللىنىشنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ISI زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئافغانىستاندىلا ئەمەس، بەلكى ھىندىستان - پاكىستان چېگرىسىدىكى رايونلاردىمۇ ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، ئامېرىكىنىڭ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئارقا - ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. مەسىلەن، ئامېرىكىلىقلار راۋالپىندى ئەتراپىدىكى Ojinhiri لاگېرىنىڭ قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورا زاپىسىنى نازارەت قىلىش، كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغاندا، پاكىستانلىقلار ئۇ يەردە بىر قېتىملىق پارتلاش ۋە ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىش ئارقىلىق 10 مىڭ توننىدىن ئارتۇق قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار زاپاس ساقلىنىدىغان ئورۇننى يۆتكىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ISI غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ISI غازاتچى پارتىزانلار ئەترىتى ئۇچۇن جەڭ قىلىشنى خالايدىغان ھەر قانداق ئادەمنى پاسپورت بىلەن تەمىنلىگەن. «كاراچى ئاخباراتى» نىڭ مۆلچەرلىشىچە، 80 -

يىللاردا تەخمىنەن چەت ئەلنىڭ 25 مىڭ نەپەر ياللانما ئەسكىرى پاكىستان ئارقىلىق ئافغانىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلگەن. ISI نىڭ يېڭى رەھبىرى (1987 - يىلى 3 - ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان) Hameed Gul بۇنى ماركسىزمنىڭ «ھەمكارلىق كالۇننا» ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ ياخشى كېڭىيىشى دەپ قارىغان. مەيلى زىيائۇلھەق بولسۇن ياكى بىنەزىر بۇتتو بولسۇن، ھەممىسى ISI نى مۇۋاپىق قانۇن ئارقىلىق ئۈنۈملۈك كونترول قىلالمىغان. ISI ئىزچىل ھالدا تالىبانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قوغۇقلاشتۇرغان ھەمدە ئافغانىستاننىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ISI ئەڭ مەشھۇر بولغان ئەسەبىي تەشكىلاتنىڭ، مەسىلەن، HUM نىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، كەشمىرگە تېررورچىلارنى تەربىيىلەپ بېرىش ۋە ئەۋەتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. بىراق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا، چەت ئەللىكلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان لاگېرلار تاقالغان ياكى JI گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ISI مۇستەقىل بىر تەشكىلاتقا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇ نىڭ ھەرىكىتى پاكىستاننى بىر تېررورلۇق ھەرىكىتى مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ISI بىلەن پاكىستاننىڭ ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا پايدىلىنىش مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، ئۇ مۇئەييەن بىر مەزگىلگىچە يەنىلا رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى.

## خۇلاسە

ئۆتكەنكى 20 يىل جەريانىدا، پاكىستان ئەسەبىيلىرى ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى بۇ دۆلەتنى بارغانسېرى تېررورچىلىقنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقالغان بولۇپ، ئۆتكەن بىر نەچچە يىل جەريانىدا، ئىسلامىزمچىلارنىڭ

«ھەمكارلىق برىگادا» ئىدىيىسى بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا، كوسوۋو، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئالجىرىيە، فىلىپپىن ۋە چېچىنىيىلەردە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئىشىنىشكە باشلىغان. پاكىستان ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق بازىسى بولۇپ قېلىشىدا 1000 يىلدىن ئاشقان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى، دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى جىددىي كەيپىيات، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىقنىڭ كەملىكى قاتارلىق سەۋەبلەر بار. بۇ يەنە ھۆكۈمرانلارنىڭ، ISI ۋە پاكىستاندىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تەشكىلاتىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇ يەردىن ۋە چەت ئەللەردىكى ياردەم بەرگۈچىلەردىن كەلگەن مەبلەغنىڭ زور كۆلەمدە كىرىشىمۇ رەھبەرلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى ۋە قورال - ياراغ ئەتكەسچىلىكىدىن كەلگەن غايەت زور كىرىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە بۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئىسلامئاباد يەنە ئىسلام تېررورچىلىرى تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز رايونىنىڭ سىياسىتىنى، بولۇپمۇ ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. ئەلۋەتتە، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىشى ۋە كۆپ ساندىكى ئاھالىنىڭ نامراتلىقىمۇ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ئىسلامىيەتنى دۆلەت قۇرۇش ئاساسى قىلغان بۇ دۆلەتتىكى ئورنىنى كۈچەيتكەن.

مەسىلەن، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز، ئوتتۇرا شەرق ۋە جەنۇبىي ياۋروپا قاتارلىق كەڭ رايونلار پاكىستاننى بازا قىلغان تېررورچىلىق ۋە خەلقئارا ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا، شۇنداقلا ئەڭ خەتەرلىك مەسىلە شۇكى، ئۇرۇش ئوتىنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئىسلامىيەت تەشكىلاتلىرىغا ئۆزلۈكسىز ھالدا يېڭى جەڭ مەيدانلىرىنى تېپىش

زۆرۇر. ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئىسلامىيەت تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جان تىكىشنى خالايدۇ.

دېمەك، پاكىستان ئەسەبىي تەشكىلاتلارنى داۋاملىق قوللايدىغان بولسا، بۇ خەتەرلىك يول بولۇپ قېلىشى، دۆلەت ۋە رايوننى تېررورچىلىق قايمىقىنغا ئىتتىرىشى، دۆلەت خاراكتېرلىك ئىسلام ئەسەبىيچىلىكى ھەرىكىتى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمەيدىغان بولسا، دۆلەت ئىچىدىكى كرىزىسنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمىمۇ پاكىستان ھۆكۈمىتىنى رېئاللىققا يۈزلەندۈرمەي قويمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان بىخەتەرلىك، زەھەرلىك چېكىملىكنى تىزگىنلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۈچ خىل كۈچكە زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلامىيەت كۈچلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان تەسىرىنى ئىمكانقەدەر ئاجىزلاشتۇرۇش — پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاڭ ياخشى تاللىشى بولۇشى مۇمكىن.

# 9. هازىرقى زامان «باسمىچىلىرى» نىڭ ئۇۋىسى — پەرغانە

*پەرغانە ئويمانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ تارىم ئويمانلىقى پەقەت بىر تاغ بىلەنلا ئايرىلىپ تۇرىدۇ. هازىر ئۇ ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ۋە تارىخىي مەدەنىي مۇھىتى ناھايىتى مۇرەككەپ.*

*تارىختا، پەرغانە ئويمانلىقىدا سىياسىي باندىتلار — «باسمىچىلار» بارلىققا كەلگەن، ئەمدىلىكتە ئۇ يەنە هازىرقى زامان باسمىچىلىرى — IMU نىڭ ئۇۋىسى بولۇپ قالدى.*

*ۋاڭ جىجۈەن*

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا گۈللىنىشىنىڭ «ئەۋجىگە چىققانلىقى» غا ئائىت خەۋەرلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بىراق ئۇزۇق ئۆتمەيلا، تاجىكىستاندا «غازات» ئوتىنىڭ بەزىدە ئۆچۈپ، بەزىدە يېنىپ تۇرغىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى يەنىلا تىپتىنچ دەھرىي جەمئىيەت بولدى. هالبۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قويۇق ئىسلامىيەت تۈسىگە ئىگە بولغان قوراللىق توپىلاڭ ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت چېگرىلىنىدىغان پەرغانە تاغلىق رايونىدا ئەۋج ئېلىپ، ئىسلامىيەت گۈللىنىش مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم

ئەستايىدىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ مەركەزلىك ھالدا بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالىدىغان دىنىي ئەسەبىيلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە خەلقئارا تېرروروچىلىقتا ئىپادىلەندى. «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ( « ISlam Movement of Uzbekistan» ، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ IMU دېيىلىدۇ) بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئىگە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئەسەبىي تەشكىلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1998- يىلى، IMU ئالدى بىلەن پەرغانە ئويمانلىقىدىكى كىچىك شەھەر نامانگەندە شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئۆز ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈردى؛ 1999 - يىلى كۈزدە، پەرغانىنىڭ تىكىن تاغلىق رايونىدا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان گۆرۈگە ئېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى؛ 2000 - يىلى كۈزدە «زامانىمىزدىكى باسمىچىلار» دەپ ئاتالغان IMU نىڭ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش ھەرىكىتى پەرغانىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان تاغلىق رايوندا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىپ، بۇ رايون ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ تىنچسىز رايون بولۇپ قالدى. بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ رېئال سەۋەبلەردىن سىرت، يەنە پەرغانىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تېررىتورىيە، سىياسىي ئامىللىرىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

## پەرغانىدە تاغمۇ كۆپ، ئىشمۇ كۆپ

پامىر ئېگىزلىكى ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىدە كوئېنلون تېغى ۋە تارىم ئويمانلىقى، غەربىدە ئالاي تېغى ۋە پەرغانە ئويمانلىقى بار. تارىم ئويمانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرغانە ئويمانلىقى خېلىلا كىچىك، شەرقتىن غەربكە 300 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى 150 كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن 30

مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلارنى قوشقاندىمۇ پەقەت 50 ـ 60 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلا كېلىدۇ، بىراق ئاھالىسى زىچ بولۇپ 10 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ %20 تىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلىدۇ.

«پەرغانە» تولىمۇ قەدىمكى نام بولۇپ، 1000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى خەنزۇچە كىتابلاردا ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئاتالغان. ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە بىرنەرسە دېمەك تەس. بىراق، بەزىلەر بۇ نام يەرلىك قەدىمىي مىللەتنىڭ تىلدىكى «پارجانا» دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: «تۆت ئەتراپى تاغ چوققىلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇرغان جىغىلاردىن شەكىللەنگەن بىرلا ئېغىزى بار تۈز كەتكەن ئويمانلىق» دېگەنلىك دەپ قارايدۇ.① بۇ گەپنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالىشى ـ تۇرالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەقىقەتەن پەرغانىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىگە بەك ماس كېلىدۇ. پەرغانە ئويمانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تۆۋەن تۈزلەڭلىك. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى شەرقتىن غەربكە قىيپاش كەتكەن ھالەتتە. ئۇ نۇرغۇن تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا قۇرامىن تېغى (ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى 3769 مېتىر)، چاتقال تېغى (4503 مېتىر)، شەرقىي شىمالىدا پەرغانە تېغى (4692 مېتىر)، جەنۇبىدا ئالاي تېغى (5301 مېتىر) بار. تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرغان پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ كىرىپ ـ چىقىشقا قولايلىق بولغان ئېغىزى ھەقىقەتەن پەقەت بىرلا، يەنى ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئانچە چوڭ بولمىغان

---

① فەن جىپىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ»، 5ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

ئېگىز بولۇپ، ئۇ يەردە مىڭ يىللىق قەدىمكى شەھەر- خوجاكەنت بار. تۆت ئەتراپتىكى قارلىق چوققىلاردىن كەلگەن تارام - تارام ئېقىنلار پەرغانە ئويمانلىقىدا قوشۇلۇپ چوڭ سىر دەرياسىنى ھاسىل قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ بولغان بۇ دەريا ئېقىنى ئاشۇ ئېگىز ئارقىلىق تاغلار قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىقىپ يول ئېچىپ ئاقىدۇ.

پەرغانە رايونى ئاھالىسى زىچ، يەر تۈزلۈكى ئۆزگىچە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىختا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولغان، مىللىي توقۇنۇش كۆپ يۈز بەرگەن رايون. پەرغانىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تۇتاش كەتكەن تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، بۇ تاغ ئارىسىدىكى بوستانلىقنى خۇددى ھويلا تېمىدەك ئوراپ تۇرىدۇ، بىراق بۇ ھويلا تېمى ئۆتكىلى بولمايدىغان تام ئەمەس. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، قەدىمكى جۇڭگودىن باشلانغان يىپەك يولى پامىردىكى مۇز داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر غول لىنىيە بۇ ئويمانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ غەربكە كەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار رايونىدىن جەنۇبتىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بوستانلىق يېزا ئىگىلىك رايونىغا بارىدىغان قاتناش لىنىيىسى بۇ يەردە يىپەك يولى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدۇ. پەرغانە مۇشۇنداق ئىككى خىل ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىغا، شۇنداقلا يەنە قەبىلە، مىللەتلەر باردى - كەلدى قىلىشىدىغان، يۆتكىلىدىغان قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىختا كۆچمەن چارۋىچىلار ئات چاپتۇرىدىغان يەر بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈش، ھۇجۇم قىلىش ۋە كۆچۈشتەك تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇنداق نەچچە مىڭ يىللاردىن بىرى

داۋاملىشىپ كەلگەن قەبىلە ئۇرۇشى بۇ يەردە نەچچە ئەۋلاد چەبدەس چەۋەندازلارنى يېتىشتۈرگەن.① جەڭگىۋارلىق روھى — بۇ رايوننىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى. تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقىدا تارقاق ئۇششاق دۆلەتلەر بولغان بولۇپ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان. ساكلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، تۇخارلار، ھونلار، ئېفتالىتلار، تۈركلەر، قىرغىزلار، قاراقىتانلار، موڭغۇللار، ئۆزبېكلەرنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا چۈشۈپ، ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ تۇرغان پادىشاھلىقلىرى، ئىمپېرىيىلىرى، خانلىقلىرى، مەسىلەن، كۇشان، ئېفتالىتلار، غەربىي تۈركلەر، سامانىيلار، قاراخانىيلار، غەربىي لياۋ، چاغاتاي، تېمۇرىيلەر سۇلالىلىرى تېز قۇرۇلۇپ، تېزلا يوقالغان. 16 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېكلەر بۇخارا ۋە خىۋەخانلىقلىرىنى قۇرغان. 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكلەرنىڭ مىڭگۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى پەرغانىدە قوقەند ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. بۇ ھاكىمىيەت دەسلەپتە يەنىلا بۇخارانىڭ يېرىم مۇستەقىل ھالدىكى بەگلىك زېمىنى بولغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا، ئۇ بىر مەزگىل چىڭ سۇلالىسىگە قارىغان. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئويمانلىقنىڭ سىرتىدىكى تاشكەنت ۋە سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغىچە كېڭەيتىپ، بۇخارا، خىۋەلەر بىلەن تىركىشىدىغان، ئۈچ ئۆزبېك خانلىقىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، چار رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلغاندا، بۇخارا، خىۋە خانلىقلىرى تەسلىم بولۇپ، چاررۇسىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغان قوقەند خەلقى ئەڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن

① فەن جىپىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ»، 7 - بەت.

بولۇپ، رۇسىيە بۇ دۆلەتنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، تۈركىستان ۋالىي مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قارايدىغان پەرغانە ئوبلاستىنى قۇرغان.①

يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان، پەرغانە رايونىدا نەچچە 10 مىللەت ياشىغان بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقلىرى ئۆزبېك، قىرغىز ۋە تاجىكلاردۇر. ھالبۇكى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىگە كەلگەندىمۇ، بۇ مىللەتلەرنىڭ چەك - چېگرىسى يەنىلا ئانچە ئېنىق بولمىغان، ئۇ چاغدا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغىنى بوستانلىقتا ماكانلاشقان سارتلار، ئېگىز تاغلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى بۇيرۇتلار ۋە تاغ ئالدى بەلۋېغىدىكى يېرىم چارۋىچى، يېرىم دېھقان قىپچاقلار بولغان. تېرىلغۇ يەر، يايلاق ۋە سۇ مەنبەسىنى تالىشىش يۈزىسىدىن قەبىلىلەر، مىللەتلەر توقۇنۇشى كۆپ يۈز بەرگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا «مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش» ئېلىپ بېرىپ، سارتلارنىڭ ئۆزبېك ۋە ياكى تۈرلەشكىلىكتىكى تاجىكلار، بۇيرۇتلارنىڭ قىرغىزلار قىپچاقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۆزبېك، ئاز قىسمىنىڭ قىرغىزلار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان ھەمدە «پەرقلەندۈرۈپ» چىقىلغان بۇ مىللەتلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرغان، پەرغانە رايونى شۇ سەۋەبتىن ئۈچ مىللىي جۇمھۇرىيەتكە بۆلۈنگەن:

ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرغانە، ئەنجان، نامانگەن ئۈچ ئوبلاست ئۆزبېكىستانغا تەۋە بولغان؛

ئويمانلىقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جوجەند تاجىكىستاننىڭ لېنىنئاباد ئوبلاستىغا تەۋە بولغان؛

ئويمانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۆلۈكىدىكى ئوش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلار قىرغىزىستاننىڭ ئوش ئوبلاستىغا

① فەن جېيېڭنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

تەۋە بولغان؛

ئۇنىڭدىن باشقا، پەرغانىنىڭ جەنۇبىدىكى قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى بىر يەر- ۋۇرۇخ تاجىكىستانغا؛ ئىككى ئۆتۈشمە يەر ـ سوخ ۋە شاھىمەردانلار ئۆزبېكىستانغا تەۋە بولغان.

جۇمھۇرىيەتلەر بۇنداق «مىللىي پەرقلەندۇرۇش» ئاساسىدا ئايرىشتا ئىدى. ئەسلىدىلا مەسىلە بار بولۇپ، گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەت شەكىللەنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى بۇ مەمۇرىي چەك - چېگرىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت چېگرىسىغا ئايلىنىپ، مەسىلە تېخىمۇ زورايدى: ئەمەلىيەتتە چېگراسىز ھالەت شەكىللەندى، بولۇپمۇ گىرەلىشىپ كەتكەن ئېنىقسىز يەرلەر باندىتلار ماكانىغا ئايلاندى. تۆۋەندە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغىنى، 1999- يىلى دىققەتنى كەڭ تارتقان بىر قېتىملىق زور گۆرۈگە ئېلىش، ۋەقەسى سادىر بولغان يەر- باتدىن، ئۇ سوخ بىلەن ۋۇرۇخ ئارىسىدا بولۇپ، قىرغىزىستان چېگرىسى ئىچىدە.

ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگىنىگە 1000 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ رايوندىكى تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئارىسىدىكى تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بولۇپمۇ پەرغانە ئويمانلىقىدا نىسپىي بېكىنمە ھالدا ياشىغان ئۆزبېكلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتا ھەم مەستانە، ھەم مۇتەئەسسىپلەردۇر. ئۇ يەردىكى دىنىي كەيپىيات ئەزەلدىنلا ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، ئەگەر پەرغانە ئوبلاستىدىكى قوقەند شەھىرى، پەرغانە شەھىرى بۇ ئويمانلىقنىڭ سىياسىي ـ مەدەنىيەت مەركىزى، ئەنجان شەھىرى سودا ـ مەدەنىيەت مەركىزى دېيىلسە، ئۇ ھالدا نامانگەن شەھىرى دىنىي مەدەنىيەت مەركىزى بولىدۇ.

پەرغانىنىڭ دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلىرى نەچچە ئەسىردىن بۇيان سىياسىي كۈرەشكە پائال قاتنىشىپ، ياكى دەھرىي خاننىڭ ئۈستىدە تۇرغان، ياكى دەھرىيلەر قارشى تۇرىدىغان سىياسىي كۈچ بولغان. چارروسىيە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە چارروسىيىگە قارشى قوزغىلاڭ زادىلا توختاپ قالمىغان، مەسىلەن، 1885 - يىلىدىكى قوزغىلاڭ، 1892 - يىلىدىكى «خولېرا قوزغىلىڭى»، 1898 - يىلىدىكى «ئەنجان قوزغىلىڭى» ۋە 1916 - يىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى قاپلىغان چوڭ قوزغىلاڭ قاتارلىقلار. پەرغانىدىكى ئىسلامىيەت يولباشچىلىرى نەچچە قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرى بولغان. ئۇلار بىرى باشلىسا مىڭى ئەگىشىپ، چارروسىيە دائىرىلىرىگە ئېغىر باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەن.①

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق مەزگىلدە، پەرغانىدىكى مۇسۇلمان يۇقىرى تەبىقىلىرى سوۋېتكە قارشى باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا دىنغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان 70 يىل ئىچىدە، ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يوشۇرۇن ئاخۇنلارنىڭ پەرغانە رايونىدىكى پائالىيىتى زادىلا توختاپ قالمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئىسلامىيەت پەرغانىدە ناھايىتى تېز باش كۆتۈرگەن ھەم ناھايىتى تېزلا دىنىي تەلۋىلىك كېلىپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە نامانگەن شەھىرىدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتى كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتىدۇ. بىزنىڭ تۆۋەندە دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، IMU نىڭ دىنىي مەنۋى

① بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن «چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق - كېڭەيمىچىلىك تارىخى» (2 - قىسىم)، 124 ـ 128 - بەتلەر، خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

داھىيسى يولداش بىلەن ھەربىي داھىيسى نامانگەنىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى مۇشۇ شەھەرلىك. پەرغانىدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر شۇ ئەتراپتا، ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. ئاخبارات خەۋەرلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «چېچېنلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەسىپداشلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا پەرغانە ئويمانلىقىدا يېرىم ئاشكارا ھالدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرى مەكتەپلىرى تورى بولۇپ، بۇلار ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلمىغان. گەرچە چېچېنلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك بولغان ئىسلامىيەت خاراكتېرى بىلەن تونۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاققىچە دىنىي تەلىم ئالغان ئوقۇغۇچىلار كەم بولغان. 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، چېچېنىيە ۋە داغىستاندىن نەچچە يۈز نەپەر ياش تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى يوشۇرۇن ھالدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغان. چېچېنلارنىڭ باشلىقى دۇدايېف ئۆزبېكىستان ئىسلامىزمچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ ‹پايتەختى› دەپ ئاتالغان نامانگەن شەھىرىدىكى بىر دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن.»①

پەرغانىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئەزەلدىنلا تاغ كۆپ، ئىش كۆپ يەر.

## باسمىچىلار ئىسلامىيەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان سىياسىي باندىتلار

«باسمىچىلار» - ئۆزبېكچە سۆز بولۇپ، توپ بولۇۋالغان باندىتلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئەسلىي ئۇ سۆزدە سىياسىي

① ئىگور لوتار: «ئىسلام رادىكاللىرى»، «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقات ماتېرىياللىرى توپلىمى»، شىنجاڭ خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقاتى تەرجىمە - تەھرىر گۇرۇپپىسى، 2000 - يىل.

تۇس يوق. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ھەربىي ئىشلارغا مايىل بولۇش بۇ يەرنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى، بۇنىڭدا قەبىلىلەرنىڭ جازا يۇرۇشى، مىللەتلەرنىڭ توقۇنۇشىدىن سىرت، يەنە ئىسلام «غازىتى» مۇ مەنئۇى چاقىرىقى بار، دېمەك باسمىچىلار پەرغانىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. 1898- يىلىدىكى «ئەنجان قوزغىلىڭى» چار رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتى يەنىلا تەۋرىنىش ئىچىدە تۇرغان. رۇسىيە ياپونىيە- رۇسىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چار رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۇنسايىن ئاجىزلاشقان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتى كۈنسايىن كۈچىيىپ، رۇس ئاھالىلىرىگە قارىتىلغان باندىتلىق ھەرىكىتىمۇ جانلىنىپ كەتكەن، بولۇپمۇ پەرغانە رايونىدا «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈلۈۋالغان باسمىچىلار ھەرىكىتى كۆتۈرۈلگەن، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى، ئىسلام دىنى ئەسەبىي كۈچلىرى بىلەن باندىتلار تىل بىرىكتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پانتۇركىزم، پانئىسلامىزمنىڭ «جەدىد»①

ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «مىللىي قەھرىمان» لار ئىچىدە كەڭ تەسىرگە ئىگە بولغان.

1917 - يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر «ئىسلام مەسلىھەت تەشكىلاتى» (شۇرا ئەلئىسلام) ۋە «دىنىي ئالىملار مەسلىھەت تەشكىلاتى» (شۇرا ئەلئۆلىما) قۇرۇپ، «چېگرا رايون مۇسۇلمانلار كومىتېتى» غا رەھبەرلىك قىلغان؛ «جەدىد» چىلەر بولسا تۈركىستان مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى ئېچىپ،

---

① «جەدىد» نىڭ مەنىسى «يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» بولۇپ، ئىسلامىيەت مەكتەپلىرىنى ياۋروپا ئۇسۇلىدا ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇ پانتۈركىزم بىلەن پانئىسلامىزمنىڭ باغلىنىش رىشتىسى.

بىرىنچى نۆۋەتلىك «مىللەتلەر كومىتېتى» نى قۇرۇپ، مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن چوڭ بايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقى بىلەن زىتلاشقان. 1917 - يىلى 9 - ئايدا، تاشكەنت قوراللىق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، سوۋېتكە قارشى ئۇنسۇرلار پەرغانىنىڭ قوقەند شەھىرىگە كەتكەن. 1917 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «چېگرا رايون مۇسۇلمانلار كومىتېتى» قوقەند كونا شەھىرىدە 4 - قېتىملىق چېگرا رايون مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، «ئىسلام مەسلىھەت تەشكىلاتى» نىڭ باشلىقى دانىشبايېف باشچىلىقىدا «قوقەند ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى» نى قۇرغان. بۇ «ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى» نىڭ تۈپ پروگراممىسى ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلىپىلىكىنى قۇرۇش بولغان.

«قوقەند ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى» تاشكەنت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن باسمىچى باندىتلارنى ئارمىيىگە قاتنىشىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە تەكلىپ قىلغان. بۇلاڭچىلىق - قاتىللىق قىلىپ ئېغىر جازاغا تارتىلغان جىنايەتچى ئىرگاش، مامىندالار بۇ «ئاپتونوم ھۆكۈمەت» نىڭ ھەربىي باشلىقلىرى بولغان.

1918 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، تاشكەنت ھاكىمىيىتىنىڭ رۇس ئىشچىلىرى قوغدىنىش ئەترىتى قوقەند ھاكىمىيىتىنى يوقاتقان. ئىرگاش، مامىندا قاتارلىقلار دەرھال باسمىچىلار قوزغىلىڭىنى قوزغىغان، ئۇلار 20 مىڭ جەڭچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 40 تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ، پەرغانە ئويمانلىقىغا تارقالغان. «جەدىد» چى ئۇنسۇرلار تاشكەنت ھاكىمىيىتى

---

① «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى»، 2-توم، 49 - بەت، موسكۋا، 1963 - يىل نەشرى.

تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلىقى ئۈچۈن، غەزەپلىنىپ تاشكەنت بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن. كېيىن بۇخارا خانى ھەم سوۋېتكە قارشى تۇرغانلىقى، ھەم «جەدىدچىلەر» گە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، «جەدىدچىلەر» دە بۆلۈنۈش كېلىپ چىققان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىشقا باشلىغان. يەنە بەزىلىرى پەرغانىدىكى باسمىچىلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان.①

1918 - يىلى يازدا، سېمىرېچ ۋە تاشقى كاسپىي رايونلىرىدا كازاكلارنىڭ سوۋېتكە قارشى قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن، دۇتوفنىڭ ئاقلار ئارمىيىسى ئورېنبۇرگنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاشكەنت سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن موسكۋانىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن، ئەنگلىيىنىڭ مۇداخىلىچى ئارمىيىسى تاشقى كاسپىي رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۇرۇش ئوتىنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغان. خەلقئارا جاھانگىرلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن باسمىچىلارنى ئاكتىپ قوللاشقا كىرىشىپ، ئۇنى سوۋېتكە قارشى ئاۋانگارتقا ئايلاندۇرغان. 1918 - يىلى 10 - ئايدا، پەرغانىدىكى باسمىچىلارنىڭ باشلىقلىرى ئايىم قىشلىقىدا يىغىن ئېچىپ، پەرغانىدىكى 150 بۆلۈك باندىتنى تۆت چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ئۇلارغا ئىرگاش، مامىندا، خالى خوجا، كورشىرمەتلەرنى قوماندان قىلغان. 1918 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، باسمىچىلار پەرغانىدىكى ئوش، ئەنجانلارنى ئىشغال قىلغان ھەمدە توپىلاڭنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭەيتكەن. 1919 - يىلى 1 - ئايدا سول قانات سوتسىيال

① گاۋىن ۋامبىرى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تېزىسلار»، 274 ـ 275 - بەتلەر، سودا نەشرىياتى، 1994 - يىلى؛ ئەخمەدراشىد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گۈللىنىشى: ئىسلامىيەتمۇ ياكى مىللەتچىلىك»، 89 ـ 90 - بەتلەر، 1994 - يىلى.

ئىنقىلابچى ئوسپوف تاشكەنتتە توپىلاڭ كۆتۈرگەن، ئۇ بىر ئوچۇم سابىق چار رۇسىيە ئوفىتسېرلىرىنى يېتەكلەپ پەرغانىگە كىرىپ، پەرغانىدىكى باسمىچىلارنىڭ باشلىقى مامىندابىلەن ئۇچرىشىپ، باسمىچىلار ۋە رۇس باندىتلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارىتا بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى مۇزاكىرە قىلغان. 1919 - يىلى 9 - ئايدا، مامىندا باندىتلىرى يەنە سابىق چاررۇسىيە ئوفىتسېرى مونستېلېف باشچىلىقىدىكى «دېھقانلار ئارمىيىسى» بىلەن بىرلىشىپ، «ئاق مۇسۇلمانلار ئارمىيىسى» ۋە «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرغان. ئۇلار پەرغانىدىكى فېئودال بايلار، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ بار كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. فەيزا قاتارلىق چوڭ ئاخۇنلار ئۆزبېكلەر، قىرغىزلارنى سوۋېتكە قارشى «غازات» قىلىشقا ئاشكارا چاقىرغان. 1919 - يىلى 10 - ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى ئېيىزدۇن ۋە چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى بۇرۇنقى كونسۇلى ئۇپېنسكىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا، باسمىچىلار پەرغانىدىكى بارلىق سوۋېتكە قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگو - رۇسىيە چېگرىسىدىكى ئېركەشتامدا مامىندا باشچىلىقىدىكى «پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇپ، ھەرقايسى يۆنىلىشتىكى باسمىچى باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. 1920 - يىلى كۈزدە، ئىنقىلاب تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان بۇخارا خانى دۇشەنبىگە بېرىپ، ھەرقايسى يۆنىلىشتىكى باسمىچىلار ۋە ئاق باندىتلار باشلىقلىرى بىلەن سوۋېتكە قارشى ئۇرۇشنىڭ بىر تۇتاش ھەرىكەت پىلانىنى مەسلىھەتلەشكەن. 1921 - يىلى 11 - ئايدا، تۈركىيىنىڭ سابىق ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى، پانتۈركىزمچى ئەنۋەر پاشا ئوتتۇرا

ئاسىياغا كېلىپ، باسمىچىلارنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى بولغان. بۇ باسمىچىلار ھەرىكىتى نوخۇلىسىنىڭ ئۈسۈپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىشى بولغان. باسمىچىلار «غازات» نى كۆككە كۆتۈرىدىغان ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى، پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىدىغان مىللىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە ئاق باندىتلارنىڭ سوۋېتكە قارشى تۈرىدىغان ئورتاق سىياسىي نىشانى ئاستىدىكى چوڭ داشقاناقچا ئايلانغان.①

باسمىچىلار ھەرىكىتى 1923 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن بېتچىت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن باسمىچىلارنىڭ قالدۇق ئۇنسۇرلىرى پەرغانىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن تىركىشىپ، تاكى 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئاندىن ئۇزۇل ـ كېسىل تازىلانغان. بۇ باسمىچىلار قوللانغان ئەنئەنىۋى ھەرىكەت شەكلى بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھەرىكەت شەكلى پارچىلىنىپ ھۇجۇم قىلىش، يۆتكىلىپ يۈرۈپ دېلو تۇغدۇرۇش ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە، پەرغانىدە ھەرىكەت قىلغان «باسمىچى» لار پارچە ـ پارچە ھالدا يۆتكىلىپ يۈرۈپ، دېلو تۇغدۇرىدىغان، ئىسلامىيەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان سىياسىي باندىتلاردۇر.

ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىسلام دىنى مىللىي روھ سۈپىتىدە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بەزى ئىلھاملاندۇرۇشلىرىغا ئېرىشكەن. 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۆزبېكىستاننىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىقىش ھەمدە نامىنى خەلق دېموكراتىك پارتىيىسىگە ئۆزگەرتىش چوڭ

---

① ۋاڭ جىجۇەن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1994 ـ يىل 1~2 ـ قوشما سانى.

يىغىنىدا ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى كەرىموف «جەدىدىزم»، پانتۇركىزم، باسمىچى قاتارلىق مەسىلىلەرگە «ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش» كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.①

## ھازىرقى ھامان «باسمىچىلىرى» — ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى (IMU)

«ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» (IMU) 1996 - يىلى قۇرۇلغان. 1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە زۇڭتۇڭ كەرىموفنى نىشان قىلغان ئالتە بومبا پارتلاپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ سىياسىي نامى جاھانغا پۇر كەتتى، 1999 - يىلى 8 — 10 - ئايلاردا ئۇنىڭ دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بىر ئىشى پەرغانىنىڭ قىرغىزىستان چېگرىسى ئىچىدىكى باتكىن تاغلىق رايونىدىكى بىر قېتىملىق گۆرۈگە ئېلىش، تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسى بولدى. تۇتقۇنلار ئىچىدە بىر نەپەر گېنېرال — قىرغىزىستان بىخەتەرلىك تارمىقىنىڭ باشلىقى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ يەردە تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان ياپونىيىنىڭ تۆت نەپەر گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسمۇ بار ئىدى. تۆت نەپەر ياپونىيىلىك ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە مىليون دوللار تۆلەم تۆلىشى ئارقىلىق قويۇپ بېرىلدى، ئىككى ئايغا سوزۇلغان گۆرۈگە ئېلىش مەسىلىسى گەرچە «تىنچ» ھەل بولغان بولسىمۇ، ئەمما IMU شۇنىڭ بىلەن جىددىي زورىيىپ كەتتى. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇنۇلارنى بىلدى:

بۇ، بىر ئەسەبىي سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي نىشانى كەرىموف ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، پەرغانىدە

① چېن يەنچى، فەن جىپىڭ: «پانتۇركىزملىق مەدەنىيەت ئۈستىدە تەھلىل» 35- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى.

ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش. پەرغانىنىڭ نامانگەن شەھىرىدىكى كىچىك ئاخۇن يولداش بۇ ئەسەبىي تەشكىلاتنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى داھىيسى بولۇپ، شۇ يىلى ئەمدىلا 31 ياشقا كىرگەن (1968 - يىلى تۇغۇلغان).

بۇ يەنە ھەربىي قوراللىق كۈچ، ئۇنىڭ مەبلىغى كۆپ، ئۇسكۇنىلىرى خىل بولۇپ، ئەڭ يېڭى تىپتىكى كىچىكىدە كۆزىتىش ئەسۋابى سەپلەنگەن، بۆكتۈرمە مىلتىق، كەينىگە تەپمەس زەمبىرەك، زەھەرلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، مۆلدۈر تىپلىق راكېتا، برونېۋىكلىق ئەسكەر توشۇش ئاپتوموبىلى بار. ئېھتىمال يەنە ئىلغار بولغان ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى ۋە تىك ئۇچار ئاتروپىلانلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ھەربىي باشلىقىمۇ پەرغانىنىڭ نامانگەن شەھىرىدىن بولغاچقا، «نامانگەنى» دەپ ئاتالغان، ئۇ يولداشتىن بىر ياش كىچىك (1969 - يىلى تۇغۇلغان).

ئۇ يەنە خەلقئارالىق تېرروررلۇق تەشكىلاتى ئۇنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ئۆزبېكىستاننىڭ ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرىدىن باشقا، يەنە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تېرروررچىلار- ئافغانلار، ئەرەبلەر، پاكىستانلىقلار، كەشمىرلىكلەر، چېچىنىيىلىكلەر، يەنە چېگرا سىرتىدا ئېقىپ يۈرگەن «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررچىلىرىمۇ بار. ئۇ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، مالىيە ۋە خادىملار جەھەتلەردە تالىبان ۋە بىن لادىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرقتىكى خەلقئارا تېرروررچى كۈچلەرنىڭ بار كۈچى بىلەن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئارقا سەپ بازىسى ئافغانىستاننىڭ تالىبان كونتروللۇقىدىكى رايونىدا.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا IMU نىڭ قوراللىق كۈچلىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، پەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان چېگرىسىدىكى نەچچە يۈز كىلومېتىر دائىرىدە بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن ئېلىشقان. قوراللىق باندىتلارنىڭ قوللانغىنى باسمىچىلارنىڭ تىپىك ھالدىكى كىچىك بۆلەك، كۆپ نۇقتا بويىچە يوشۇرۇن ھالدا يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇلار بىرمەزگىل پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ ئۆزبېكىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا بارىدىغان بىردىنبىر ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن، ھەتتا يەنە بىر كىچىك تارماق قوشۇنى پەرغانىنىڭ تاغلىق رايونىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت شەھىرى ئەتراپىغا سىڭىپ كىرىپ ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان.

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئۆزبېكىستان ئۇنىڭ باشلىقى يولداش، نامانگەنىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان، بىراق بۇ پەقەت سىرتتىن قىلىنغان ھۆكۈم ئىدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، نامانگەنى ئۇشتۇمتۇتلا ئافغانىستان چېگرىسى ئىچىدىكى قوماندانلىق شتابىدىن تاجىكىستان چېگرىسى ئىچىدىكى ئالدىنقى سەپ بازىسى بولغان تاۋىردالاغا يېتىپ كېلىپ، IMU نىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك پاراكەندىچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن، يەنى باھار پەسلىدە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۈزلۈكسىز ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى جىددىي مەسلىھەتلەشكەن. پۇتكۈل ياز پەسلىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى باندىتلارنىڭ قايتىدىن

باش كۆتۈرۈشنى خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە كۈتكەن، لېكىن ئۇلاردىن خەۋەر بولمىغان. 2001 ـ يىلى پەرغانە ئادەتتىن تاشقىرى تىنچ ئۆتكەن. كېيىن ئافغانىستاندىن نامانگەنىنىڭ 3000 كىشىلىك قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، بەلخ ئۆلكىسى، تاخار ئۆلكىسى، بەدەخشان ئۆلكىسى قاتارلىق جايلاردا تالىبانلارنىڭ شىمالىي ئىتتىپاق بىلەن بولغان كۈرىشىگە قاتنىشىش بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلگەن. بۇ خەۋەر گەرچە تولۇق ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ راست بولۇشى مۇمكىن ئىدى، چۈنكى تالىبانغا قارشى ئىتتىپاق بىسىپ ياتقان بۇ يەرلەر IMU نىڭ ئارقا سەپتىكى قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالدىنقى سەپ بازىسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تالىبانغا قارشى ئىتتىپاققا زەربە بېرەلىسە، ھەم دوستلارغا ياردەم بېرەلەيتتى، ھەم ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سېپى بىلەن ئارقا سېپى ئوتتۇرىسىدىكى يول ئېچىلاتتى. «11 ـ سىنتەبىر» دىن كېيىن، ئامېرىكا تالىبانغا ھەربىي زەربە بېرىشنى قانات يايدۇرغاندا، IMU تالىباننىڭ چەت ئەللىك تارمىقى سۈپىتىدە زەربە بېرىلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ. ئىسپاتلانمىغان بىر خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، نامانگەنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. IMU يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا تەرىپىدىن تېررورچى تەشكىلاتلار قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد قالمىغان. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئامېرىكا تالىبانغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، IMU ئارقا سەپ بازىسى ۋە قوماندانلىق شتابىدىن مەھرۇم بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا تەرىپىدىن خەلقئارا تېررورچى تەشكىلات دەپ ئېلان قىلىنغان. دېمەك، ئۇ قىسقا

مەزگىل ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە چوڭ تەھدىت شەكىللەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ قوراللىق باندىتلىرىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كېلىپ، داۋاملىق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ بىر نەچچە يىلدا پەرغانە تاغلىق رايونىدا ئېقىپ يۈرۈپ دېلو تۇغدۇرغان IMU ئەينى يىللاردىكى «ياسمىچى» لارنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ھەرىكەت قىلغان. ئىگىلىنىشىچە، IMU نىڭ بىر مۇھىم كاتتىۋېشى زۇبەي بىن ئابدۇراخمان ئەينى يىللاردىكى باسمىچى باندىتلار باشلىقىنىڭ پۇشتى ئىكەن.[1] خەلقئارا تەھلىلچىلەرنىڭ IMU «21 - ئەسىردىكى باسمىچى ئۇنسۇرلار»[2] دېيىشىنىڭ ئاساسى بار. پەرغانە ھازىرقى زامان «باسمىچى» لىرىنىڭ ئۇۋىسى.

پەرغانە بىلەن تارىمنى ئېگىز ۋە تىك تاغلار ئايرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئىنتايىن زىچ. تۈرلۈك دىنلار، مەسىلەن، بۇددا دىنى، شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ھازىرقى بۇ رايونلاردىكى ئاساسلىق دىن — ئىسلام دىنى مۇشۇ ئارقىلىق غەربتىن شەرققە تارقالغان. تارىختا نۇرغۇن خانلىقلارنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا بولغان، قاراخانىيلارنىڭ زېمىنىئاساسلىقى مۇشۇ ئىككى ئويمانلىق

---

① «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېررورچى تەشكىلات IMU نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» 14 نومۇر (2000- يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى).
② مىخائىل سوكولوۋىسكى: «21 - ئەسىردىكى باسمىچىلار»، [ئۇكرائىنا] «ئەينەك» ھەپتىلىك گېزىتى، 2000- يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

بولغان، چاغاتاي خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئويمانلىق ئايرىم - ئايرىم هالدا تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زېمىنىغا تەۋە بولغان، بۇلارنىڭ پادىشاھ ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ ئەتىۋارلىق ئۇرۇق - ئەۋلادى ئىكەن. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جەمەتتىكى سەئىدخان بىر مەزگىل پەرغانىنى ئىگىلىگەن، لېكىن، ئۆزبېكلەرنىڭ چەتكە قېقىشى بىلەن پەرغانىدىن شەرققە تارىمغا يۇرۇش قىلىپ يەكەن خانلىقىنى قۇرغان. مىڭ سۇلالىسى بىلەن دەۋرىدە، تۆرە - خوجا ئەۋلادلىرىدىن نەچچە تارمىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پەرغانىدىن تارىمغا كېلىپ، تەدرىجىي هالدا يەكەندىكى دەھرىي هاكىمىيەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭ پۇشتى ۋەتەننى پارچىلاشتا پەرغانىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش بازىسى قىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قوقەندلىك ئوفىتسېر ياقۇپبەگ بۆلگۈنچى خوجىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن پەرغانە ئارقىلىق تارىمغا تاجاۋۇز قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە، باسمىچى باندىتلار جەنۇبىي شىنجاڭنى سوۋېتكە قارشى ئارقا سەپ بازىسى قىلىش خىيالىدا بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇرۇش ئوتىنى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇش گەرچە ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىل شىنجاڭنىڭ چېگرا رايونلىرىدا جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلغان. پەرغانىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تارىختا شىنجاڭغا ھەقىقەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

هازىرقى رېئاللىقمۇ شۇنداق بولماقتا، پەرغانىدە 1999 - يىلىدىن بۇيان يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق، هازىرقى زامان باسمىچىلىرى — IMU چېگرا ئېچى - سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە ۋە رېئال تەھدىت شەكىللەندۈرمەكتە.

«11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، IMU نىڭ ئافغانىستاندىكى ئارقا سەپ بازىسى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. ئۇنىڭ قالدۇق ئۇنسۇرلىرى هەر تەرەپتە قاتراپ يۈرمەكتە. ئافغانىستانغا ئانچە يىراق بولمىغان مۇرەككەپ پەرغانە تاغلىق رايونىدا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنىدىغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. پەرغانە ۋەزىيىتىگە ۋە هازىرقى زامان باسمىچىلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ئوبدان دىققەت قىلىش يەنىلا ئىنتايىن مۇهىم.

# 10. چېچېنىيىدىكى مىللىي، دىنىي توقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان زوراۋان تېررورچىلىق

*چېچېنىيە كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەن. چېچېنلار كۆندۈرگىلى بولمايدىغان توسۇن ئات. ئۇلار چەبدەس ۋە باتۇر، بىراق تەلىيى تولىمۇ كاج، ئۇلار چارروسىيە دەۋرىدە قىرغىن قىلىنغان، سوۋېت دەۋرىدە كوللېكتىپ سۈرگۈن قىلىنغان.*

*20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا چېچېنلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋان تېررورلۇق — چېچېن خەلقىنىڭ ھەقىقىي تراگېدىيىسى بولدى!*

*چېن يەنچى*

چېچېنىيە جۇمھۇرىيىتى شىمالىي كاۋكاز تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، كۆلىمى 17 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، روسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى 89 ئاساسىي گەۋدىنىڭ بىرى. 1989 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 270 مىڭ بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق مىللەت بار. بۇنىڭ ئىچىدە چېچېنلەر %57.8 نى، رۇسلار %23.5 نى، ئىنگۇشلار %12.9 نى، باشقا مىللەتلەر
%5.8 نى ئىگىلەيدۇ. 1999 - يىلى 8 - ئايدا داغىستان ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى «ئىگىلىكنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىشى» تۈپەيلىدىن 220

مىڭ رۇس ۋە 500 مىڭدىن كۆپ چېچېنلەر چېچېنىيىدىن ئايرىلىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ نوپۇسى 320 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. چېچېنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 650 كىلومېتىر بولۇپ، جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاز بىر بۆلىكى گرۇزىيە بىلەن چېگرىداش. چېچېنىيە 15 مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، گروزنى (پايتەختى)، گۇدېرمېس، شالى، ئۇرۇس ـ مارتان، ئارگۇن قاتارلىق بەش شەھەر ۋە 448 يېزا بار.①

## چېچېنلەر مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

### *جاپادا تاۋلانغان مىللەت*

چېچېنلەر ئۆزلىرىنى «ناشولار» (Nahcho) دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «ئاددىي پۇقرا» دېگەنلىك بولىدۇ. شىمالىي كاۋكاز رايونىدىكى بۇ مىللەت ئاساسلىقى رۇسىيىنىڭ چېچېنىيە ـ ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىغا ھەمدە داغىستاننىڭ خاسافيۇرت رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ياۋروپا ئىرقىنىڭ بالقان ـ كاۋكاز تىپىغا مەنسۇپ. چېچېنلەر يېقىن تۇغقىنى ئىنگۇشلارغا ئوخشاش شىمالىي كاۋكازدىكى يەرلىك مىللەت بولۇپ، چېچېن تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بۇ تىل پلوسكوست، ئالتىن، ترزېبېيېل ـ لويىف قاتارلىق يەتتە خىل شېۋىگە بۆلۈنىدۇ، كاۋكاز تىل سىستېمىسىنىڭ داغىستان تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ. 1927-يىلىدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقى بار ئىدى، 1938 ـ يىلى سلاۋيان ئېلىپبەسىگە

---

①[ روسىيە] «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانى.

ئۆزگەرتكەن. چېچېنلار ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.①

چېچېن مىللىتى ئىنتايىن جاپالىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇلار 7 - ئەسىردە ئەرمەن تارىخنامىلىرىدە «ناخچاما كۆچتۆگۈرلىرى» دەپ ئاتالغان، تاغلىق رايوندا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بىرقانچە يەرلىك گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. 13 - ئەسىردە موڭغۇل - تاتارلارنىڭ ھالاكەتلىك تاجاۋۇزىغا، 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەنە ئەمىر تېمۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغان. 15 - 16 - ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، چېچېنلەر تېرېك دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان سونرى دەرياسى ۋە ئارگۇن دەرياسى ۋادىلىرىغا كۆچكەن. 16 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرگىچە ئىنگوشلارمۇ تاغلىق رايونلاردىن تۈزلەڭلىكلەرگە كۆچۈشكە باشلىغان. چېچېنلەر بىلەن ئىنگۇشلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاققىچە بېكىنمە ھالدا تاغلىق رايوندا ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتا - قايتا باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، ئىپتىدائىي خابائە تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئاستا بولغان. 16 - ئەسىرگە كەلگەندىلا فېئوداللىق مۇناسىۋەت بىخلىنىپ، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان.②

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ناتورال ئىگىلىكى ۋە ئىنتايىن قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى چېچېنلارنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ

---

① «مىللەتلەر لۇغىتى» 103 - بەت، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى.

② «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1970 - 1978 - يىللار نەشرى.

ئەركىن - ئازادە، ئىختىيارىي يۈرۈشتەك تارقاقلىق ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن؛ جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتى ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراشتەك ئازاب - ئوقۇبەتلەر چېچىنلاردا توسۇن ئاتتەك ياشاش، چەبدەس ۋە باتۇر بولۇشتەك مىللىي خۇسۇسىيەتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلار كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۆزى بىلگەن يولدا مېڭىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، باشقىلارنىڭ تىزگىنلىشىنى خالىمايدىغان، بىر قېلىپتا ياشاشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغان.

## *مىللىي قارشىلىق ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ تەكرار كېلىشى*

18 - ئەسىردىن باشلاپ چار رۇسىيە جەنۇبقا كېڭىيىش ئىستراتېگىيىسىنى پائال يولغا قويۇپ، تۈركىيە، پېرسىيە ئىمپېرىيىلىرى بىلەن شىمالىي كاۋكازنى تالاشتى. ئۇرۇش جەريانىدا چېچىنلار چار رۇسىيە ئارمىيىسى دۇچ كەلگەن «ئەڭ جانلىق، ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەن» بولدى. 1722- يىلى چار رۇسىيە ئارمىيىسى تېخى قەبىلە بۆلۈنمىچىلىكى ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چېچىنىيىگە كىرىپ، ئۇ يەردە يول ياساش، قورغان سېلىشقا كىرىشىپ، كازاك كەنتلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇ يەرنى مەڭگۈ ئىشغال قىلىش قەستىدە بولغان. چېچىنلار چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماي، بۇ رايوندىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، چار رۇسىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلغان. 1785 - يىلىدىن 1791 - يىلىغىچە چېچىنىيىنىڭ دىنىي داھىيسى ئۇسۇلما چېچىنلار، كاباردىئانلار ۋە كۇمىكلارغا باشچىلىق قىلىپ چار رۇسىيە ئارمىيىسى بىلەن كەسكىن ئۇرۇش قىلغان، بۇ ئۇرۇش گەرچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق

ۋاقىتقىچە چېچېنىيە ئىزچىل ھالدا شىمالىي كاۋكاز رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چار رۇسىيىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانى بولۇپ قالغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گرۇزىيە، ئەزەربەيجان ۋە كاراباخلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ رۇسىيىگە باش ئېگىشىگە ئەگىشىپ، چار رۇسىيە شىمالىي كاۋكازدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى قورللىق بويسۇندۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرگەن. 1818 ـ يىلى چار رۇسىيىنىڭ كاۋكازغا يۈرۈش قىلغان قوماندانى يېمونوف چېچېنىيە زېمىنىنى مەڭگۈلۈك ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، ئىستىھكام ياساش سىياسىتىنى يولغا قويغان ھەمدە يېڭىدىن ياسىغان ئىستىھكامغا «گرۇزنى» دېگەن نامنى بەرگەن، ئۇنىڭ مەنىسى «قورقۇنچلۇق» دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چار رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى چېچېن قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ باتۇر، قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىش روھىدىن قورققان. يېمونوف قوماندانلىق شتابىنى گرۇزنىدا تەسىس قىلغان ھەمدە شۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى ئەۋەتكەن. يېڭى بازىلارنى بەرپا قىلىپ، قورشاۋدا قالغان ئەسكەرلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەرگەن. 1825 ـ يىلدىن 1859 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، چار رۇسىيىنىڭ چېچېنىيە ۋە داغىستانلارنى بويسۇندۇرۇشى زور خىرىسقا دۇچ كېلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش بولغان. 1834 ـ يىلدىن 1859 ـ يىلغىچە چېچېنلار ۋە داغىستانلىقلارنىڭ ئىمام شامىر رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلىڭى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن. شامىرنىڭ چار رۇسىيە پادىشاھى ئالېكساندىر Ⅱ گە تەسلىم بولۇشى مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي توختىتىپ قويمىغان. 1860ـ يىلى رۇسىيە قوشۇنلىرى يەنىلا تۈيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان،

گەرچە چېچېنلارنىڭ ئاخىرىدا ماغدۇرىدىن كېتىپ ۋاقىتلىق باش ئەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چار رۇسىيە ھۆكۈمران كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقى ياكى بىپەرۋالىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزسىلا، قوزغىلاڭ ئوچىقۇنىنى دەرھال تۇتاشتۇرغان.① 1864 - يىلدىن 1877 - يىلغىچە دىنىي داھىي قۇندا ھاجى يەنە بىرقېتىم چېچېنلارغا باشچىلىق قىلىپ چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، كېيىن نوۋگورودقا سۈرگۈن قىلىنغان.

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلىنىپ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان مەشھۇر «كاۋكاز ئۇرۇشى» دا، چېچېنلارنىڭ رۇسىيىگە قارشى كۈرىشى زادىلا توختىمىغان. بۇ «ئورمان ئۇرۇشى ماھىرلىرى» رۇسىيە ئارمىيىسىگە «ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئېغىر زىيان»② يەتكۈزگەن.

## *سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېچېنلارغا قاراتقان سىياسىتىدىكى سەۋەنلىكلەر*

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى كاۋكازدىكى تاغلىق قەبىلىلەر بىلەن ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق قارىتا بەزى قوغداش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، چار پادىشاھنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى بىكار قىلغان، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلەت تەشكىللاتلىرىنى قۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي ئەدەبىيات بەرپا قىلىش، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىقلارنى تەكىتلىگەن.

① شىنجاڭ خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقاتى تەھرىر-تەرجىمە گۇرۇپپىسى: «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللار توپلىمى»، 291 - بەت، 2000- يىل نەشرى.

② «سوۋېت روسىيىسى ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىسى»، ئاسىيا نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، 1988 - يىل نەشرى.

ئەمما، تارىختىكى رۇس شوۋىنىزمىنىڭ تەسىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «مالىمانچى» تاغلىق مىللەتكە بولغان گۇمانخورلۇق ۋە ئىشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شىمالىي كاۋكازدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسىتىدە پاراكەندە قىلىش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش قاتارلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، نۇرغۇن خاتالىقلار سادىر قىلىنغان.① بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

مىللىي ئاپتونومىيىلىك مەمۇرىي رايونلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئايرىلىشى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، 1920 - يىلى 1 - ئايدا چېچىن، كاباردىئان، ئىنگۇش، سىركاسسىئان، ئوسسېتىئان، بالقار، قاراچاي قاتارلىق يەتتە مىللەتنى بىرلەشتۈرۈپ تاغلىقلار سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى تاغلىقلار جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇ ھامان ئۇلارنى بىرقانچە يەككە مىللەت ئاپتونوم ئوبلاستى، مەسىلەن، چېچىن ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىنگۇش ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئايرىۋەتكەن. كېيىن يەنە ئىككى مىللەتنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدە — چېچىن-ئىنگۇش ئاپتونوم ئوبلاستى قىلغان (1936 - يىلى چېچىنىيە-ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتكەن. 1992 - يىلى

① جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مىللەت ۋە دىن تەتقىقات مەركىزى: «يەر شارىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى چوڭ نۇقتىلار»، 213 - بەت، ئېقىم مەسىلىلىرى نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.

12 ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى چېچېن ۋە ئىنگۇشلارنىڭ ئۆز ئالدىغا جۇمھۇرىيەت قۇرۇشىنى تەستىقلىغان) . بۇنىڭدىن مەقسەت يىغىپ كونترول قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككى مىللەت بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىش ھالىتىدە تۇرغانلىقتىن، ئاسانلا مىللىي زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىق كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېررىتورىيىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى يەنە مىللىي كادىرلارنىڭ يېتىلىشى ۋە مىللىي تىلنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىدا قوللىنىلىشىغا توسقۇن بولغان. 1931ـ يىلى 5ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ھەيئەت رىياستى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر قايسى ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندا %70 ىنى مىللىي كادىرلارنىڭ ئۆتىشىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما 1934ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە يۇقىرىقى بۇيرۇق يەنىلا قۇرۇق گەپ بولۇپ قالغان. شۇ چاغدا شىمالىي كاۋكاز رايونىدىكى 1310 نەپەر ئەمەلدار ئىچىدە پەقەت 17 سىلا يەرلىك مىللەتتىن بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھاكىمىيەت ئورگىنىدىن تارتىپ كەنت سوۋېتىغىچە بولغان ئورۇنلاردا رۇس تىلى يەنىلا «مۇتلەق ئۈستۈنلۈك»① نى ئىگىلىگەن. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى، بىر تەرەپتىن، مىللىي ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چوڭ رۇسچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويغان. مەسىلەن ، مىللەتلەرنى ئۆزئارا نىكاھلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، مىللىي ئاسسىمىلياتسىيىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنى ئازايتىۋەتكەن؛ رۇس تىلىنى

---

① «سوۋېت روسىيىسى ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىسى» .

مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تىلىنى پەيدىنپەي ئاجىزلاشتۇرغان، يوقاتقان.

## چېچېنىيە پۈتۈن رۇسىيە بىلەن تەڭ قەدەمدە كوللېكتىپلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەجبۇرلانغان

چېچېنىيىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا، ھۆكۈمەت مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى كولخوزلارغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان. شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلمايدىغان بۇنداق ھەددىدىن ئاشقان ھەرىكەت دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر زەربە بەرگەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلاردا باي دېھقانلار ۋە ھاللىق دېھقانلارنىڭ ئاشلىقلىرىنى تۆۋەن باھادا مەجبۇرىي سېتىۋېلىش ياكى مۇسادىرە قىلىش، ھاللىق دېھقانلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىشىغا چەك قويۇش قاتارلىق ھەددىدىن ئاشقان تەدبىرلەر يولغا قويۇلۇپ، چېچېنىيە رايونىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش، ھەتتا سوۋېت ھاكىمىيىتىگەقارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بەزى يەككە دېھقانلار ۋە كولخوزلار تېرىلغۇ مەيدانىنى ئازايتىپ، ئاشلىقلىرىنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپ، دۆلەتكە تۆۋەن باھادا ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغان. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، 1929 - يىلدىن 1935- يىلغىچە، پەقەت چېچېنىيىدىلا 286 قېتىم كولخوز قۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى زور كۆلەمدە باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 1938 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە، چېچېن - ئىنگۇش ئاپتونوم

جۇمھۇرىيىتىدە يەنىلا ئاز بىر قىسىم باندىتلار ھەرىكەتتىن توختىمىغان.①

مىللەتلەر كۆچۈشكە مەجبۇرلانغان

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىلا، چار رۇسىيە چېچەنلارنى باشقۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، تاغلىق رايوندىكى چېچەنلارنى تۈزلەڭ رايونلارغا كۆچۈرگەن؛ بويسۇندۇرۇش قىيىن بولغان بەزى چېچەنلارنى بولسا تۈركىيىگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. 1865 - يىلى تەخمىنەن 39 مىڭ چېچەن رۇسىيىدىن ئايرىلىپ تۈركىيىگە كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدە، چار رۇسىيىنى دوراپ چېچەن قاتارلىق ئاتالمىش «ساداقەتسىز» مىللەتلەرنى كۆچۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان، ئۇنىڭ باھانىسى بۇ مىللەتلەرنىڭ «كوللېكتىپ ئاسىيلىق قىلىشى»، «ۋەتەننى سېتىشى» بولغان. خەۋەر قىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا چېچەن - ئىنگۇش رايونىدا گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىر يەر ئاستى تەشكىلات «كاۋكاز قېرىنداشلىرى ئالاھىدە پارتىيىسى» قۇرۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، ئەلكىسلىئىنقىلابچىلارنى قوراللىق تازىلاش ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ تەشكىلاتنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 5073 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن، 1944 - يىلى 2 - ئايدا 387 مىڭدىن ئارتۇق چېچىننى ۋە 91 مىڭدىن ئارتۇق ئىنگۇشنى قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيىگە كۆچۈرگەن.② سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى شۇ چاغدا ھەربىر ئائىلىنىڭ 20 كىلوگرام يۈك - تاق ئېلىپ مېڭىشىغىلا

---

① «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن يازمىلىرى نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.

②«سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن يازمىلىرى نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.

رۇخسەت قىلىنغان. كۆچۈش جەريانىدا ۋە يېڭى ئولتۇراقلىشىش رايونىغا بارغاندىن كېيىن قاتناش شارائىتى ناچار بولۇش، تۇرمۇشتىكى ئاچ - يالىڭاچلىق، دوختۇر، دورا كەمچىل بولۇش، كېسەللىك تارقىلىش تۈپەيلىدىن سانسىزلىغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. سۈرگۈن بولۇپ كەلگەن چېچەنلار يەرلىك مىللەتلەردىن ئايرىپ تاشلىنىپ چېچەنلارنىڭ ئاتالمىش «ئالاھىدە ئولتۇراق رايون» لاردا ئايرىم ماكانلىشىشى، ئۇلارنىڭ ھەرئايدا ئىچكى ئىشلار تارمىقىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى، باشقا جايغا بارسا ماڭغاندا رۇخسەت سوراپ، كەلگەندە دوكلات قىلىشى بەلگىلەنگەن. چېچەن تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپلەرنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە ئۆز مىللىي يېزىقىدىكى دەرسلىكلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمىغان. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، ئۇلار ئىزچىل ھالدا كەمسىتىلگەن، چەتكە قېقىلغان، 1955 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قازاقىستان پاۋلودار ئوبلاستى ئېكىباستۇز شەھىرىدە يۈز بەرگەن مۇشتلىشىش ۋەقەسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى كروگروفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىغا يوللىغان دوكلاتى (1955 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) دا مۇنداق دېيىلگەن: «يەرلىك بىر كۆمۈركان ئىشچىسى بىلەن ئالاھىدە ئولتۇراق رايوندىكى چېچەنلار ئوتتۇرىسىدا مۇشتلىشىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئىشچى ياتىقىغا قايتىپ بېرىپ 30 - 40 ئىشچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، رەستىدە ئۇچرىغان ئىككى نەپەر چېچەننى يەنە بىر قېتىم ئۇرغان. ساقچىلار مۇشتلىشىشنى توختاتقان ھامدە چېچەنلارنى ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتكەن. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئەسكەر بولغانلاردىن تەشكىللەنگەن

ئىشچىلار گۇرۇپپىسى ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، چېچىنلارنى مەجبۇرىي كوچىغا سۆرەپ ئاچىققان ھەمدە قاتتىق ئۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق نۇرغۇن چېچىنلارمۇ ئىشچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇلغان. بۇ ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە چېچىندىن ئۈچى ئۆلگەن، تۆتى يارىدار بولغان».①

1957 - يىلىغا كەلگەندىلا چېچىنلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ يۇرت - ماكانلىرىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ھەمدە قايتىدىن چېچىن - ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىززەت - ئابرويى غايەت زور دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان. بولۇپمۇ ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى رۇسلار، ئۇكرائىنلار، شىمالىي ئوسسېتىئانلار، ئاۋارلار ۋە دارگىئاللار قاتارلىقلارنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، يۇرتىدىكى كۆپلىگەن كەنتلەر ۋە ئىمارەتلەر نامىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئەسلىدىكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيىسىنىڭ ئەسلىگە كەلمىگەنلىكىنى سەزگەن. بۇنىڭ بىلەن، چېچىنلارنىڭ رۇسلارغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى بارغانسېرى كۈچەيگەن. سىرتتىن چېچىنىيىگە كۆچۈپ كېلىپ، چېچىنلارنىڭ يۇرت - ماكانىنى ئىگىلىۋالغان كۆچمەن مىللەتلەر بىلەن بولغان سۈركىلىشمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: بەزى ھۆكۈمەت كۆچمەنلىرى «كۇلۇبلارغا بېسىپ كىرىپ، كەنتتىكى چېچىنلارنى قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى دۇمبالايدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ». دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر چېچىنلار بازارلاردا پەيدا

①«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي ئارخىپلىرىدىن تاللانما»، 30 - توم، 43 - 44 - بەتلەر، ئىجتىمائىي پەن يازمىلىرى نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

بولسا، «ئۇ هالدا ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ»[①] . چېچىن - ئىنگۇش يېڭى دېھقانچىلىق رايونىدىكى رۇس كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن ئەرز خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: چېچىنلار «بىزنى ئۆزلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇش كويىدا بولۇۋاتىدۇ، بىزگە ئاللىقاچان تاشلىۋەتكەن، ئۇنتۇپ كەتكەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىگە قايتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ. بىزنى... رۇسلار يەرلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىشتانلىرىنىمۇ قالدۇرۇپ كېتىش كېرەك دەپ قورقۇتۇۋاتىدۇ. ئۇلار خىلمۇ خىل باھانە ۋە ھەيۋىلەرنى قوللىنىپ، رۇسلارنى ئۆيلىرىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئۇلار ئىزاھلاپ، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ بەش ئوغلى بار، ئۇ باندىت، ئۇ سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ. رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ۋە مال - مۇلۇكلىرىنى 300 ـ 500 رۇبلىغا سېتىۋاتىدۇ ياكى قېچىۋاتىدۇ. بەزىلەر چېچىن، ئىنگۇشلار قايتىپ كەلگۇچە ئۆيلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.»[②]

2002 - يىلى 8 - ئايدا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى ئارخىپلىرىدىن تاللانما» نىڭ 30 - تومىدىكى «چېچىن - ئىنگۇش كۆچمەنلىرىنىڭ ماجىراسى توغرىسىدا» دېگەن مەخسۇس تېمىسىغا تاللانغان 26 پارچە ئارخىپتا 1955- يىلى 5 - ئايدىن 1973 - يىلى 5 - ئايغىچە بولغان توپتوغرا 18 يىل جەريانىدا چېچىنلار، ئىنگۇشلارنىڭ كۆچۈش جەريانىدىكى ۋە يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىنكى تۈرلۈك زىددىيەت، توقۇنۇش، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئاڭ، ئىجتىمائىي ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان ھەرقايسى

---

① «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي ئارخىپلىرىدىن تاللانما»، 30 - توم، 43- 44 - بەتلەر.
② «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىي ئارخىپلىرىدىن تاللانما»، 30 - توم، 51 - بەت.

تەرەپلەر بىر قەدەر كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سوۋېت كومپارتىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارغا بولغان ئىنكاسى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشى ۋاقتىدا بولمىدى، دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما، بۇ مىللىي زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار نېمە ئىش بولسا، شۇنى ھەل قىلىدىغان دائىرىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئاندروپوفنىڭ 1973 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 1 - ئايدا گرۇزىندا يۈز بەرگەن ئاممىۋى غوۋغانى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتىدىن بۇ نۇقتىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكىلەر دوكلاتنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى:

«شىمالىي كاۋكازدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، چېچىن - ئىنگۇشلارنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈشى تۈپەيلىدىن ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن.»

«مىللەتچىلەر، ئىسلام دىنى ھاكىمىيىتى تەرەپدارلىرى، تۈرلۈك شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلەر ھازىرغىچە يەنىلا مىللىي چەكلىمىلىك، دىن ۋە ئۇرۇقداشلىق قالدۇقلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار چېچىنلار، ئىنگۇشلار ۋە باشقا مىللەتلەرنى قۇترىتىپ ئۇلارنىڭ ئاممىۋى كۆچۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھېسسىياتلارنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ».

«ھازىر چېچىن - ئىنگۇش سوۋېت سوتسىيال ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئاھالىسى ئالاھىدە ئولتۇراقلىشىش رايونىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئۇرۇق -

تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېتكە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى سەۋەبلىك جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەن (پەقەت ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە مەجبۇري كۆچۈرۈش مەزگىلىدىلا 3745 ئادەم قولغا ئېلىنغان، 3078 ئادەم باندىتلارنىڭ ئىسيانىغا قاتناشقانلىقى سەۋەبلىك باستۇرۇلغان)» .

«1958 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۇرلۇك جىنايى قىلمىشلار سەۋەبلىك ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەنلەر 115 مىڭ 455 ئادەم، يەنى ھەر 6 نەپەر شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە بىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىكى جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن جۇمھۇرىيەت زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقانلار» .

«يەنە زور مىقداردىكى ئىشسىز ئاھالىلەر (تەخمىنەن 30 مىڭ) ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەشتىن قاچقان خادىملارغا دىققەت قىلىش كېرەك. شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەيلىكى، گروزنىدىكى ئاممىۋى غوۋغانىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدە يېرىمىنى دېگۈدەك ئىشسىزلار ئىگىلەيدۇ» .

«چېچىن ۋە ئىنگۇش ئاھالىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بەك كۈچلۈك. ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى ئېقىمى ــ ئىسلام فىقھىسى، ئۇممىتى ۋە مىللەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەسەبىيلىكىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇرىدچىلىق مەزھىپىگە[1] قا تايىنىشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن» .

«بۇنىڭدىن باشقا، چېچىن - ئىنگۇشنىڭ ۋەزىيىتى

---

[1] مۇرىدچىلىق مەزھىپى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ بىرى. 1817 - يىلدىن 1864 - يىلغىچە بولغان كاۋكاز ئۇرۇشى مەزگىلىدە شىمالىي كاۋكازنىڭ تاغلىق رايونىدىكى مۇسۇلمانلار غازات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، چاررۇسىيىنىڭ بويسۇندۇرۇشىغا قارشى تۇرغان. ئۇ سۈپىرم مەزھىپىگە مەنسۇپ.

داۋاملىق جىددىي ھالەتتە تۇرماقتا: ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان كۇشكۇرتۇش خاراكتېرىدىكى جەمئىيەتكە قارشى ھەرىكەت داۋاملىق مەۋجۇت بولماقتا، ناھايىتى كۆپ ئادەملەر ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ بىرىگوردېي رايونى① غا پايدىلىق بولغان قارارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىرادە باغلىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىقنى كېڭەيتمەكتە، بولۇپمۇ ئىنگۇش بىلەن ئوسسېتىئان مىللىتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىپ يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى» .

«ھازىر 5 - ئايدا نازران رايونىدا كۇشكۇرتۇش خاراكتېرلىك شوئارنى تارقاتقان ئادەملەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدىكى مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ. گىروزنىدىكى ئاممىۋى غوۋغاغا ئەڭ ئاكتىپ قاتناشقان 60 نەچچە ئادەم تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ، 200 نەچچە ئادەم دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتى ئورگىنى تەرىپىدىن چاقىرتىلدى» .②

چار رۇسىيىنىڭ 100 يىللىق ئىستېلاسى، مىللىي زۇلۇمغا بولغان كونا ئۆچمەنلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي سىياسىتىكى سەۋەنلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان يېڭى ئۆچمەنلىك چېچىنلارنىڭ رۇسلارغا بولغان ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى كۈچەيتكەنىدى. چېچىنىيەدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى، مۇۋاپىق سىياسىي

---

① بىرىگوردېي رايونى ئەسلىدە چېچىن - ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە ئىدى، كېيىن شىمالىي ئوسسېتىئان جۇمھۇرىيىتىگە ئايرىپ بېرىلگەن.
② «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىي ئارخىپلىرىدىن تاللانما»، 30 - توم، 108 - 112 - بەتلەر.

ۋەزىيەت بارلىققا كەلسىلا، بۇ يانار تاغ پارتلاپ بۇزغۇنچىلىق كۈچى ئىنتايىن زور بولغان ماگما چىقىراتتى.

## «يېڭىچە تەپەككۇر» ئۆزۈندىن بويان كۈچ توپلاۋاتقان چېچىن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە ئىلھام بەردى

*تۆپ سەۋەبى*

چېچىنىيىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ تارىخىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەبلىرى بار، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ مىللىي كرىزىس مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ھامان پارتلايتتى. ئۇنىڭ 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يۈز بېرىشىدە گورباچېف ئىسلاھاتىنىڭ سەۋەنلىكى بار.

بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ سوتسىيالىزمدىكى بەزى زور تارىخىي ۋەقەلەرگە بەرگەن قايتا باھاسى دۆلەت ئىچىدە ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان پىكىر ئېقىمىنى يامرىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، سوتسىيالىزمنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدېئولوگىيە ئىنكار قىلىندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى تۈپتىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 6 - ماددىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن ۋاز كەچتى. سىياسىينىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى تەشەببۇس

قىلىپ، سوۋېت كومپارتىيىسى ئىچىدىكى بۆلۈنۈشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بەزى جۇمھۇرىيەتلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى، ھەتتا پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى شۇ يەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىش رولىنى ئوينىدى. ئۈچىنچىدىن، گورباچېفنىڭ «يېڭىچە تەپەككۇرى» دا تەشەببۇس قىلىنغان «دېموكراتىيىلىشىش» ۋە «ئاشكارىلىنىش» ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىشىگە، تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىشىغا ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۈرلۈك قانۇنسىز مىللىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاشكارا شۇغۇللىنىشىغىمۇ قانۇنلۇق باھانە تېپىپ بەردى.①

ئەگەر «يېڭىچە تەپەككۇر» چېچىنىيىدىكى مىللىي كرىزىسقا تۈرتكە بولغان ئامىل دېيىلسە، ئۇ ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى چېچىنىيىنى مىللىي بۆلۈنۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى ۋە تەقلىد قىلىش ئوبيېكتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئالدى بىلەن لىتۋا، ئېستونىيە ۋە لاتۋىيىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر نەچچە يىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر 1990 - يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. ئارقىدىنلا

① «يەر شارىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى چوڭ نۇقتىلار»، 217 ـ 218 - بەتلەر.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ چوڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولغان رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىمۇ يېڭى بىر نۆۋەتلىك مۇستەقىللىق دولقۇنى باشلامچىلىق بىلەن كۆتۈرۈلدى. «رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى»دا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ قانۇنى ئىتتىپاقنىڭ قانۇنىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىنى بەلگىلەش ھوقۇقى بارلىقى تەكىتلەندى. رۇسىيىنىڭ باشچىلىقىدا، بارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىگىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ياكى مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا يامراپ كەتتى.

چېچىن – ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر مانا مۇشۇنداق يېڭى بىر نۆۋەتلىك مۇستەقىللىق دولقۇنىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلىۋەتتى.

## *ئارىسالدىلىق سەۋەبىدىن قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىشنىڭ ئۇچ قېتىملىق پۇرسىتىنىڭ قولدىن كېتىشى*

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى دۇدايېف 1990-يىلى 5 - ئايدا ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ ئېستونىيىدىن ئۆز يۇرتى چېچېنىيىگە قايتىپ كەلدى ھەمدە ئۆكتىچى تەشكىلات — «چېچېنلار مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى» نىڭ رەئىسى بولدى. 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق چېچېنلار مىللىي مەجلىسىدە ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلىپ، مۇستەقىل چېچېنىيە دۆلىتى قۇرۇش قارار قىلىندى.

1991 ـ يىلىدىكى «19 ـ ئاۋغۇست» ۋەقەسىدىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دۇدايېف يەرلىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۇدايېف چېچىن ـ ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، چېچىنىيىنىڭ رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئايرىلغانلىقى جاكارلىنىپ، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ـ چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇدايېف قورال كۈچى ئارقىلىق جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتىنىڭ ۋە قانۇننى قوغداش ئورگانلىرىنىڭ بەزى ئىشخانا بىنالىرىنى تارتىۋالدى، ھەربىي لاۋازىمەت ئامبىرىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تەخمىنەن 86 مىڭ دانە مىلتىق، 150 مىڭ دانە گرانات، 260 ئايروپىلان ۋە 100 دانە برونېۋىك ئەسلىھەلىرىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن چېچىنىيە قوراللىق ئۇنسۇرلىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا ئوبدان قوراللانغان «پۇقرالار ئارمىيىسى» تەشكىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.①

1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رۇسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن چېچىنىيىدە «بىر ئايلىق جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈش» نى جاكارلىدى ھەمدە دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ چېچىنىيىنىڭ مەركىزىي پوچتا بىناسى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىناسىنى ئىشغال قىلدى. چېچىنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالدى. چېچىنىيە قانۇنسىز ھاكىمىيىتى بۇنىڭغا تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇرۇش ھالىتىگە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەمدە 60 نەچچە

---

①[ روسىيە] «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانى، «يەر شارىدىكى مىللەتلەر مە مەسىلىسىدىكى چوڭ نۇقتىلار» نىڭ 218 ـ بېتىدىن ئېلىنغان.

مىڭ كىشىلىك پۇقرالار قوغدىنىش ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، رۇسىيە ئارمىيىسى بىلەن تىركەشتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شىمالىي كاۋكاز جۇمھۇرىيىتى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستى ھەم ۋولگا دەرياسى بويىدىكى تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى چېچېنىيىگە ئاكتىپ مەدەت بەردى. 14 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كاۋكاز تاغلىق تايون مىللەتلىرى ئۇيۇشمىسى پىدائىي خادىملارنى ئومۇمىي سەپەرۋەر قىلىپ، يېلتسىن زوڭتۇڭغا قوراللىق قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇشۇنداق بېسىم ئاستىدا، روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالىي سوۋېتى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يېلتسىننىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ، توقۇنۇشنى سىياسىي ۋاستە بىلەن ھەل قىلىشنى، چېچېنىيە مەسىلىسىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنداق قىلىپ، رۇسىيە چېچېنىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ قويدى. چېچېنىيە بۆلگۈنچىلىرىنىڭ نوخۇلىسىنى ئۆستۈرۈپ، بۆلگۈنچى كۈچلەر قوشۇنىنى زورايتىۋەتتى. ئەگەر رۇسىيە دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، بىخ ھالىتىدە تۇرغان بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يوقاتقان بولسا، چېچېنىيە مەسىلىسى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتمەيتتى ھەم 10 نەچچە يىل داۋام قىلالمايتتى، ھېچبولمىغاندا بۈگۈنكىچە ھەل بولۇپ بولغان بولاتتى؛ روسىيە زور ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىمايتتى ۋە ئون مىڭلىغان ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم يۇرت - ماكانسىز قالمايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چېچېنىيە قانۇنسىز دائىرىلىرى ھىماتىم بار دەپ موسكۋانىڭ بۇيرۇقىنى كۆزگە ئىلماي، فېدېراتسىيە شەرتنامىسىگە قول قويۇشنى، فېدراتسىيىگە خام چوت تاپشۇرۇشنى، فېدېراتسىيە سايلىمىغا قاتنىشىشنى رەت

قىلدى. ھەتتا 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چېچىنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرى چېچىنىيىدە تۇرۇشلۇق رۇسىيە قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قورال ـ ياراغلارنى بولدى. چېچىنىيە ۋەزىيىتى يەنە بىر قېتىم جىددىيلەشتى. بۇ رۇسىيىنىڭ چېچىنىيە قوراللىق كۈچلىرى گۇرۇھىغا قايتۇرما زەربە بېرىشىنىڭ مۇتلەق ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ئەپسۇسكى، رۇسىيە دائىرىلىرى يەنىلا مەسىلىنى تىنچ ۋاستە بىلەن ھەل قىلىش يولىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، پۇرسەتنى يەنە بىر قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى. دۇدايېف مەركەز بىلەن قارشىلاشقان ئۈچ يىل جەريانىدا چېچىنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرى يۈك ئاپتوموبىلى، ئاپتوبۇسلارنى بۇلاپ، نېفىتنى توسۇپ، تۆمۈر يولنى ئۈزۈپ، رۇسىيە ئىقتىسادىغا ئېغىر زىيانلارنى يەتكۈزدى، ئۇلار رۇسىيىنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسىدىن پايدىلىنىپ، كاپىتال توپلىدى. رۇسىيە فېدېراتسىيىسى باش تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1992 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە چېچىنىيىنىڭ قانۇنسىز رەھبەرلىرى مال تارقىتىش ئۇقتۇرۇشنامىسى ۋە ساختا مالىيە ھۆججىتى قاتارلىق قانۇنسىز پايدا ئېلىش ۋاستىلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندا 4 تىرىلىيون رۇبلىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى قانۇنسىز سېتىشتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا قانۇنسىز دائىرىلەرگە ھەر يىلى 800 ـ 900 مىليون دوللارلىق كىرىم بولغان①. دۇدايېف ھاكىمىيىتى دەل ئاشۇنداق غايەت كۆپ ساندىكى رۇبلى ۋە ئاشقى پېرېۋوت كىرىمگە تايىنىپ مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان.

---

①[ روسىيە] «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى، «يەر شارىدىكى مىللىي مەسىلىسىدىكى چوڭ نۇقتىلار» نىڭ 219 ـ بېتىدىن ئېلىنغان.

1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۇدايېف چېچېنىيە پارلامېنتىنى تارقىتىۋېتىپ، زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. بۇ يەرلىك خەلقنىڭ (چېچېنلار، رۇسلار، ئوكرائىنلار قاتارلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ) ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىقى ۋە قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، چېچېنىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش يولىنى تاللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چېچېنىيە ۋەزىيىتى ناھايىتى تېزلىكتىلا جىددىي تىركىشىشتىن قوراللىق قارشىلىششقا كۆتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە، كىچىك كۆلەمدىكى توقۇنۇشلار دۇدايېفنى قوللىغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ چاغدا رۇسىيە خەلقىنىڭ نارازىلىق خاھىشىغا ماس ھالدا ئۆكتىچى كۈچلەرگە ئاكتىپ مەدەت بېرىپ، دۇدايېفقا قارىتا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە تەڭ قول سېلىش تەدبىرىنى قوللانغان بولسا، پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، موسكۋا ئاساسىي جەھەتتىن بۇ توقۇنۇشنىڭ سىرتىدا تۇردى، شۇنىڭدىن كېيىنكى 18 ئاي ئىچىدە، «رۇسىيە چېچېنىيىدىكى ئىككى تەرەپنى مەخپىي قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي ۋاستە ۋە تايىنىشقا بولىدىغان كونا دوستلار ئارقىلىق دۇدايېف بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. موسكۋا تەدرىجىي ھالدا دۇدايېفنىڭ قانۇنىيلىقىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ بەھرىمەن بولغان ئاممىۋى قوللاشنى ئېتىراپ قىلدى».① رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيە جەھەتتىكى لىڭتاسىملىقى، شۇنىڭدەك دۇدايېف بىلەن قايتا ـ قايتا

---

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 293 ـ بەت.

مۇرەسسەلىشىشى ۋە، ئۇنىڭغا يول قويۇشى دۇداييېفنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسىنى ئېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24- كۈنى چېچېنىيىنىڭ ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدىكى رۇسىيە- چېچېنىيە سۆھبىتى بۇزۇلدى.

رۇسىيە دائىرىلىرى ئايلىنىپ كېلىپ ئۈمىدنى چېچېن ئۆكتىچىلىرىگە باغلاپ، «چېچېنلارغا چېچېنلار ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش» سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1994 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رۇسىيە پەرەس چېچېن ئۆكتىچىلىرى دۇداييېفنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى ھەمدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چېچېنىيە ئۆكتىچىلىرى بىلەن دۇداييېفقا سادىق قوشۇنلار پايتەخت گروزنىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارگوندا كەسكىن جەڭ قىلىشتى. شۇ چاغدىمۇ يېلتسىن يەنىلا د رەملىك قىلىپ قەتئىي نىيەتكە كېلەلمىدى. ئۇ چېچېنلار بىلەن قارشىلىشىشنىمۇ، بىرەر كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىمۇ خالىمىدى، بەلكى رۇسىيە ئاخبارات ئاپپاراتىنىڭ گروزنىدىكى قوماندانلىق شتابىدىن پايدىلىنىپ ئۆكتىچىلەر قوشۇنىنى قورال- ياراغ بىلەن تەمىنلەشنى تاللىۋالدى ھەمدە ئۇلارغا بولغان ئىسكەنجىنى قويۇۋەتتى. موسكۋا چېچېنىيىدىكى يېڭى ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەم چېچېنىيىدە ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا، ھەم موسكۋا بىلەن كېلىشىم ئىمزالايدىغانلىقىغا ئىشەندى. ھالبۇكى، رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئۆكتىچىلەر چېچېنىيە پايتەختى گروزنىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە مەغلۇپ بولدى. 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، موسكۋا توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرگە تىنچ پۇقرالار ئېغىر زەخىملەنگەنلىكى ۋە مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تاشلىشىنى تەلەپ قىلىپ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم

تاپشۇردى. مۆلچەرلىگەندەكلا ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇماتومغا ئۆلار پىسەنت قىلمىدى. رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ تاللاش يولى قالمىدى، قورالىق كۈچلەرنىڭ چېچىنىيىگە كىرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

چېچىنىيە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرۇشنى جاكارلىغان كۈندىن باشلاپ، 1994 - يىلى 12 - ئايغىچە بولغان ئۈچ يىل جەريانىدا، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ قېتىم بۇ ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش پۇرسىتى كەلگەن. رۇسىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ۋەزىيىتى تەۋرىنىپ، يۇقىرى قاتلامدىكى ھوقۇق مەركىزىدە ئۆز ئارا كۈرەش بولۇپ تۇرغانلىقتىن بۇ ئىشقا چولىسى تەگمىدى. مانا بۇ ئىش چېچىنىيە مەسىلىسىنىڭ ئۇزاققىچە ھەل بولماسلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ مەسىلىدە، يەنە ئەڭ ئاز بولغاندا مۇنداق بىر قانچە سەۋەب بار: (1) چېچىنىيىدىكى مىللىي، دىنىي توقۇنۇشنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مۇرەككەپلىكىگە بولغان مۆلچەر يېتەرلىك بولماي، بىخۇتلۇق قىلىندى. (2) رۇسىيە فېدېراتسىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇن سىستېمىسىغا باشلامچىلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەچكە، چېچىنىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۈچلۈك قانۇنىي قورال بولدى. (3) چېچىنىيە مۇستەقىللىقىغا ئوخشاش ئاشۇنداق تاسادىپىي پارتلىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئىشتىن ئاۋۋال ۋەقەنى مۆلچەرلەش يېتەرسىز، ئىشتىن كېيىن تېز، قەتئىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ماسلىشىش مېخانىزمى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى كەم بولدى. (4) چېچىنىيىدىكى تاسادىپىي ئۆزگىرىشكە قارىتا ئۇزاقتىن بۇيان سىياسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش ئۇستىدىلا ئىزدىنىلدى. ۋاستە بىر خىللا بولۇپ،

كۈچلۈك ھەربىي بېسىم ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق سۆھبەتلەر شەكىلگە ئايلاندى. بۇنداق سۆھبەت ئەمەلىيەتتە بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زامان ۋە ماكان ھازىرلاپ بەردى. (5) بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىچىدە ئىگىلىك ھوقۇقىنى بۆلۈشۈۋېلىشقا بولمايدۇ، بۇ تۈپ پرىنسىپ، شۇنداقلا بۇنى بىر سىياسىي تەگ سىزىقى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما، رۇسىيە دائىرىلىرى بۇ مەسىلىدە چېچېنىيە بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن مۇرەسسە قىلدى ۋە ئۇلارغا يول قويدى. بۆلگۈنچىلەر بىلەن ھوقۇق ئايرىش شەرتنامىسى ئىمزالاشقا تەييارلاندى ھەمدە چېچېنىيىگە ئالاھىدە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىشكە ۋەدە بەردى. شۇنداقتىمۇ، بۇ يول قويۇشلارنىڭ ھەممىسىگە دۇدايېف قانۇنسىز ھاكىمىيىتى پىسەنت قىلمىدى. دۇدايېف قاتتىق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، رۇسىيە بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ «باراۋەر» بولۇشى، «تەڭ دەرىجىدىكى سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىلىشى» نى تەكىتلىدى.

## غازات خاراكتېرى ۋە زوراۋان تېررورلۇق ھەرىكىتى

چېچېنىيە ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى ئەركىنلىك ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. 1993 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە، چېچېنىيىدىكى قاراقوللار پارتىيىسى دەرىجىسى ئۆرلەۋاتقان ئۇرۇشقا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1995 - يىلى تېخىمۇ روشەن بولغىنى چېچېنىيە ئۇرۇشىنىڭ ئىسلاملىشىشى ۋە ئىسلام ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرىنىڭ كىشىلەر دىققىتىنى تارتىشى بولدى. ئىسلام ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرى سىياسىي تەسىرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن

تېررورلۇققا تايىنىپ موسكۋانىڭ مەركىزىگە بېسىپ كىردى. چېچېنلارنىڭ تېررورلۇققا كىرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەمەلىيىتى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇلار تېھران ۋە ئىستانبۇل تەشەببۇس قىلغان غازات لوگىكىسىنى كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلغان بولۇپ، چېچېنىيە ئۇرۇشى نوقۇل مەنىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك بولۇشتىن قالغان، كۈچلۈك غازات ئامىلى بەخش ئېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزگىرىپ تېخىمۇ غالجىرلاشقان، ئاقىلانىلىكنى تېخىمۇ يوقاتقان.

## *چېچېنىيە رەھبەرلىرىنىڭ «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈشى*

چېچېنلار گەرچە ئىسلام دىنىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئولتۇراقلاشقان تاغلىق رايوندا شەكىللەنگەن ئۆزگىچە تۇرمۇش چېچېنلاردا كاۋكازدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيىنى شەكىللەندۈرمىگەن بولۇپ، ئەسلىيەتچىلىكتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇزاق مۇددەت رۇسلار ئىشغالىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن (چار رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋردە)، چېچېنلار مۇكەممەل بولغان رۇسلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن، مەسىلەن، چېچېنلار ھەتتا ئۆز مىللىتى ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا رۇس تىلىدا سۆزلىشىدۇ، ئىبادەت قىلىش، ناماز ئۆتەشنى بىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس. بىۋاسىتە رەڭ قىلىپ ئېيتقاندا، چېچېنلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام ئېڭى سۇسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مىللىي تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئەمەس، بەلكى پەقەت مىللەتچىلىك ۋە ئۆز سالاھىيىتىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل شەكلى قىلغان.

19 - ئەسىردىكى شىمالىي كاۋكازلىقلار بىلەن رۇسلارنىڭ

ئۇرۇشى جەريانىدا مۇسۇلمانلار داھىيسى سامىر ئۆزىنى ئىسلام مۇخلىسى دەپ ئاتىغان ھەمدە «ئىسلامىيەت ۋە رۇسلارنىڭ ئىستىلاسىغا قارشى تۇرۇش ئاساسىدا» 10 نەچچە مىللەت گورۇھى ۋە تىل گورۇھىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغان. «مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، دۇدايېف كاۋكازدا يۈز بەرگەن ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ ئاشۇنداق ئىستراتېگىيىنى يولغا قويغان. ئۇ مۇخلىسلارنىڭ ۋە ئىسلام پارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بەرگەن. 1994 ـ يىلى دۇدايېف چېچىنىيىنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئىسلام دۆلىتى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. چېچىنىيە ئەسكەرلىرى ‹چېچىنىيە غازاتچىلىرى›، دېگەن خەت نەقىشلەنگەن يېشىل رەڭلىك سەللە يۆگىۋالغان، جەڭگە كىرگەندە ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› دەپ توۋلىغان»①. ئۇ چېچىنىيە ئۇرۇشىنى رۇسلارغا قارشى غازات دەپمۇ تەسۋىرلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دۇنياسىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوللاشقا چاقىرغان. دۇدايېف سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسىدە باش كۆتۈرگەن بولۇپ، بومباردىمانچى ئايروپىلان ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ قوماندانى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇشۇنداق ئۇزاق مۇددەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەربىيىسىنى ئېلىپ تاۋلانغان ھاۋائارمىيىسى گېنېرالىنىڭ تۇساتتىن بىر غازاتنىڭ كۆككە كۆتۈرگۈچىسى ۋە رەھبىرى بولۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تۇساتتىن ئۆزگىرىشى بۇ ماقالىدە ئىزدىنىدىغان مەزمۇن ئەمەس ئىدى، ئەمما بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چېچىنىيە ئۇرۇشى

---

① خۇنتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنى قايتا قۇرۇش» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، 304 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

پارتلىغان مەزگىلدە، ئىسلام غازىتىنىڭ قومدانلىق ۋە كونتروللۇق سىستېمىسى ئىشقا كىرىشكەن. 1995 - يىلى 1- ئايدا، چېچىنىيە قانۇنسىز قورallıق كۈچلىرى رەھبىرىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «غازاتچىلار قوشنا مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن توختىماي كەلمەكتە، ئۇلار رۇسلارغا ئۆزلىرى ياسىغان ئاچچىق دورىنىڭ تەمىنى تېتىتماقچى» . بىر ھەپتىدىن كېيىن، كوماندىرلارنىڭ چېچىنىيە ئۇرۇشىنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا دائىر دوكلاتلىرى تېخىمۇ جۇشقۇن بولغان، «يېشىل رەڭلىك بايراقنىڭ پۈتۈن شەھەردە لەپىلدىشى كۆتۈرەڭگۈ، جەڭگىۋار روھنى ۋە قۇدرەتلىك ئىسلامىيەت روھنى ئىپادىلەيدۇ، توپ - توپ غازاتچىلارنىڭ كۆيۈپ كەتكەن گروزنى كوچىلىرىدا تائەت - ئىبادەت قىلىشۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ‹ قۇرئان › نى ۋە شەخسىي قورالىنى كۆتۈرۈۋالغان. باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن بەزى غازاتچىلارنىڭ كۆزگە تاشلىنىدىغان جايلارغا ئەرەب يېزىقىدا يازغان ‹ ئاللاھۇ ئەكبەر › دېگەن شوئارلىرى دىققەتنى تارتىدۇ. بىر نەچچە ‹ ئازاب چەككەنلەر پولكى › دىكى غازاتچىلار باشلىرىغا قارا رەخت ئارتىپ، ئاخىرىغىچە قارشى تۇرۇشقا قەسەمياد قىلغان. » 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گروزنىدا ئۇرۇش قىزىپ كەتكەن، چېچىنىيە كوماندىرلىرىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن «بىرتۈركۈم پاكىستان غازاتچىلىرى گروزنى شەھىرىگە كەلدى، ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنىڭ چېچىنىيىلىك قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتناشماقتا» . ①

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېچىنىيە قانۇنسىز ھاكىمىيىتى كاۋكاز رايونى دائىرىسىدە «كاۋكاز رايونى رۇسلارغا تەۋە ئەمەس، ئۇ قارا دېڭىزدىن تارتىپ كاسپىي

---

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى» ، 298 - بەت.

دېڭىز بىغىچە بولغان رايونلاردىكى مۇسۇلمان خەلقلەرگە تەۋە. بۇ رايون 150 يىل ئىلگىرى رۇس جىنايەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشى ۋە ئىشغال قىلىشىغا ئۇچرىغان، ھازىر ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئەركىن كاۋكاز زېمىنىنى ئازاد قىلغانلىق غەلىبىسىنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋاقتى»① دەپ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك قىلغان. بۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تەشۋىقات بولۇپلا قالماستىن، پۇتكۈل رايوندىكىلەر چېچىنىيە ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى قوزغىغان بۇ ئۇرۇشنى بىر يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان، «غازات» دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، چېچىنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرىنىڭ رەھبىرى چېچىنىيىدىكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمان كۈچلەرنى بىر قۇر تەنقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ قارىغان: چېچىنىيىدە جەمئىي ئۈچ غازاتچىلار تەشكىلاتى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ بايراق ئاستىغا ئويۇشقان: بىرىنچى تەشكىلات ھەقىقىي غازاتچىلار، ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئۇلارنىڭ ئەمرى، ئۇلار ئومۇمەن بىرقەدەر چوڭقۇر ئىسلام دىنى بىلىمىگە ئىگە؛ ئىككىنچى تەشكىلات ھۆكۈمەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ھەمدە غەلىبىنىڭ ئاللاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ؛ ئۈچىنچى تەشكىلاتقا سامىر باسايېف رەھبەرلىك قىلىدۇ، بۇ تەشكىلاتمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچ تەشكىلاتنىڭ ئىش تەقسىماتى ئايرىم بولۇپ، ئۇلار مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلىدۇ②. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئۇرۇشتا ئىسلام دىنى غازىتىنىڭ تۈسى ۋە خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن.

---

① يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 300 ـ بەت.
② «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 300 ـ بەت.

دۇدايېۋ ئۆلۈپ، ماسخادوۋ 1997 - يىلى 1 - ئايدا چېچىنىيىگە زۇڭتۇڭ بولغاندا ئۇمۇ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش قەدىمىنى توختاتمىدى، ئۇ چېچىنىيە - داغىستان بۈيۈك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. بىرىنچىدىن، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ئىسلام شەرىئىتى تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، چېچىنىيىنىڭ ئىسلاملىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئىككىنچىدىن، دۆلەتنى تۈزۈملەشتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈردى، ئۆزىنىڭ پاسپورتى ۋە پۇلىنى تارقاتتى، 21 دۆلەتكە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش تەكلىپى ئەۋەتتى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە، ياۋروپا خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ۋە ب د ت غا كىرىش توغرىسىدا باياناتلار ئېلان قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، قوراللىق قوشۇن تەشكىللىدى. چېچىنىيە دائىرىلىرى ئېلان قىلغان ماتېرىيالغا قارىغاندا، چېچىنىيە قوراللىق كۈچلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن: زۇڭتۇڭ مۇھاپىزەتچى قىسمى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىر پاراشوتچىلار زەربىدار باتاليونى، بىرماتورلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر باتاليونى، بىر ھۆرمەت قاراۋۇلى روتىسى ۋە بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى بولۇپ، ئادەم سانى تەخمىنەن 2000 ئەتراپىدا ئىكەن؛ «چېچىنىيە ئارمىيىسى» ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇرىدىغان 1500 ئادەم ۋە ھەر دەرىجىلىك تەرتىپكە سېلىش ھالىتىدە تۇرىدىغان 15 مىڭ ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە باسايېۋ قوماندانلىقىدىكى «ئابخاز» پاراشوتچىلار زەربىدار باتاليونى، بالايېۋنىڭ مۇسۇلمانلار باتاليونى، گېلايېۋنىڭ ئالاھىدە ئەسكەرلەر پولكى، ئىسايېۋنىڭ تانكا، زېنىت توپ پولكى، تانكىغا قارشى پولكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ماتورلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر پولكى، ئۈچىنچى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى، ئارسانوكايېۋنىڭ تاغلىقتىكى پىيادە

ئەسكەرلەر پولكى، ئىككى ساپيورلار باتاليونى ۋە ئىككى ئالاقىچى باتاليونى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تاموژنا، چېگرا مۇداپىئە ئاپپاراتى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى تارمىقىمۇ بىر قىسىم قوشۇن ئىگىلىگەن[1].

بىر نەچچە يىللىق جاپالىق تەييارلىقلار ئارقىلىق، چېچېنىيە ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ «مۇقەددەس جايى» غا ئايلاندى، ئۇنىڭ كېڭىيىش سۈيىقەستى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 1999 - يىلى 8 - ئايدا، چېچېنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرى 2 - قېتىم داغىستانغا بېسىپ كىرىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇ چېچېنىيە - داغىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بېسىلغان ئىزدىنىش خاراكتېرلىك قەدەم ئىدى.

## چېچېنىيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى يولىغا مېڭىشى

يىراقنى كۆزلىگەندە، كىشىنى ئەڭ ئەنسىرىتىدىغىنى چېچېنلارنىڭ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىشىشى. بۇ يۈزلىنىشنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، بۆلۈنۈش ھەرىكىتى ياكى قوراللىق توقۇنۇشنىڭ ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ چېچېنلار ئارىسىدىكى تەسىر دەرىجىسى شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ، بۇ بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى خەتەرلىك ھادىسە. چېچېنلار گەرچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار كاۋكاز رايونىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە ئادىتى

---

[1] [رۇسىيە] «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى سانى، « يەرشارىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى چوڭ نۇقتىلار» نىڭ 224- بېتىدىن ئېلىنغان.

ۋەملىلىي ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا تايىنىدىغىنى «ئەنئەنىۋى» ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى ئەخلاق قانۇنى ۋە مۇرىدچىلىق. چېچېنىيە تارىخىدا كۆتۈرۈلگەن نۇرغۇن قوزغىلاڭ، جۈملىدىن «چارروسىيە قوشۇنىغا قارشى مەشھۇر سامىر قوزغىلىڭىنىمۇ قەبىلىۋازلىق ۋە مۇرىدچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۆندۈرۈلمىگەن توسۇن ئاتتەك ئۆتىدىغان تاغ تۇرمۇشى ئۇ يەردىكى تاغلىقلارنى قاتتىق بولغان ئىسلام ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلماسلىق ۋە شەرىئەتكە رىئايە قىلماسلىقتەك ئادەتلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپچىلىكى كاۋكازلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى ۋە ئادەتلەنگەن تۇرمۇشىغا رىئايە قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، چېچېنىيەدە ناھايىتى تەسلىكتە تىكلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىمۇ قايتا ساقلاپ قالغىلى بولمىدى، كاۋكازلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ۋە قانۇن - تۈزۈمى قايتا تىرىلدى. بىراق بۇنداق تىرىلىش ئاددىي بولغان تەكرار تىرىلىش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام ئامىلىنىڭ سالمىقى زور دەرىجىدە كۈچەيگەنىدى. نەتىجىدە، چېچېنىيە ناھايىتى تېزلا ئاممىۋى ئىسلامىزم گۈللىنىدىغان ئەڭ مۇنبەت تۇپراققا ئايلانغان. شەرىئەتنىڭ ئەڭ كونسېرۋاتىپ تۈرلىرى چېچېنىيەدە قورال كۈچى ياكى ئىسلام دىنىنىڭ مەھكىمە شەرئىي ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان ئىنتايىن قاتتىق ۋاسىتىلەر بىلەن يولغا قويۇلدى. ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچىكىنى قاتتىق ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا چەك قويۇش ھەرىكىتى ۋە ھاراقنى مەنئى قىلىش ھەرىكىتى ئەڭ بالدۇر قانات يايدۇرۇلدى. ھاراق ئىچىپ قامالغان ئادەملەر ئامما ئالدىدا كالتەكلىنىدىغان، ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ بىر قولى

كېسىۋېتىلىدىغان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىل ئەخلاق ئۆلچىمى ئىلگىرى چېچىنىيىدە يوق ئىدى، ئۇ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىش بىلەن بىرلىكتە چېچىنىيىگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي چېچىنىيە ئۇرۇشىنى باشقۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى چېچىنلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىمۇ كونترول قىلدى. ناھايىتى ئېنىقكى، چېچىنىيىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ۋە قوللاش يېقىنقى يىللاردىلا چەت ئەللەردىن كىرگەن ھادىسە. شۇڭا، چېچىنىيە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى: غازاتقا ياردەم بەرگەن دۆلەتلەر، چەت ئەل غازاتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوغدىلىشى ئۇلار ئىپادىلىگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىردەكلىك ۋە باش - ئاخىرى ئوخشاش بولغان تەسىر كۈچىدۇر. بىرقەدەر ئۇزاققا نەزەر سالىدىغان بولساق، چېچىنىيە مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، چېچىنىيىدە پارتلاش ئالدىدا تۇرغۇن يەنە نۇرغۇن قەرەللىك بومبا بار. بۇ قەرەللىك بومبىلار ئافغانىستان، پاكىستان، ئىراندا ھەدىس ئوقۇۋاتقان ۋە «غازات» ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈۋاتقان چېچىنلاردۇر. گەرچە چېچىندىكى ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ نۆۋەتتە ئۇنۇملۇك قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە قۇربى يەتمەيدىغان بولغاچقا، رۇسىيە چېچىنىيىدىن قىسمەن ئەسكەر چېكىندۈرمەكچى بولغان، بۇ ھەم 2 - قېتىملىق چېچىنىيە ئۇرۇشىدىكى چوڭ كۆلەملىك ھەرىكەتنىڭ ھازىرچە ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەملەر يەنە بار، ئۇلار نىيىتىدىن زادىلا يانمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىدە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى يەنىلا ناھايىتى زور. 1999 - يىلى 11 - ئايدىلا رۇسىيە فېدېراتسىيىسى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى تروتىسكىي ئالدىنئالا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ

چېچېنىيىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئوڭۇشلۇق تاماملانسىلا، چېچېنىيە قوراللىق ئۇنسۇرلىرى گرۇزىيە زېمىنىغا كىرىپ، گرۇزىيىگە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ دېگەندى. دەرۋەقە، رۇسىيە تەرەپنىڭ بۇ ئەندىشىسى بەختكە قارشى رېئاللىققا ئايلاندى. دائىرىسى كەڭ، ۋە ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولغان كاۋكاز تاغ تىزمىسى تار ۋە ئۇزۇنچاق بولغان پەنجىشىر ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. گرۇزىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ئىچكى ئۇرۇش بۇ يەردىكى كۆپ سانلىق گرۇزىنلارنى سىرتقا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى، ئەمما 1999 - يىلى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ 2 - قېتىملىق چېچېنىيە ئۇرۇشىدا ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، 8000 دىن كۆپ «مۇساپىر» بۇ يەرنىڭ «چاقىرمىغان مېھمىنى» بولۇپ قالدى. ئۇ يەرگە يوشۇرۇنغان چېچېنىيىنىڭ قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرى رۇسىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە نىسبەتەن ئېغىر ھالدىكى يوشۇرۇن ئاپەت بولۇپ قالدى. رۇسىيە تەرەپ قەتئىي ھالدا بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چېچېنىيە توپىلاڭچىلىرى دەپ قارىدى. رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گرۇزىيە زۇڭتۇڭى شېۋاردنادزى ئالدىدىلا مۇخبىرلارغا «خەلقئارا تېررورچىلىق لاگېرى گرۇزىيىدە يىلتىز تارتماقتا. بۇ، گرۇزىيە ۋە گرۇزىيە خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن زور بەختسىزلىك» دېدى. ئۇ يەنە چېچېنىيىنىڭ ئاسىي ئەسكەرلىرى، ھەربىي لاۋازىمات جۇغلاش نۇقتىسى ۋە ئوق - دورا ياساش ئۇسكۇنىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گرۇزىيىدە،① گروزىيە «تەڭرىنىڭ ھەرەمبېغى» دىن خەتەرلىك «قارا باسقان جاي» غا ئايلىنىپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

گەرچە چېچېنىيە رايونىدا ھازىر زور كۆلەملىك ئۇرۇشلار

---

① «تاشقى كاۋكازدىكى بىر مەيدان ‹جىمجىت ئۇرۇش›»، خەلق تورى 2001- يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

قايتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئانچە بولمىسىمۇ، لېكىن كىچىك كۆلەمدىكى پارچە - پۇرات ئۇرۇشنىڭ توختىغىنى يوق. رۇسىيە ئارمىيىسىدە ئۆلۈش - يارىلىنىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئېگىلىشىمىزچە، 1999 - يىلى 10 - ئايدا باشلانغان 2 - قېتىملىق چېچېنىيە ئۇرۇشىدىن 2002 - يىلى 7 - ئايغا قەدەر رۇسىيە ئەسكەرلىرىدىن 2410 ى ئۆلگەن، 6053 ى يارىدار بولغان. خۇددى پۇتىن زۇڭتۇڭ ئېيتقاندەك، ھازىر چېچېنىيىدىكى تېررورلۇققا قارشى ھەرىكەت ئاياغلىشاي دەپ قالدى دېيىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

## *خەلقئارا ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە قوللىشى*

80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرىنى جىددىي كۆپىيىش ھەمدە دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمانلار رايونىغا كېڭىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك دۆلەت پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئىدېئولوگىيىدىكى بوشلۇق ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىغا سىڭىپ كىرىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسى ۋە باشقا بەزى رايونلاردا يېڭى زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىيىسىنى يولغا قويۇشى كەڭ مۇسۇلمانلار رايونىنى تېخىمۇ زور بېسىم ۋە چوڭقۇر ھاقارەتكە ئۇچراتتى. ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ كەسكىن ھەرىكەتلەرنى قوللاندى، چەتكە قېقىش، كېڭىيىش ۋە ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچەيدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كۈچلۈك ئىسلامىيەت ئاساسى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان چېچېنىيە خەلقئارا

ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى ۋە باشقا سىرتقى كۈچلەر تېخىمۇ تاللىشىدىغان نىشان ۋە پايدىلىنىدىغان قورالغا، «غازات» پىدائىيلىرى كۈرەش قىلىشقا ئىنتىلىدىغان «مۇقەددەس جاي» غا ئايلىنىپ قالدى.

1994 - يىلى باھاردىلا، ئىسلامئاباد چېچىنىيىدىكى غازاتقا ئاتلاشقان. 4 - ئايدا باسايېف باشچىلىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىكى تېررورلۇق مەشىق بازىسىنى زىيارەت قىلغان. بۇ لاگېرلارنىڭ ھەممىسى پاكىستان ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن ياسالغان. پاكىستاندىكى بىر نەچچە گېنېرال (بەبەر، مىلانى، ئەشرەپ) چېچىنلارغا كەڭ كۆلەملىك مەشىق ۋە قوراللىق كۈچلەر قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈپ بەرگەن بولۇپ، بىرىنچى تۈركۈمدىكى 100 دىن ئارتۇق چېچىن خورسىت ئەتراپىدىكى ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسى باشقۇرىدىغان مەشىق لاگېرىغا كىرىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى تەربىيىسى ئالغان. پاكىستاندىكى ئىداۋار مەركىزىدە يۇقىرى دەرىجىلىك بۇزغۇنچىلىق ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى دەرسلىكلىرى بىر قىسىم كۆڭۈل قويۇپ تاللانغان چېچىنلارغا ئۆگىتىلگەن. 1994 - يىلى كۈزدە، مەخسۇس تېخنىكىنىڭ چېچىنىيىگە كىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسى بىر «ئاتلاشما ئەترەت» تەشكىللىگەن. بۇلار تەربىيە ئالغان چېچىنلار ۋە پاكىستاننىڭ ھەربىي خىزمەتتىن بوشانغان ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئافغانىستان ئىسلام غازاتچىلىرى تەشكىلاتىدا ئۇزاق مۇددەتلىك جەڭنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پاكىستان ۋە ئافغانىستاندا ئۇرۇشلۇق غازاتچىلار باتالىيونىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن چېچىنىيىگە ئەۋەتىلگەن. بۇ پاكىستانلىقلار رەھبەرلىك قىلغان ئالدىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن 1995 - يىلى ئۈنجى قېتىم چېچىنىيە

ئۇرۇشىغا قاتناشقان. مۇھىمى، پاكىستان ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۇرۇش ۋە تاكتىكا جەھەتتە بۇ قوشۇننى كونترول قىلغان بولۇپ، پاكىستان كوماندىرلىرى پاكىستاندىكى قوماندانلىق شتابى بىلەن بولغان تېلېگراف ئالاقىسىنى ساقلاپ قالغان. بۇنىڭ كەشمىردىكى ئىسلام قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ پاكىستاندىكى ئارقا سەپ بازىسى ئارىسىدا ساقلانغان مۇناسىۋەت بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق.①

1994 - يىلىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، خەلقئارا ئىسلامىزمنىڭ رەھبەرلىك تەشكىلاتى، بولۇپمۇ ئىران ۋە سۇدان يار - يۆلەك بولغان «قوراللىق ئىسلام ھەرىكىتى» چېچىنىيە ئۇرۇشىنى «غازات» دەپ ئېتىراپ قىلدى. بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىسلام كوماندىرلىرى ۋە پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر گىرۇزىنغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئۇ يەردە تېھران، خارتوم ۋە ئىستانبۇلدىكى باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە غازاتچىلارنىڭ پائالىيىتىنى ماسلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى دوكلاتىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، دۇدايېفنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا گىرۇزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بارغانسېرى ئىسلاملاشقان. بۇ خىل ئەھۋال بەزى ئىسلام رادىكال تەشكىلاتلىرىنى روھلاندۇرۇۋەتكەن. 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1995 - يىلىنىڭ باشلىرىدا غازاتقا ئىنتىلىدىغان بەزى ئىسلامىيەت خەير - ئېھسان ئاپپاراتلىرى چېچىنىيىدە ئالدىنقى سەپ ئاپپاراتى قۇرۇشقا كىرىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن، پۇل ۋە غازاتچىلار (بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئىلگىرى غازات قىلغان كونا ئەسكەر) تېزلىكتە چېچىنىيىگە كىردى. خۇددى چېچىنىيە ھەربىي قوماندانىنىڭ 1994 - يىلى 12 - ئايدا ئېيتقىنىدەك: «دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن غازاتچىلار

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 296 - 297 - بەتلەر.

كاۋكاز رايونىغا توختىماستىن كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ چېچىن قېرىنداشلىرىنىڭ رۇسلار ئىشغالىيىتىگە قارشى ئۇرۇشىقا قاتناشتى، چۈنكى رۇسلار كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىنى باش ئەگدۈرمەكچى ھەمدە ئۇلارنى پراۋوسلاۋىيە دىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالماقچى»①.

بۇ دولقۇن جەريانىدا، قاتتىق قول بولغان پارس قولتۇقى (سەئۇدىلىقلار، كۇۋەيتلىكلەر) ۋە مەغرىب (ئالجىرلار، ماراكەشلەر، تۇنىسئانلار) ئەرەبلىرىدىن تەشكىل تاپقان غازاتچىلار تەشكىلاتى ئەڭ مۇھىم تاشقى ياردەمنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى خاتىپ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالى ياكى ئىئوردانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كەلگەن بېدۇئىنلاردىن.②

1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا، چېچىنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قوماندانى ئازەربەيجاندىكى باشقا كاۋكاز پىدائىيلىرى تاغلىق رايوندىكى مەشىق لاگېرىدا ئىزچىل ھالدا رۇس دۈشمەنلىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا دېدى.③

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1996 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، چېچىنىيە چېگرىسى سىرتىدىكى غازاتچىلار ئافغانىستاننىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، چېچىنىيىدىكى يادرولۇق كۈچلەرنى تېخنىكىلىق تەربىيىلەشنى تۈگەتكەن. بۇ كۈچلەر ئىچىدە ھەم پېشقەدەم غازاتچىلار (كۆپ قىسمى ئافغانىستانلىق كونا ئەسكەرلەر) ھەم چېچىنىيىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرى بار بولۇپ، مۆلچەردىكى ئۇرۇش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تاقابىل تۇرۇش ھەمدە تېھران ۋە خارتوم بىلەن بىردەك ماسلىشىش

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 297 - بەت.

② «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 299 - بەت.

③ «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى» 299 - بەت.

ئۇچۇن، تەخمىنەن 600 نەپەر غازاتچى (ئاساسلىقى ئافغانلار ۋە چېچەنلەر) تېهراندىكى ئاخبارات ئاپپاراتى ۋە سۇداندىكى خېزبۇللاختا تەربىيىلەنگەندىن كېيىن چېچىنيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

پۇتكۇل چېچىنيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، لىۋىيە مەخپىي هالدا نۇرغۇن دوللار ئەۋەتكەن. كۆپ قىسىم مەبلەغ تۈركىيە ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن، تۈركىيە ئىلگىرىكى شەرقىي گېرمانىيە قورال - ياراغ ئامبىرىدىن نۇرغۇن مىقداردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى سېتىۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى چېچىنيىگە ئەۋەتىلگەن. قورال - ياراغلارنى هاۋا ئارقىلىق توشۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، تۈركىيە يەنە كوردىستاننىڭ بېتلىس رايونىدىكى بىر ئايرودرومنى ئېچىۋەتكەن[①].

...... ...

چەت ئەللەردىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى پاش قىلغان يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەسلىيەتچى كۈچلىرى چېچىنيىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، رۇسىيىدە ئەسلىيەتچىلىكنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئورتاق ئىسلام دىنى ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان ئىرقىي مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخقا ئىگە رايونلارنى تۇتاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان. بۇ ئىستراتېگىيىلىك نىشان بىلەن چېچىنيە رەهبەرلىرىنىڭ نىشانى بىر يەردىن چىققان. چېچىنيە رەهبەرلىرىنىڭ نىشانى بىر مۇستەقىل ئىسلام چېچىنيىسى قۇرۇش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار نەزىرىنى يىراققا تىكىپ، «ئىسلامىيەت قىممەت قارىشى ۋە قانۇنىنى

① يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 306 ـ، 308 ـ بەتلەر.

ئاساس قىلغان بىر دۆلەت» قۇرۇشقا بەل باغلىغان ھەم بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدە پۈتكۈل كاۋكازدا ئىسلامىيەت ئىنقىلابىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدىغان بازا بولۇپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتقان. خەلقئارا ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى چېچېنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقى، مەبلەغ جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكى ھەمدە ئىسلام «غازاتچىلىرى» نى چېچېنىيىگە ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكتىن چېچېنىيىدىكى قانۇنسىز قوراللىق كۈچلەر چەت ئەللەردىكى ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، تەۋەككۈل پەيدا قىلىپ، توپىلاڭ قوزغاشقا جۈرئەت قىلغان.

## *زوراۋان - تېررورلۇقنىڭ مانېۋىر مەيدانى*

مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن ئىسلام ئەسەبىيلىكىنىڭ بىرلىشىشى مۇقەررەر ھالدا زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا چېچېنىيە ئۇرۇشىنىڭ شەكلى ئاساسلىقى تېررورلۇقتا - زوراۋان تېررورلۇق ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

چېچېنىيىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، چېچېنىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق بۆلۈشۈۋېلىش كۈرىشى پارتلىدى. باسايېف ، دۇدايېف، بالايېف، گېلايېف قاتارلىق ھەربىي باشلىقلار چېچېنىيىدە خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىپ، مىلىتارىسلىق تەپرىقچىلىق ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تىزگىنلىگەن چېچېنىيىدە قانۇن ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، كىشىلەر ئۆي - ماكانسىز قالدى. جىنايى

ھەرىكەتلەر ئەۋجىگە چىقتى. بۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە:

**ئۇچىغا چىققان تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىش**

گروزنى كاسپىي دېڭىزنىڭ نېفىتىنى ياۋروپاغا ۋە رۇسىيىگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە چوقۇم ئۆتىدىغان تۈگۈن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. 1994 - يىلى دۇدايېف قارا قوللار پارتىيىسى ۋە رۇسىيىدىكى ئالىي ئاخبارات تارمىقى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئارقىلىق، دۇدايېف چېچېنىيىدىن ئۆتىدىغان نېفىت گازى تۇرۇبىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كۆرۈنمەس تەھدىت پەيدا قىلدى، دېگەن بىر خەۋەرنى تارقاتقان. ناھايىتى ئېنىقكى، نېفىت گازى تۇرۇبىسى رۇسىيە ئېنېرگىيىسىنىڭ تولۇقلىما لىنىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، رۇسىيە ئىقتىسادىغا ھالاكەتلىك تەسىر كۆرسەتتى. رۇسىيە دائىرىلىرى نېفىت گازى تۇرۇبىسىنىڭ «گۆرۈگە ئېلىنىشى» دىن ئىبارەت ئۇزاق مۇددەتلىك تەھدىت ئالدىدا، بىر تەرەپتىن چۆچۈسە، يەنە بىر تەرەپتىن بېسىم ھېس قىلدى. ناۋادا قىستىسا دۇدايېفنىڭ بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن قورقتى. بۇ رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ چېچېنىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۇزاققىچە قەتئىي نىيەتكە كېلەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى. بۇندىن باشقا، 1995 - يىلى 11 - ئايدا شامىر باسايېف دۇدايېفنىڭ قارا قوللار پارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇنجى قېتىم مەشھۇر يادرو تېررورلۇقى ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇ موسكۋانىڭ مەركىزىي رايونىغا بىرنەچچە خالتا رادىئاتسىيىلىك ماددا (ئاساسىي جەھەتتىن زىيانسىز) نى كۆمۈپ قويۇپ، ئاندىن رۇسىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق بىر كۆمۈلگەن نۇقتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۇلاپ كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق رۇسىيە دائىرىلىرى

ۋە پۇقرالارغا ئالاقزادىلىك ئېلىپ كېلىشنى پىلانلىغان①.

**پارتلىتىش دېلوسى پەيدا قىلىش** 1995 - يىلى 10-ئايدا رۇسلارنى 7 - ئايدا رۇسىيە بىلەن چېچېنىيە ھاسىل قىلغان ئۇرۇش توختىتىشنىڭ دەسلەپكى كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلىشقا قوزغىتىش ئۇچۇن، قاتتىق تەربىيە ئالغان پارتلىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش مۇتەخەسسىسلىرى گىرۇزنىغا ئەۋەتىلىپ، گىرۇزنىداتۇرۇشلۇق رۇسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پىلانلىدى. 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى داغىستاندىكى كاسلىسكى ئۇنىۋېرسال ئولتۇراق رايونىدا بىر قېتىملىق زور پارتلاش يۈز بېرىپ، پۈتۈن بىر رەستە رايونى ۋەيران بولدى، بۇ يەردە رۇسىيە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. پارتلاشتا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 60 ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 10 ئۈسمۈر بار ئىدى. پارتلىتىش دېلوسىدىكى پۇقرالار ئۆلۈم-يېتىم سانىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تېررورچىلار پارتلىتىش دېلوسىنى ئۆزلىرىگە پىلانلىغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى.②.

**گۇناھسىز پۇقرالارنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈش**

غەربنىڭ ياردەم بېرىش ئاپپاراتلىرىنى چېچېنىيەدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاپ، ئىسلامىيەت تەرتىپىنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئورنىتىش ئۈچۈن، 1996 - يىلى 8 - ئايدا، يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان بىر نەچچە بۇلاڭچى ئىنىۋۇنا ئاتاگىنىنىڭ ICRC تۇرالغۇسىغا كىرىپ، خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئالتە نەپەر قۇتقۇزۇش خادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەشى ئايال ئىدى. بۇ بىر قېتىملىق كەسپىي قاتىللىق

---

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 294 -، 302 - بەتلەر.

② «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 312 -، 316 - بەتلەر.

ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئادەم ئۆلتۈرۈش بولۇپ، ئۆلگۈچىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئاۋازسىز تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. تېررورچىلار چەت ئەللىكلەرنى ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، چېچىنىيىدە ياشاۋاتقان رۇسلارنىمۇ ئۆلتۈردى. گىروزنى شەھەر مەركىزىدىكى ئىككى ئائىلىدىكى ئالتە نەپەر رۇس پۇقراسىنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچىلەر كەسپىي قاتىللار بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا ئاۋازسىز تاپانچا ۋە بوكتۇرمە مىلتىق بىلەن باش قىسمىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇزاقتىن بۇيان، چېچىنىيە رەھبەرلىرى ئىزچىل ھالدا شۇ يەردىكى رۇس ئاھالىسىنى قوغلىۋېتىش كويىدا بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئادەملەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشىغا توسقۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رۇسىيىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان رۇسلارنى قوغداش نامى بىلەن ئارىلىشىشىنى كۈچەيتىشىنىڭ يوشۇرۇن باھانىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ قارىغان①.

**گورۇگە ئېلىش** رۇسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، تېررورچىلار ھەر يىلى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدە 10 مىليون دوللارغا يېقىن كىرىم قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن بۇلاش، تۇتقۇن قىلىشنىڭ غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى تىپىك مىسالنىلا كۆرسىتىمىز. بىرىنچى مىسال: 1995 - يىلى 6 - ئايدا، باسايېف تېررورچىلارنى باشلاپ رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى دورنوۋسكىدا بىر دوختۇرخانىنى تارتىۋېلىپ، 2500 ئادەمنى گۆرۈگە

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 307 - 308 - بەتلەر.

ئېلىنىۋالغان. ئۇزاققىچە قورشىۋېلىش ۋە نەچچە قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىز ھۇجۇمدىن كېيىن رۇسىيە تەرەپ گۆرۈگە ئېلىنغانلارنىڭ بىخەتەرلىكى بەدىلىگە تېررورچىلارنىڭ بىخەتەر چېكىنىپ چىقىشىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئاز كەم 150 ئادەم ئۆلگەن. ۋەقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چېچېنلار بىلەن رۇسىيە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا دەسلەپكى كېلىشىم ئىمزالىغان. ئىككىنچى مىسال: 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە دۇداييېف ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى رادايېفنى «تەنھا بۆرە» تېررورلۇق كۈچلىرىنى باشلاپ داغىستاننىڭ ئېجىزلىيار دېگەن يېرىدىكى ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، شۇ ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىنى تارتىۋالغان ۋە 2000 ئادەمنى گۆرۈگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرقانچە چېچېندىن تەركىب تاپقان تېررورچى ئەترەت تۈركىيىدىكى ترابازۇندا رۇسىيىنىڭ بىر كىچىك پاراخوتىنى تارتىۋالغان ۋە پاراخوتتىكى 120 نەپەر يولۇچى ۋە 45 نەپەر پاراخوت خادىمىنى گۆرۈگە ئېلىۋالغان. ①

قورال - ياراغ ئەتكەسچىلىكى قىلىش چېچېنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرى ھەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي لاۋازىمات ئامبىرىدىن، ھەم پاكىستان، گېرمانىيە (سابىق شەرقىي گېرمانىيە قورال - ياراغ ئامبىرى) لىتۋا، موڭغۇلىيە، تۈركىيە ۋە باشقا تېخى ئېنىقلانمىغان جايلاردىن كەلگەن بولۇپ، قورال - ياراغلارنى توشۇشتا، بىرىنچىدىن، تۈركىيىدىكى كوردىستاننىڭ بېتېلىس ئايرودرومىغا تايانغان؛ ئىككىنچىدىن، ئەزەربەيجاننىڭ ناشاسىنايا ئايرودرومى ۋە زابلات 2 - كەنتىدىكى تىك ئۇچار ئايروپىلان بازىسىغا ياتانغان؛ ئۈچىنچىدىن، چېچېنىيىدىكى

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 301 -، 303 - بەتلەر.

سالى بازىسىغا تايانغان. بەزى ئەڭ مۇھىم ماللار ۋە يولۇچىلار (ئەسەبىيلەرنىڭ باشلىقلىرى) ئادەتتە سالى ئارقىلىق توشۇلغان. تېررورچىلار يۇقىرىدىكى ئايرودروملار ئارقىلىق كۆپ لىنىيىلىك ھاۋا كارىدورىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تۆۋەن بوشلۇقتا ئۇچۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قورال - ياراغلارنىڭ توشۇلۇشىنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. ①

زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەش چېچېنىيىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەش كۆلىمى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. 1990 - يىلىدىن باشلاپ تېررورچىلار قاتناش تورىدىن پايدىلىنىپ چېچېنىيىگە «غازاتچىلار» ۋە قورال - ياراغ توشۇپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۇشۇ توردىن پايدىلىنىپ، زەھەرلىك چېكىملىكنى چېچېنىيىدىن يۆتكەپ چىقىپ، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ پايدىسى بىلەن «غازات» قا ياردەم بەرگەن ۋە «غازات» قوماندانلىرىنى باققان. مەسىلەن، 1993- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، سامىر ۋە شىرۋان باسايېف ئاكا- ئۇكىلار كونترول قىلىدىغان «ئابغاز لىنىيىسى» دە ئىزچىل ھالدا زەھەرلىك چېكىملىك توشۇلغان. ئاكا - ئۇكا باسايېفلار ئابخازدىكى چېچېنىيە غازىتى پىدائىيلىرىنىڭ داھىيسى بولۇپ، ئۇلار يەرلىك مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرىنىڭ خادىملىرى بىلەن ئوبدان مۇناسىۋەت ئورناتقان. باسايېف ئاكا - ئۇكىلار پاكىستان ۋە ئافغانىستاندا قولغا چۈشۈرگەن زەھەرلىك چېكىملىكلىرىنى MG - 6 تىپلىق تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن چېچېنىيىنىڭ ۋېنجېرىسكى رايونىدىن يېڭى ئافىنادىكى تىك ئۇچار ئايروپىلان ئىستانسىسىغا يۆتكەيدىكەن، ئاندىن كېيىن ئابخازىيىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرى بۇ زەھەرلىك

---

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 308 - 309 - بەتلەر.

چېكىملىكنى يېڭى ئافىنادىن يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن قارا دېڭىزدىكى سوخۇمى پورتىغا يۆتكەيدىكەن، ئۇنى تۈركىيىنىڭ پاراخوتلىرى ئۇ يەردىن شىمالىي سىپرۇستىكى فاماگۇستا پورتىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، ئۇ يەردىكى زەھەر رەۋەندىلىرى ئۆتكۈزۈۋالىدىكەن. قايتىپ كەلگەندە، پاراخوت، يۈك ئاپتوموبىلى ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانلار تۈركىيە ئاخبارات ئاپپاراتلىرى باسايبۇقا تەييارلاپ قويغان قورال - ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى بېسىپ كېلىدىكەن. ①

چېچېنىيە تېررورچىلىرىنىڭ پەقەت زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈردىلا ئېرىشكەن پايدىسى بىر مىليارد دوللارغا يەتكەن. زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى، بىر تەرەپتىن، «غازات»قا ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكىتىگە كېتىدىغان غايەت زور چىقىمغا مەدەت بەرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چېچېنىيە ۋە پۈتكۈل رۇسىيىگە ئېغىر ئىجتىمائىي زىيان ئېلىپ كەلگەن . ②

*ساختا پۇل ياساش ۋە يۆتكەش* 1995 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىران ئىنتايىن ئەرزان باھادا چېچېنىيە تېررورچىلىرىنى 30 مىليوندىن ئارتۇق ساختا ئامېرىكا دوللىرى بىلەن تەمىنلىگەن. چېچېنىيە تېررورچىلىرى بۇ ساختا پۇلنىڭ رۇسىيىگە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى باشقا رايونلارغا تارقىلىشىمۇ بىر خىل ئۇرۇش، دەپ قارىغان. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چېچېنىيە تېررورچىلىرى، ئاز بولغاندىمۇ، ئىراندا ياسالغان 26 مىليون ساختا ئامېرىكا دوللىرىنى رۇسىيىگە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە تارقىتىپ، رۇسىيىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىگە غايەت

---

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 307 ـ 308 ـ بەتلەر.
② روسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى.

زور زىيان يەتكۈزگەن. بۇ دەسلەپكى تەۋەككۈلچىلىك چېچېنىيە تېررورچىلىرىنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ يوغىنىتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن. ئۇلار ساختا پۇل تارقىتىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.①

ناھايىتى ئېنىقكى، چېچېنىيە ھازىر تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەر يىغىلغان جايغا، خەلقئارا تېررورچىلارنىڭ «كۆڭۈل ئاچىدىغان باغچىسى» غا ۋە زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ مانېۋىر مەيدانىغا ئايلانغان. چېچېنىيە خەلقئارا تېررورچىلار توپلىنىدىغان ھەم باشقا ياقلارغا تارقىلىدىغان جاي. شىنجاڭدىكى «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرىمۇ چېچېنىيىدە تېررورلۇق تەربىيىسى ئالغان ھەمدە شىنجاڭغا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلگەن.

مىللىي، دىنىي توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان چېچېنىيە زوراۋانلىق ـ تېررورچىلىقى ئاز دېگەندە بىزگە مۇنداق ئۈچ تۈقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

بىرىنچى، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش، ئالاھىدە قاراش، ئالاھىدە ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، ئۆتكۈرلۈكى، تەكرارلىنىشچانلىقى ۋە خەلقئارالىقىنى ئۇنتۇپ، ئاددىي، قوپال، ئېھتىياتسىز مىللىي سىياسەت قوللىنىپ، بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەنلا مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش، مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغاندا، مۇقەررەر ھالدا مىللەتلەرنىڭ غۇرۇرىغا ۋە مىللىي ھېسسىياتىغا ئېغىر زەربە بېرىلىدۇ ـ دە، مىللىي مۇناسىۋەت يامانلىشىپ بىرلىككە

① «خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 309 ـ 310 ـ بەتلەر.

كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك يوشۇرۇن ئاپەت ساقلىنىپ قالىدۇ. ۋاقىتلىق، يۈزەكى جىمجىتلىق ھەمىشە ئۇزاق مۇددەتلىك، يوشۇرۇن، چوڭقۇر دولقۇننى يېپىپ قالىدۇ. مۇۋاپىق مۇھىت يارىتىلسىلا، ئۆتكۈر مىللىي زىددىيەت چوقچىيىپ چىقىپ قالىدۇ. كىشىلەر تەئەججۇپلىنىش، ھەيران قېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، چوڭقۇر ئويلانسىلا، بۇنداق بولۇشنىڭ تاسادىپىي ئەمەسلىكى، قاچانلا بولمىسۇن يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مىللەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى ياكى قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبەسى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت بۇ خىل تاسادىپىي ئۆزگىرىشنى كېچىكتۈرۈپ ياكى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چېككە چۈشۈرۈشتۇر.

ئىككىنچى، چېچېنىيە ۋەقەسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئومۇمەن ئىسلام ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرى پىلانلىغان توپىلاڭ ياكى زوراۋان - تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىش دائىرىسى، چېتىلىش ئوبيېكتى قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن جۇغراپىيىلىك تېررىتورىيىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتىدۇ، ئۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك بولىدۇ. مەيلى كوسوۋودا بولسۇن ياكى چېچېنىيە، ئافغانىستاندا بولسۇن، ئىسلام ئەسەبىي ئۇنسۇرلىرى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى يەرلىك خەلق ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن خېلى كۆپ ساندىكى «غازات» چى پىدائىيلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ يەردە ئىرق، دۆلەت تەۋەلىكى ۋە جىنىس ئايرىمىسى قوشۇمچە ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇرچ تۇيغۇسى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىدىن سىياسىي قارا نىيەتلەر، ئۇرۇش غالجىرلىرى ئىنتايىن ئاسانلا پايدىلىنىپ، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرگە

ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەرگە ئوت ئېچىپ، ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. چېچىنىيىدىكى دۇدايېف دەل مۇشۇ نۇقتىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىپ، 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتمەيدىغان، نەچچە يۈز مىڭ چېچىن بار ئالىقاندەك زېمىندا چېكىدىن ئاشقان تەتۈر دولقۇن قوزغاپ رۇسىيە قوشۇنلىرىنى ھالسىرىتىپ، ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراتتى. ئۇلار ھازىرمۇ جاھىللىق بىلەن قارشىلاشماقتا.

قانداق قىلغاندا مىللىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەرگە قارىتا ئۇزاق مۇددەت ئىز قوغلاپ ئالدىن مەلۇم قىلىش سىستېمىسى ئورناتقىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغان دۆلەت خەۋپسىزلىك قوشۇنى قۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۆز ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ھالدا پسىخولوگىيە جېڭى بويىچە قايتۇرما زەربە بېرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە قوللىشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا خەلقئارادا تېررورچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاپپاراتىنى ئورناتقىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا دۆلەت ئىچىدە مۇۋاپىق، ئۆز يارىشىقىدا پسىخولوگىيە جېڭى تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق توپىلاڭچىلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ، ئارمىيە، خەلقنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش ئېڭىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا توپىلاڭچىلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك، كۈچلۈك پسىخولوگىيە جېڭى ئېلىپ بارغىلى، قوراللىق تېررورچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش پسىخىكىسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى بولىدۇ؟ بۇلار خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ تەتقىق قىلىدىغان تېما بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن دىنىي

ئەسەبىيلىكنىڭ بىرلىشىشى مۇقەررەر ھالدا زوراۋانلىق - تېررورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ چېچىنىيە ۋەقەسىدە ئىسپاتلىنىپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى «شەرقىي تۈركىستان» ھەرىكىتىدىمۇ ئىسپاتلاندى. گەرچە تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا ھازىرقى دەۋردىكى ئاساسىي ئېقىم بولسىمۇ، لېكىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى يەنە بىر تەتۈر ئېقىم، يەنى ئۇ بولسىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق - تېررورچىلىقنى ۋەكىل قىلغان دۇنيا تىنچلىقىنى بۇزىدىغان ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان رەزىل كۈچلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى كەسكىن ۋەزىيەت، بولۇپمۇ «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ئاممىۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ كۆز بۆلۈشى ۋە دىققەت قىلىشىنى، ئارقا - ئارقىدىن تەدبىر قوللىنىپ خەلقئارا تېررورچىلىق ھەرىكىتىنى توسۇشى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەيلى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بولسۇن ياكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تېررورچىلىق بىلەن زىچ باغلىنىشى بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۈچ خىل كۈچنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە نىشانى ئانچە ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما ۋاسىتىسى كىشىنى ئەجەبلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە ئوخشىشىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، زوراۋانلىق - تېررورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش، دۆلەتتىن ھوقۇق تارتىۋېلىش، تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، خەلققە زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىگە يېتىش. تېررورچىلىققا زەربە بېرىشنىڭ توغرىلىقىدا گەپ يوق، ئەمما مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى شەكىللەندۈرىدىغان مەنبەنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتمىغاندا، تېررورچىلىق يەنە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ تەرەپتىن

زەربە بېرىلسە، ئۇ تەرەپتىن پەيدا بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنىۋى جەھەتتىكى ۋە تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەر بىر ھالقىدا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇش زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشكە قارىغاندا تېخىمۇ جاپالىق، تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ، تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېكولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى دىشىنكوف رۇسىيە «ئەمگەك» گېزىتى (2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى) دە ئېلان قىلىنغان «قانداق قىلغاندا 3 - قېتىملىق چېچېنىيە ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە چېچېنىيىنى ئۇرۇشتىن كېيىن قايتا قۇرۇشنىڭ 10 نۇقتىلىق پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار:

بىرىنچى، چېچېنىيە مۇستەقىللىقى بىلەن خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى نەرسە. زوڭتوڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، چېچېنىيە خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش كېرەك. دۆلەتنى ھەربىي ئەمەس، گىراژدان باشقۇرۇشى لازىم.

ئىككىنچى، پۈتۈن رۇسىيىدە تېزلىكتە بىر مەيدان چېچېنىيىگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قوزغاش كېرەك. نۇرغۇن رۇس ئائىلىلىرى ئېشىنچا نەرسىلىرى ۋە پۇلى بىلەن چېچېنلارغا ياردەم بېرىشى ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشى كېرەك. ئۇرۇش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان چېچېنىيىلىكلەر ھەم تىنچلىققا، ھەم ماددىي جەھەتتىن قۇتقۇزۇشقا موھتاج.

ئۈچىنچى، چېچېنىيە خەلقىنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى چۈشكۈنلۈكتىن خالاس قىلىش لازىم. پايتەخت گروزنىنى قايتا قۇرۇش كېرەك. گروزنى چېچېنىيىنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا

ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، چېچېنىيىنىڭ زامانىۋىلاشقان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى.

تۆتىنچى، چېچېنىيە خەلقىدە يېڭىۋاشتىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇش، ئۆزلىرىنىڭ قايتا قۇرۇش لايىھىسىنى (بۇ لايىھە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان تەقدىردىمۇ) سىرتقى كۈچ ئەمەس، ئۆزلىرى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

بەشىنچى، رۇسىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى چېچېنىيە قانىلى تەسىس قىلىشى كېرەك، چۈنكى چېچېنىيە مەسىلىسى مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ، رۇسىيە ئۈچۈن بىر سىناق.

ئالتىنچى، ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ئاھالىگە ئىنسانپەرۋەرلىك پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىش، قوراللىق ئۇنسۇرلارغا مۇئامىلە قىلىشتا خەلقئارا قانۇن ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىش كېرەك.

يەتتىنچى، رۇسىيىدىكى بەزى سىياسىئونلارنىڭ چېچېنىيە مۇستەقىللىقىنى ئاشكارا مۇراجىئەت قىلىشىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن توسۇش كېرەك.

سەككىزىنچى، جىددىي تەدبىر قوللىنىپ خەلقئارادا رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، چېچېنىيە ۋەزىيىتىنى نوپۇزلۇق ھالدا ئىزاھلاش كېرەك.

توققۇزىنچى، چوقۇم سوتقا تارتىلىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىش كېرەك.

ئونىنچى، چېچېنلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش، ئۇلارنى ياۋايى تاغلىقلار دېمەسلىك لازىم.

بۇ ئىنسانشۇناس بۇ مەسىلىگە قارىتا سىياسىي جەھەتتىن ياكى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ئىزدەنمىگەن. ئۇ مىللىي مەسىلىنىڭ ئۆتكۈر زىددىيىتىنى ئىنسانپەرۋەرلىك

نۇقتىسىدىن، مىللەت پىسخىكىسى جەھەتتىن قول سېلىپ تەسكىن تاپتۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان. بۇ پىرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، چېچىنىيە خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى قاتارلىقلار. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، بۇ بىر قېتىملىق پايدىلىق ئىزدىنىش.

چېچىنىيە كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەن. چېچىنلار كۆندۈرگىلى بولمايدىغان توسۇن ئات. ئۇلار چەبدەس، باتۇر، بىراق تەلىيى تولىمۇ كاج. ئۇلار چار رۇسىيە دەۋرىدە قىرغىن قىلىنغان، سوۋېت دەۋرىدە كوللېكتىپ سۈرگۈن قىلىنغان. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا، چېچىنلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋان تېررورلۇق چېچىن خەلقىنىڭ ھەقىقىي تراگېدىيىسى بولدى!

# 11. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

*«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقى دېگەن نېمە؟ قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى بايراق ۋە پروگرامما قىلىپ ھەرىكەت قىلىدىغان تېررورچىلىق.*

*فەن جىبىڭ*

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى بايراق، پروگرامما قىلىپ، ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان تېررورچىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا باشلىنىپ 80 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دىنىي ئەسەبىيلىك تۈسىنى ئالدى. 90 ـ يىللاردىن باشلاپ تېررورچىلىق يولىغا ماڭدى. ئۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى بىر گەۋدە قىلغان قەبىھ كۈچ، شۇنداقلا دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى ۋاستە قىلىپ، شىنجاڭنى ۋەتەندىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدىغان، ئۇچىغا چىققان مىللەتچىلىكتۇر.

## ئىككى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چېگراغا جايلاشقان شىنجاڭدا سىياسىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر ئىزدا توختاپ قالغان بولۇپ، سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇراتتى، 30 ـ، 40 ـ يىللارغا كەلگەندە مىلىتارىستلارنىڭ ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى، مىللەتلەر ئارىسىدىكى قىرغىنچىلىق ۋە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن شىنجاڭ ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دىن ئىككىسى بارلىققا كەلدى. مانا بۇ بۈگۈنكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىدۇر.

«شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىشىگە چەت ئەلدىكى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى سەۋەبچى بولغان بولۇپ، ھازىر ئىگىلىگەن ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيىلىك ئەخمەت كامال 1914 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئاتۇش شەھىرىگە كىرىپ، مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلغان، شىنجاڭدىكى ئەڭ بېشقەدەم پانتۈركىزمچى مەسئۇد تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. 1915 ـ يىلى يۇرتى ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، تۈركىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، پانتۈركىزمنى تارقاتقان. ئاتۇشلۇق سابىت داموللا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيادا يۈرۈپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. قارا قاشلىق مۇھەممەتئىمىن بۇغرا دىنىي ئەسەبىيلىكتىن ھالقىپ، پانتۈركىزمچى، پانئىسلامىزمچىغا ئايلانغان. يېڭىسارلىق ئەيسا جۈڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى

پەرغانە كونسۇلخانىسىدا خىزمەت قىلغان ۋاقتىدا، شۇ جايدىكى ئۆزبېكلەردىن پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. بۇ كىشىلەر گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» نى كۈچەپ تەرغىب قىلغان.

1933 ـ يىلى ئەتىيازدا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى گەنسۇلۇق مىلىتارىست ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۆلكە مەركىزى دىخۇا (ئۈرۈمچى) غا ھۇجۇم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتسىز ھالەتكە ئۆتۈپ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، مارالۋېشى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇپ، ئۆزى پادىشاھ بولغان. كۈزدە خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ماسلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم بازار قەشقەرنى ئىگىلىگەن. 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پانتۈركىزمچىلار ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن قەشقەردە خوجىنىياز «رەئىس جۇمھۇر»، سابىت داموللا «باش ۋەكىل» بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى ئاشكارا قۇرۇپ، «بايرىقىمىز كۆك رەڭلىك بايراق، رەئىس جۇمھۇر مەھكىمىمىز ئالتۇن قەسىر، شەرقىي تۈركىستان تۈركلەرنىڭ دۆلىتى» دەپ جار سالدى. لېكىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان بۇ قورچاق ھاكىمىيەت خەلقنىڭ مەدىتىگە ئېرىشەلمەي بىرنەچچە ئايدىلا گۇمران بولدى.

1944 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالدى. مانا بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى». دۆر «ئۈچ

ۋىلايەت ئىنقىلابى» جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولۇش پەيتىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان باتۇرانە كۈرەش، شۇنداقلا ماۋ زېدۇڭ باھالىغاندەك «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى». لېكىن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمچىلار ئىگىلىۋالغانىدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ نامى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بايرىقىغا «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن شوئار يېزىلغانىدى. 40 ـ يىللاردا پانتۈركىزمچىلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. شىنجاڭدىكى كونا پانتۈركىزمچى مەسئۇد، مۇھەممەتئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. 1947 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، قۇرۇلۇش نازىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان كونا پانتۈركىزمچىلاردىن مەسئۇد، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسالار بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى بىر مەزگىل چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئېلىخان تۆرە شىنجاڭدىكى ئىككى لاگېرغا تەۋە بولسىمۇ، ئۇلار «ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام» دېگەننى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت بىرلىكى قىلغانىدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ئىككى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسى ۋە غەربنىڭ «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە

بارلىققا كەلگەن غەلىتە تۈرەلمە. ئالدىنقىسى غەرب جاھانگىرلىرى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ «مىللەت پرىنسىپى»نى ھالقا قىلىپ، جۇڭگونى پارچىلاش سۇيىقەستىنىڭ ئىپادىسى بولسا، كېيىنكىسى شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق شوۋىنىزمىنى مەقسەت قىلىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قول تىققانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان باسمىچىلار توپىلىڭىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا، ئۆز دۆلىتىدە بۇ ئىككى «ئىزم»نى قاتتىق مەنئى قىلغانىدى. لېكىن، ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ شىنجاڭغا كەلگەندە، بۇ ئىككى «ئىزم»نى بولۇشىغا قويۇۋەتتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلاندى.

## «شەرقىي تۈركىستان» — چەت ئەللىكلەرنىڭ شالغۇتى

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، دىن، مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئەتراپىدىكى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى بەزى مىللەتلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى، سىياسىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق نەزەرىيىسى» يۈز يىلدىن بۇيان، ياۋروپا، ئاسىيادا دەۋر سۈرگەن پانتۈركىزمنى يىلتىز قىلغان، يەنى پانتۈركىزم «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكىدۇر. پانتۈركىزم زامان، ماكاندىن ھالقىغان بىكىك ئاڭ

فورماتسىيىسى، تار مەنىدىكى يەكلىمىلىككە ئىگە ئېرقىي شوۋىنىزم، ئاقسۆڭەكلەرگە خاس چىرىكلەشكەن، چۈشكۈنلەشكەن «سەرخىل» مەدەنىيەتتۇر. تارىخنى توقۇش، ئويدۇرۇش، قوشۇۋېتىش، پەرەز قىلىش، مۇبالىغىلەشتۇرۇش ۋە ۋاستە قىلىش ئۇلارنىڭ دائىملىق ئۇسۇلى، ئۇلار «تۈرك»، «تۈركلەر»، «تۈركىستان»، «شەرقىي تۈركىستان» ئۇقۇملىرىنى بەكلا قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ ئۇقۇملارنى ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئاسان ئەمەس. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەردى. لېكىن، بۇ چۈشەنچىلەر جايىدا بولمىدى. بۇ ناھايىتى كەسكىن خىزمەت. ئۇنى ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك، بولمىسا ئاڭلىغۇچىلار قايمۇقۇپ قالىدۇ.

تۈرك قەدىمكى زاماندىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ، تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغان. تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئەڭ كەڭ بولغاندا شەرقتە لياۋشۇي دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغا تۇتىشاتتى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قىلىپ، ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، نەچچەت تۈمەن مۇساپىلىق زېمىنى بار، نەچچە يۈز مىليون ئاھالىگە ئىگە ئاتالمىش «بۈيۈك تۈرك مىللىتى» پانتۈركىزمچىلار توقۇپ چىققان ئەپسانە بولۇپ، چەت ئەلنىڭ «تۈرك مىللىتى»نى تەشۋىق قىلىشىدا باشقىچە غەرىزى بار. بىزنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىمىزمۇ بەزىدە «تۈرك مىللىتى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ قالىدۇ («يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2001 ـ

يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەلىتە جاي» ناملىق ماقالىگە قاراڭ). بۇ تارىخنى بىلمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى.

**تۈركلەر** «تۈركلەر» «تۈرك مىللىتى» دېگەن ئاتالغۇ قاتارىدا پانتۈركىزمچىلار تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ قالايمىقان قوللىنىلىدىغان ئۇقۇم، «تۈركلەر»، «تۈركچە سۆزلەيدىغان كىشىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تارىختىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىردە ئەرەبلەر ياۋروپا، ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تۈرك قەبىلىسىنىڭ تىلىغا ئوخشاش سۆزلەيدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ كىشىلەرنى ئەسەرلىرىدە «تۈركلەر» دەپ ئاتاشقا باشلىغان. تىل مىللەت بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئىككىسى باراۋەر ئەمەس. تىلشۇناسلار تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەرخىل تىللارنى تىل سىستېمىسى، تىل تارمىقى ۋە تىل گۇرۇپپىسىغا ئايرىيدۇ. مۇشۇ بويىچە تۈركىي تىلغا ئايرىغاندا، بۈگۈنكى ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، ئۆزبېك تىلى، تۈركمەن تىلى، تاتار تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، باشقىرت تىلى، تۈرك تىلى قاتارلىق ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە نەچچە ئون خىل تىل بار بولغان بولىدۇ. تىلشۇناسلار بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى «تۈركىي تىللىق مىللەتلەر» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، مىللەتشۇناسلىق مەنىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن زامانىۋى «تۈرك مىللىتى» ۋە «تۈركلەر» مەۋجۇت ئەمەس.

**تۈركىستان** بۇ يەردىكى «ستان» سۆزى پارسچە سۆز بولۇپ، «تۇرغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «تۈركىستان» ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ئىران ـ تاجىك خەلقىنىڭ ئۆز تىلىغا ئوخشىمايدىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان شىماللىق قوشنىلىرى ياشاۋاتقان جايىنى

ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىشىدىن كەلگەن بولۇپ، «تۈركلەر» سۆ، ئوتلاق قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرىدىغان جايى بولمىغان. شۇڭا، ئاتالمىش «تۈركىستان» ئاتالغۇسى شاڭگىلىلاغا ئوخشاش تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇدىن ئىبارەت. لېكىن، بۇ ئۇقۇم ئەرەبلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە يەتكۈزۈلگەن ھەمدە ياۋروپا ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. 19 ـ ئەسىردە چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، يېڭى ئىگىلىگەن زېمىنىدا «تۈركىستان گوبېرناتور مەھكىمىسى»نى قۇرغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئەسلىدىكى «تۈركىستان گوبېرناتور مەھكىمىسى»گە قاراشلىق رايونلاردا «تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى «تۈركىستان» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يەتكەن. سوۋېتلىق جۇغراپىيەشۇناس مۇرزايېف كۆرسەتكىنىدەك «‹تۈركىستان› دېگەن بۇ نام مۇۋاپىق دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئەمەس. شۇڭا، 1924 ـ يىلى مىللەتلەر تەركىبى ئايرىلغاندىن كېيىن، ‹تۈركىستان› دېگەن نامنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن نام قوللىنىلغان».

**شەرقىي تۈركىستان** 18 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، رۇسىيە ۋە ياۋروپادىكى بەزى كىشىلەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي تۈركىستاندىن پەرقلەندۈرگەن (بۇ تارىختىكى تۈرك قاغانلىقىنى شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك دەپ ئايرىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز). 1927 ـ يىلى رۇسىيىلىك

چىمكوۋىسكى شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «چىنى تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش تەكلىپىنى بەرگەن. 1829 ـ يىلى روسىيىلىك بىچۇرىن ماقالە يېزىپ بۇ تەكلىپكە قارشى تۇرغان، كېيىن شەرقىي تۈركىستان ۋە چىنى تۈركىستان دېگەن ئىككى نام رۇسىيە ۋە غەرب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ قوللىنىلغان. پانتۈركىزم ئىدىيىسى كىرىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئۇقۇم ئەسلا يوق ئىدى. ئۇيغۇر تارىخشۇناسى موللا مۇساسايرامى ناھايىتى بىلىملىك ئالىم بولۇپ، 1904 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «تارىخى ھەمىدى» دېگەن كىتابىدا شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسىنى ئەتراپلىق بايان قىلغان. ئەمما، «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنى تىلغا ئالمىغان. «شەرقىي تۈركىستان» چىلار ۋەتەننى پارچىلاش ئۈچۈن، «شەرقىي تۈركىستان» نى «ۋەتىنىمىز» دەپ كېسىپ ئېيتىۋاتىدۇ. بۇ سۆز چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان شالۋاق بولۇپ، ئەجدادىنى ئۇنتۇغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

## «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ دىنىي جەھەتتىن ئەسەبىيلىشىشى، تېررورلىشىشى

تارىختا پانتۈركىزم بىلەن پانئىسلامىزم ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر ـ بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بىر مەزگىل يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان بۇ كۈچ 80 ـ يىللاردا ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، بۇ كۈچ دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دىنىي ئەسەبىيلىك بولغا ماڭدى. پۈتكۈل 80 ـ يىللاردا بۇ كۈچنىڭ

قۇتراتتىشى ئارقىسىدا دىنىي قارشىلىق، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر يامراپ كەتتى. دىنىي ئەسەبىيلىك نەتىجىسىدە يېزا - كەنتلەردىن شەھەر - بازارلارغىچە بولغان ھەممە جايىنى قويۇق تۇس ئالغان ئىنتايىن نورمالسىز دىنىي كەيپىيات قاپلاپ كەتتى. «شەرقىي تۈركىستان» چىلار قويۇق دىنىي كەيپىياتنى ۋاسىتە قىلىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. بىرقەدەر تىپىك بولغان دېلولار مۇنداق: 1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇلار قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر مەسچىتكە ئوت كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئەينى ئەھۋالدىن بىخەۋەر ئاممىنى قۇترىتىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. 1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى بىرقانچە مەسچىت ۋە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىكى دىندارلار ۋە بۇزۇقچىلار نەچچە مىڭ كىشىنى توپلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاتارلىق مۇھىم ئورگانلارغا بۆسۈپ كىرىپ، ئورگان كادىرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى جەڭچىلىرىدىن 154 كىشىنى يارىلاندۇردى.

90 - يىللارغا كەلگەندە شەرقىي ياۋروپادا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك دۇنيا مىقياسىدا يامرىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 15 جۇمھۇرىيەتكە، سابىق يۇگوسلاۋىيە بەش جۇمھۇرىيەتكە پارچىلاندى. بولۇپمۇ چېچىن بۆلگۈنچىلىرى، تېررورچىلىرىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى. «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى خۇددى روھلاندۇرۇش ئوكولى ئۇرۇلغاندەك بارغانسىرى جانلىنىپ كەتتى. 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلار قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ شىنجاڭ ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ، قوراللىق ساقچى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىمىزدىن سەككىز كىشىنى ئۆلتۈردى. يەتتە كىشىنى

ئېغىر يارىلاندۇردى. توپىلاڭچىلار قورالىق ساقچىمىزنىڭ بېشىنى پالتا بىلەن رەھىمسىزلەرچە كېسىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشى ئادەمنى غەزەپلەندۇرىدۇ. «بارىن ۋەقەسى» دىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى تېررورچىلىق يولىغا تېخىمۇ ماڭدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990-يىلىدىن 2001 - يىلىغا قەدەر، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىدىن200 نەچچىنى سادىر قىلىپ، 162 ئادەمنى ھاياتىدىن ئايرىغان، 440 نەچچە ئادەمنى يارىلاندۇرغان. ئۇلارنىڭ تېررورلۇق قىلىش ئۇسۇلى ئاساسلىقى:

### پارتلىتىش

— 1992 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 52 -، 30 - يول ئاپتوبۇسلىرى، سىنئالغۇ زالى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىنى پارتلاتقان، بۇ دېلودا ئۈچ ئادەم ئۆلگەن. 20 نەچچە ئادەم يارىلانغان (ئۈرۈمچى «5 - فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى).

— 1993 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قاتارلىق جايلاردا 10 قېتىم پارتلىتىش ۋەقەسى سادىر قىلىغان، بۇ دېلودا ئىككى ئادەم ئۆلۈپ 36 ئادەم يارىلانغان.

— 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 10 -، 44 -، 2 - يول ئاپتوبۇسلىرىدا بەش قېتىم پارتلىتىش دېلوسى سادىر قىلغان. بۇ دېلودا توققۇز ئادەم ئۆلدى، 68 ئادەم يارىلانغان (ئۈرۈمچى «25 - فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى).

— 1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ

30 - كۈنىگىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە ئالتە قېتىم پارتلىتىش دېلوسى سادىر قىلىغان. بۇ دېلودا ئۈچ ئادەم يارىلانغان. تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى پارتلاپ كەتكەن.

## قەستلەپ ئۆلتۈرۈش

— 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھاكىم سىدىق ھاجى ئۆلتۈرۈلدى.

— 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ جامەئەسىنىڭ ئىمامى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجى داموللا قەستلەندى.

— 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كۇچار ناھىيىسى ئالاقاغا يېزىلىق پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى قاۋۇل تۇقا ئائىلىسىدىكى بەش كىشى ئۆلتۈرۈلدى.

— 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پوسكام ناھىيە پوسكام يېزىلىق سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇدابەردى توختى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈلدى.

— 2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىككى خەنزۇ ئائىلىسىگە ھۇجۇم قىلىنىپ، يەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، ئىككى ئادەم يارىلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىك بالا ئىككى ياشتا ئىدى.

## ئوت قويۇش

— 1998 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 15 ئاۋات سودا سارىيىغا يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان خىمىيىلىك كۆيدۈرگۈچ بومبىدىن 40 نەچچىسى تاشلىنىپ ئوت قويۇۋېتىلدى.

## زەھەر سېلىش

ــــ 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 2ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە زەھەر سېلىش دېلوسىدىن 23 قېتىم يۈز بېرىپ، تۆت ئادەم زەھەرلەندى، بىر ئادەم ۋە نۇرغۇن چارۋا ئۆلدى.

## كەڭ كۆلەملىك مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش

1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ج خ ئورگىنىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇرۇش، چېقىش قالايمىقانچىلىقى يۈز بەردى.

ــــ 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، يەتتە ئادەم ئۆلدى، 200 نەچچە ئادەم يارىلاندى. 20 نەچچە ئاپتوموبىل كۆيۈپ كەتتى ۋە پاچاقلىۋېتىلدى (غۇلجا 5 ـ فېۋرال قالايمىقانچىلىقى).

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى «غازات» نى تەرغىب قىلىپ، «خەنزۇلارنى ئۆلتۈرىمىز»، «خائىنلارنى ئۆلتۈرىمىز» دەپ ئەسەبىيلەرچە جار سالدى. ئۇلار كەڭ تارقاتقان «دىن» كىتابچىسىدا، «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق دەپ جار سېلىشتى:

ــــ جىھاد قىلىپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ.

ــــ ئاللا يولىدا بىر قېتىم جىھاد قىلغانلار 60 يىل ناماز ئوقۇغاندىن ئارتۇق ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ــــ مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بىرىنچىدىن جىھاد قىلىش، ئىككىنچىدىن يەنە جىھاد قىلىش، ئۈچىنچىدىن يەنىلا جىھاد قىلىش.

ــــ قېرىنداشلىرىمىز ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قورقمايدۇ.

شۇغىنىسى خەنزۇلار ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ.

— ھەممە كىشى، جۇملىدىن ئۇسسۇلچى، شائىر، موللا، تارىخچى، زىيالىي ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈش يولىدىكى جىھادقا قاتنىشىشى كېرەك. جىھادقا قاتناشمىغان، كۆڭلىدە جىھادنى ئويلىمىغانلار مۇناپىقلارچە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

— جىھادنى توسماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە مەھكۇم.

ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئەسەبىيلەرچە، غالچىلارچە ئادەم ئۆلتۈرۈش «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررچىلىرىنىڭ «دىن»ى، بۇ خىل «دىن» ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان تېرروررچىلىقتىن ئىبارەت.

تېرروررچىلىق دېگەن نېمە؟ تېرروررچىلىق سىياسىي نىشانى ئېنىق بولغان (مىللەتلەرنى ئايرىۋېتىش، پارچىلاش، بۆلۈۋېتىش ياكى دىنىي جەھەتتىن ئەسەبىيلىشىش ۋە ياكى ھۆكۈمەتكە ، جەمئىيەتكە ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرۇشنى نىشان قىلغان) پارتىلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەھەر سېلىش، بۇلاش، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش قاتارلىق قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئاياللار، ياشانغانلار ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقرالار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارغا تەشكىللىك، پىلانلىق ھۇجۇم قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە تېرروررلۇق كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۇچۇرىنى كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈپ، رەزىل سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان پائالىيەتتىن ئىبارەت.

«شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ سىياسىي نىشانى شىنجاڭنى ۋەتەنىنىڭ قوينىدىن ئايرىۋېتىش.

«شەرقىي تۈركىستان» چىلار جىنايى ھەرىكەتلىرىنى

كۆكۆل قويۇپ تەشكىللەيدۇ ۋە پۇختا پىلانلايدۇ. مەسىلەن، ئۈرۈمچى «5 ـ فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى ۋە غۇلجا «5 ـ فېۋرال» قالايمىقانچىلىقى خەنزۇ ئاممىسى چاغان ئۆتكۈزۈۋاتقان خۇشال كۈنگە توغرىلانغان؛ ئۈرۈمچى «25 ـ فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى مەملىكەت بويىچە دىڭ شياۋپىڭنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان كۈنگە توغرىلانغان.

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىق پائالىيەتلىرى قوراللىق ساقچى ج خ كادىرلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى، شۇنداقلا ئادەتتىكى پۇقرالارنى نىشان قىلغان. ئۇلار ھەر مىللەتتىن بولغان ئاياللار، بالىلار ۋە ياشانغانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

«شەرقىي تۈركىستان» چىلار تۇغدۇرغان تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئادەتتىكى پۇقرالار ئارىسىدا تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلدى. بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە قېتىم ئاپتوبۇس پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىنى تېرروزلۇق كەيپىياتى قاپلاپ، جەمئىيەت ئامانلىقى بۇزۇلغان، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى زور زىيانغا ئۇچرىغان.

پولاتتەك پاكىتلار «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تېرروزچىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## «ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش» نى نىشان قىلغان زەربىدار ئەترەت

«شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىللىك يادروسى مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش بولۇپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى

چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى قوزغاپ كەلگەن. مىللىي بۆلگۈنچىلەر چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىنى بۆلۈۋېلىشىدىكى ئىچكى كۈچى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىككى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ياپون جاھانگىرلىكى قۇرغان «مانجۇرىيە دۆلىتى»، «مۇڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى» بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

يېرىم ئەسىرلىك تارىخ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزنى گۇمران قىلىش نىيىتىدىن زادىلا يانغىنى يوق. غايەت زور سوۋېت ئىتتىپاقى بىردەمدىلا پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ ھەممەيلەنگە ئورتاق ساۋاق. چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قارىشىچە «دۈشمەن»نىڭ «ئىچىدىن پارچىلىنىش»ىغا ئىلھام بېرىشنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچى «تىنچ ئۆزگەرتىش» ئۇسۇلىدىن كۈچلۈكرەك. يەنى جۇڭگونى ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېتقا ئوخشاش پارە - پارە قىلىپ بۆلۈپ تاشلاش؛ جۇڭگونى يۇگوسلاۋىيىگە ئوخشاش پارچىلىۋېتىش مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا، مەن شياڭگاڭ «ئۇچۇر گېزىتى»گە بېسىلغان بىر ماقالىدىكى «ئۇلار جۇڭگونى ‹غەربلەشتۈرۈش›، ‹پارچىلاش›تىكى مۇھىم نۇقتىنى ‹ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈۋېتىش›كە قاراتتى، ‹شەرقىي تۈركىستان›چىلار ‹خەلقئارانىڭ مەدەتى›گە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشماقتا» دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىق ۋەرەقىچىسىدە «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي نىشانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك»، «جەمئىيەتنىڭ ۋەيرانىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈر. چەت ئەللىكلەر كەلسە، پاسكىنا كوچىلار، بۇزۇلغان كۆۋرۈكلەر، نامرات مەھەللىلەر مۇستەملىكىچى-لەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتىكى پاكىت بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئاشكارا جار سالغان. 2001 - يىلى 8 -

ئايدا، «شەرقىي تۈركىستان» چىلار كۇچار ناھىيىسىدە تېررورلۇق ۋەقەسى تۇغدۇردى. شۋېيتسارىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» نىڭ باياناتچىسى دىلشات بۇ ئىشقا «مەسئۇل» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، «جىھاد تەشكىلاتى» نىڭ مەقسىتى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرى زىيارەتكە كەلگەن شياڭگاڭلىق سودىگەرلەرگە بەرگەن «شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش مىللىي مەسىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ» دېگەن ۋەدىسىگە ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئىبارەت دېگەن.

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى «خەلقئارانىڭ مەدىتى» گە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. ئۇلار چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونى «ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈۋېتىش» دىكى زەربىدار ئېتىرەت.

## ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىيىسى ۋە «ئۈچ خىل قەبىھ كۈچ»

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارا چوڭ مۇھىتنى يامانلاشتۇرۇۋەتكەن ئۈچ چوڭ يۆنىلىش كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. يەنى بىرىنچىدىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى يېڭى «دۈشمەن» ئىزدەۋاتىدۇ، جۇڭگو سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قىلغان پالۋانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قېلىۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك دۇنيا مىقياسىدا يامراۋاتىدۇ، سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن «چېچېنىيە كرىزىسى» ۋە يۇگوسلاۋىيە پارچىلانغاندىن كېيىن پارتلىغان كوسوۋو ئۇرۇشى

بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى. ئۈچىنچىدىن، ئەسەبىي ئىسلام ئەكسىيەتچىلىكى يامراپ كەتتى. ئافغانىستان تالىبانلىرىنىڭ خەلقئارا تېررورچىلارنىڭ چوڭ لاگىرىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى بۇنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.

ئافغانىستان غەربىي ئاسىياغا تەۋە. لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىياغا قوشنا بولغاچقا، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە غەربىي ئاسىيادىكى ئوتتۇرا شەرق رايونى، ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە كىچىك ئاسىيادىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئاز كەم 20 يىل داۋاملاشقان ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئەنسىرىتىپ كەلدى. «11 - سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە تالىبانلارغا قارىتىلغان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. ئافغانىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي ھالىتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، بىز «ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ھازىرقى زامان سىياسىي تەھلىلى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە ئافغانىستاننىڭ شىمالى بىلەن ئىراننىڭ شەرقىي شىمالى تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايلاردىن جەنۇبىي ئاسىيادىكى پاكىستان ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغىچە بولغان جايلاردىكى كۆپىنچە مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش. بۇ جايلار تارىختىن بۇيان بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت گىرەلەشكەن، تۇتاشقان جاي بولۇپ، شىمالدىكى يايلاقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زور «كۆچمەن دۆلەتلەر» بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، تېز قۇرۇلۇپ، تېز گۇمران بولغان، جەنۇبىدىكى بوستانلىقنى كۆپىنچە ئۇششاق دۆلەتلەر سورىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان، چوڭ خانلىقلاردىن ئوسمان

ئىمپېرىيىسى، تېمور ئىمپېرىيىسىلا قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا تۈركلەشكەن ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى، موڭغۇل بابۇر بۈگۈنكى هىندى دەرياسى ۋادىسىدا قۇرغان موغۇل ئىمپېرىيىسىمۇ بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزبېك خانلىقلىرىنىڭ زېمىنىمۇ هىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغىچە سوزۇلغان. بۇ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، بۇ مەدەنىيەت رايونىغا ئافغانىستانلا ئەمەس، بەلكى ئىران، پاكىستان، هىندىستاننىڭ شىمالىمۇ كىرىدۇ. بۇنداق چوڭقۇر تارىخ ۋە مەدەنىيەت نېگىزى «ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا» نىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىيسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەهدىت سېلىۋاتقان تېررورچىلار، بۆلگۈنچىلەر، ئەسەبىيلەردىن ئىبارەت «ئۈچ قەبىھ كۈچ» ناهايىتى تېز زورىيىپ، تېررورچىلىقنىڭ «جۇپ ئاي» بەلۋېغى شەكىللەندۈردى.

چېچىنىيە — ئوتتۇرا ئاسىيا — ئافغانىستان.

قىرغىزىستان — ئۆزبېكىستان — تاجىكىستان — ئافغانىستان — كەشمىر بەلۋېغىنى شەكىللەندۈردى

ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئاساسلىق ئەسەبىي تېررورچى تەشكىلاتلاردىن ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق تالىبانلار، چېچىنىيە قانۇنسىز قوراللىق كۈچلىرىدىن باشقا، «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكتى (IMU)»، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ھىزبىت تەھرىر (HT)»، پاكىستان ۋە كەشمىر رايونلىرىدىكى «ئىسلام جامائىتى (JI)»، «ئىسلام ئاقىللار جەمئىيىتى (JUT)»، «جىھادچىلار تەشكىلاتى (HM)»، «فۇش ھەرىكىتى (HUM)»، «مۇسۇلمانلار ئارمىيىسى (JEM)»، «ئەسلىي مۇسۇلمانلار جامائىتى (JUAH)»،

«لاشكا (LT)»، «پاكىستان جەفەرى پارتىيىسى (TJP)»، «پاكىستان مۇھەممەد ئارمىيىسى (SMP)»، «پاكىستان ساھابىلەر قوشۇنى (SSP)» قاتارلىقلار بار. بۇ تەشكىلاتلار ئافغانىستان، كەشمىر، پەرغانە رايونلىرىدا ئۈچ بومبا بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئۈچ بومبا بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ، شىنجاڭغا تاقىشىپ تۇرىدىغان خەتەرلىك «تېررورلۇق بەلۋېغى»نى ھاسىل قىلدى. يەنى ئافغانىستان ۋە كەشمىر شىنجاڭ بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىدۇ. ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستان بۆلۈشۈۋالغان پەرغانە ۋادىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، قىزىلسۇ رايونلىرى بىلەن تاغ ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، IMU نىڭ بازىسى گارم، جىرغاتال، تاۋىردالا ۋە IMU ئىككى يىلدىن بۇيان ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن باتكىن تاغلىق رايونى جۇڭگونىڭ چېگرىسى بولغان ئەركەشتامدىن 200 نەچچە كىلومېتىرلا يىراقلىقتا جايلاشقان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدۇ.

## خەلقنىڭ دۈشمىنى، ئىنسانىيەتنىڭ كۈشەندىسى

«شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى چەت ئەلدە كۆپىيىپ كەتتى. كۆپ قىسىم تېررورچىلار ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىياغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بىن لادىن ۋە بۇ جايلاردىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ مەبلەغ، قورال ـ ياراغ جەھەتتىكى ياردىمىنى قوبۇل قىلغان. تالىبانلارنىڭ مەشىق بازىسىدا تەربىيىلەنگەن ھەمدە ئافغانىستان، چېچىنىيە ۋە پەرغانە ۋادىلىرىدا «جىھاد»قا قاتنىشىپ تېررورلۇق جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم جەڭچىلىرى چېچىنىيە، ئافغانىستان

قاتارلىق جايلاردا ئەسىرگە ئېلىنغان ياكى ئېتىۋېتىلگەن. پاكىت شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقى خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيادىكى «ئۈچ قەبىھ كۈچ» كە ماسلاشقۇچى ئارمىيىدۇر.

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىنىڭ پائالىيىتىنىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئالاھىدىلىكى ـــ چېگرا سىرتىدا قوماندانلىق قىلىپ، چېگرا ئىچىدە جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭدا ئون يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن زوراۋان تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا يۈز بەرگەن. بۇ ۋەقەلەر جۇڭگونىڭ بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكىگە زور تەھدىت سالدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزدى. شۇنداقلا ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا زور زىيان سالدى. شۇڭا، ئۇلار جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كۈشەندىسى، بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچ قەبىھ كۈچ» كە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلىشىمىز كېرەك.

# 12. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى، يۆنىلىشى

*شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن، چېگرا ئىچى - سىرتىدا «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى بارلىققا كەلدى ۋە نەچچە ئون «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئۇلار يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پىلانلاپ سادىر قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى ۋە كۈچلىرى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش ۋە پارتىزانلىق، تېررورلۇق ئۇرۇشى قىلىشقا تەييارلىق كۆردى ھەمدە غەربىي ئاسىيا لاگېر، ئوتتۇرا ئاسىيا قورغان، ياۋروپا، ئامېرىكا خەلقئارا مۇنبەر، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ئارقا تېرەك، شىنجاڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىنغان ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ھاسىل قىلدى. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ بولىدۇ. بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى كۈرەش ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇشكۇل بولىدۇ.*

*گوۋۇن*

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭنى ۋەتەنىنىڭ زېمىنىدىن پارچىلىۋېتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغىلى ئۇزۇن

بولدى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلار «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى»نى نىشان قىلغان نۇرغۇن تەشكىلاتلار (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى دېيىلىدۇ) نى قۇردى. كەڭرى تارقالغان بۇ تەشكىلاتلىرىنىڭ خورىكى بەكمۇ ئۆسۈپ كەتتى. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىغا بولغان تەتقىقاتلارنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئالدىنى ئېلىش ۋە زەربە بېرىش خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەش ۋەتەننىڭ بىرلىكى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئاساسىي ئەھۋالى

### *تەشكىلاتلارنىڭ تارقىلىشى*

«شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ نامى كۆپ خىل، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ئۇلار شىنجاڭ چېگرىسىدا زوراۋان تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئەسەبىيلەرچە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار پائالىيىتىنى توختاتقىنى يوق. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى — بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بازىسى چەت ئەلدە، ئۇلار ئاساسەن پائالىيەتلىرىنى چەت ئەلدە پىلانلاپ، شىنجاڭ ئىچىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار مۇئەييەن ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ھازىر چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىدىن مۇئەييەن تەسىر كۈچكە ئىگىلىرى ئاز كەم 40 قا يېتىدۇ. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ مۇئەييەن پائالىيەت ئىقتىدارى ۋە تۈزۈم،

پروگراممىسى بار، تەشكىلاتچىسى ۋە تايانچىلار تەخمىنەن 100 دىن ئارتۇقى ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا تارقالغان. ئۇلار غەربىي ئاسىيانى لاگېر، ياۋروپا، ئامېرىكىنى پائالىيەت سەھنىسى قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى ھەسەن مەخسۇم، يۇسۇف مۇخلىسۇف، ئەركىن ئالىپ تېكىن، مۇھەممەد زىرابىكىن باشچىلىقىدىكى «تۆت كۈچ» تۇر. بۇ «ئۈچ رايون، تۆت كۈچ» ھەرخىل رايون ۋە دۆلەتلەردە ھەرخىل ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى ئاشكارا پائالىيەت قىلالايدۇ. ئۇلاردا ئەلەم كۈرىشى قەلەم كۈرىشىدىن كۈچلۈكرەك، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى ئاشكارا ياكى يېرىم ئاشكارا ھالەتتە تۇرىدۇ. بەزىلىرىدە ئەلەم كۈرىشى قەلەم كۈرىشىدىن كۈچلۈكرەك، بەزىلىرىدە ئەلەم كۈرىشى بىلەن قەلەم كۈرىشى تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى خەلقئارادىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۆزلىرىنىڭ تېررورچى تەشكىلات ئەمەسلىكى ھەققىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىپادە بىلدۈرۈشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى بىرگەۋدە قىلىش ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

## تەرەققىيات جەريانى

«شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى يېرىم ئەسىرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساسەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

**باشلىنىش باسقۇچى:** ئازادلىق هارپىسىدا، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا (قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ئەيسا (قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى) باشچىلىقىدىكى بىر توپ كىشىلەر دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھىرى) دىكى ئامېرىكىنىڭ كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكىستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ماكناننىڭ پىلانلىشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇنغان. سۈيىقەستى بىتچىت بولغاندىن كېيىن، ئۇلار 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 24 ئادەمنى ئېلىپ قېچىپ، چېگرىدىن چىقىپ، كەشمىردىكى سىرىنگارغا جايلىشىۋالغان. قېچىش يولىدا، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەندە، شۇ جايدىكى مىللەت، دىن قاتلىمىدىكى يېقىن كىشىلىرىگە مۆكىنىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرى چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» قۇرۇش ئىشىغا قايتا تۇتۇش قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەن. ئۇلار كەشمىرنىڭ زۇڭلىسى شېيىخ ئابدۇللا ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەيىخ ساھىبىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن، «شەرقىي تۈركىستان مۇهاجىرلار جەمئىيىتى» نى قۇرغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ئەيسا قاتارلىق 18 كىشى دائىمىي كومىتېت قۇرۇپ، ھەرىكەت پىلانى تۈزگەن. مانا بۇ چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ دەسلەپكى هالىتى.

**شەكىللىنىش باسقۇچى:** 1960 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى هېسابلىنىدۇ. بۇ

مەزگىلدە جۇڭگو بىلەن سوۋېت تىركىشىش ھالىتىدە تۇرغان بولغاچقا، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر تۈركۈم شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى مەقسەتلىك يېتىشتۈردى. 60 ـ يىللاردا سوۋېتقا قېچىپ كەتكەن ۋە سوۋېتقا كەتكەن كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن ئىبارەت. ئۇلار زىيا سەمەدى، يۈسۈپ مۇخلىسوف، زۇنۇن تېيىپوۋ باشچىلىقىدا، ھەرخىل نامدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشتى. بۇ تەشكىلاتلار شۇ چاغدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىپ، رادىئودا ئاڭلىتىش بېرىپ، تارىخنى بۇرمىلىدى. خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى. شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە، بىر يۈرۈش ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى شىنجاڭغا ھەربىي، سىياسىي ئاخبارات توپلاش، سوۋېت ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقا ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى غەربىي ئاسىيادىكى غەربپەرەس «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنى يېنىغا تارتىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا جەلپ قىلدى. شۇ چاغدا چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ مەركىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىدى.

**تەرەققىيات باسقۇچى:** جۇڭگو بىلەن سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى 1982 ـ يىلىدىن كېيىن پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، غەربىي ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى بەزى كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تېز تەرەققىي قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، شەرقىي ياۋروپانىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگە قىلغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. كېيىنكى سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا دۇنياغا خوجىدارلىق قىلدى. يېڭى «دۈشمەن» ئىزدەۋاتقان ئامېرىكىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق باش كۆتۈرۈۋاتقان جۇڭگونى دۈشمەن دەپ بىلىش نىيىتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىراقلا پارچىلىنىپ 15 جۇمھۇرىيەتكە بۆلۈنۈپ كېتىشى بىلەن قويۇق كومپارتىيىگە قارشى تۈس ئالغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاپەتكە ئايلاندى. بولۇپمۇ، شىنجاڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇستەقىل يېڭى مىللىي جۇمھۇرىيەتتىن بەشى بىراقلا دۇنياغا كەلدى. بۇ شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ناھايىتى زور ئىلھام بولدى. بۇنداق خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈشتە چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى زورىيىشقا باشلىدى. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تېز كۆپەيدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىش ھارپىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىدىن بەشىلا قالغانىدى. 90 ـ يىللاردىن كېيىن كۆپىيىپ، 36 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1991 ـ يىلىدىن 1995ـ يىلىغىچە كۆپەيگەن تەشكىلات 26 گە يېتىدۇ. بۇ چەت ئەلدىكى «شەزقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىيات مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى «ئۈچ بۆلەك، تۆت كۈچ» ۋەزىيىتىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن.

بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشتىن باشقا، مۇرەككەپ ئامىللارمۇ سەۋەب بولماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيانى مىسالغا ئالساق، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ۋە كۆچمەنلەر كۆپ. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا

قارىغاندا، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 350 مىڭ بولۇپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندا 255 مىڭ، قىرغىزىستاندا 40 نەچچە مىڭ، ئۆزبېكىستاندا 45 مىڭ، تۈركمەنىستاندا 6000 مىڭ ئۇيغۇر ياشايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دۆلەت ئىچىدىكى ئەھۋالنى تازا چۈشەنمىگەن بولغاچقا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ۋە ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىماقتا. بەزىلىرىنىڭ تونۇشى ئېنىق بولمايۋاتىدۇ. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىۋاتقانلىرى ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم كىشىلەردىن ئىبارەت. مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋاتقانلار مۇنداق ئىككى خىل كىشىلەر بىر خىلى، سوۋېت دەۋرىدىكى پېشقەدەم مىللىي بۆلگۈنچىلەر؛ يەنە بىر خىلى، 80 ـ، 90 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ چىققان، بۆلگۈنچىلىك تامغىسى يەيدىغان، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن «مىللەت سەرخىللىرى».

## «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تۇغدۇرغان زور تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋەقەلىرى

«شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى 90 ـ يىللاردىكى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندە، ئېچىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا

ئەكسىيەتچىلىك ۋە زوراۋان، تېررورلۇق تۈسىنى ئالدى ھەمدە ئۇن يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا بىرقاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇردى. ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە ۋەقە.

## بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن «5 ـ ئاپرېل» توپىلىڭى

1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ توپىلاڭنى زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» تەشكىلاتى ئىككى يىلدىن كۆپرەك تەييارلىق قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، قوزغىغان. 1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەرلىك ھۆكۈمەت بارىن يېزىسىدىكى كۆپ قىسىم ئاممىنىڭ «قۇرئان كەرىم» تۇتۇپ قەسەم قىلىشىۋاتقانلىقى، دىن ئۈچۈن پۇل ـ پۇچەك ۋە كىيىم ـ كېچەك ئىئانە قىلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھەمدە كۆپ قېتىم كادىر ئەۋەتىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، بۇ يېزىدا زوراۋان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەدەپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. «ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكى»نى تۇيغان زەيدىن يۈسۈپ ئادەم يىغىپ، قوراللىق مەشىق قىلدۇرغان ھەم تەشكىلاتقا كەنتلەر بويىچە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئاشكارىلىق تۈسىنى ئالاي دەپلا قالغانىدى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە، زەيدىن يۈسۈپ قەشقەردىن بارىن يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارىن يېزىسىغا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، 200 نەچچە ئادەمنى يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدىن رەسۇلىللا» دەپ شوئار توۋلىتىپ، كۈچ كۆرسەتكەن. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

4 تىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە زەيدىن يۈسۈپنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن توپىلاڭچىلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە گرانات، بومبا تاشلىغان ھەمدە ئوق ئاتقان. شۇ جايدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە قايتۇرما زەربە بېرىپ، باش جىنايەتچى زەيدىن يۈسۈپ ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان گرانات، پارتلىتىش دورىسىغا ئوت يېقىۋاتقان توپىلاڭچىلارنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشىۋالغان توپىلاڭچىلار تاراپ كەتكەن.
6 ـ كۈنى سائەت 5 لەردە، كۈچلۈك تارماقلىرىمىزدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار بارىن يېزىسىدىكى قوراللىق توپىلاڭچىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇشقا باشلىغان. بۇنىڭ دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان زوراۋان تېرروررچىلارنىڭ سۇيىقەستى ئۈزۈل ـ كېسەل بىتچىت قىلىنغان. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە 16 تال قورال (بۇنىڭ ئىچىدە توپىلاڭچىلار بۇلىۋالغان قورال 15)، 470 نەچچە پاي ئوق، 243 دانە يەرلىك گرانات، 53 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى، 512 دانە كاپسۇل، 180 تال قىلىچ، پىچاق، 10423 يۈەن ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەت خىراجىتى، ئۈچ موتسىكلىت، بەش ئات غەنىيمەت ئېلىندى.

## *كۇچا ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «28 ـ فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى*

1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى كۇچا ناھىيىسى قاتناش مېھمانخانىسىنىڭ سىنئالغۇ زالىدا قەرەللىك بومبا بىلەن پارتلىتىش ۋەقەسى تۇغدۇرۇپ، نەق مەيداندا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، 13 ئادەمنى يارىلاندۇرغان.

### ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «5 ـ فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى

1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچ سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەنلەردە «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە قورقۇنچلۇق ئاپتوبۇس پارتلاش دېلوسىنى سادىر قىلدى. جىنايەتچىلەر شەھەر رايونىدىكى 52 ـ، 30 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا قويۇپ قويغان قەرەللىك بومبا پارتلاپ، نەق مەيداندا ئۈچ ئادەم ئۆلگەن، تۆت ئادەم ئېغىر يارىلانغان. 11 ئادەم يېنىك يارىلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جىنايەتچىلەر ئاممىۋى تىياتىرخانىنىڭ سىنئالغۇ زالى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قوراسىغا قويۇپ قويغان ئىككى دانە قەرەللىك بومبا بايقىلىپ قېلىپ، خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنغان. بۇ دېلونى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان.

### خوتەندە يۈز بەرگەن «7 ـ ئىيۇل» ۋەقەسى

خوتەن شەھىرىدىكى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ تەبلىغچىسى ئابدۇرېشىت داموللا ھاجىم ئۆزۈن مۇددەتتىن بۇيان دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەن. ئۇ 1995 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى بېرىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىدىكى رەخمۇتۇللا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قانۇنسىز پائالىيىتى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. ئابدۇرېشىت دامولا تەبلىغ قىلغاندا، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ئاشكارا تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلايدىغانلار 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايغا بارغاندا، ئەسلىدىكى مىڭ

ئادەمدىن كۆپىيىپ، 3000 دىن ئېشىپ كەتكەن (بۇنىڭ ئازكەم مىڭى ئاياللار). ھەرجۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدا قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ، شەھەرنىڭ نورمال پائالىيىتىگە تەسىر يەتكەن. ج خ قاتناش تارمىقى كۆپ قېتىم ئارىلاشقان بولسىمۇ، ئۈنۈم بەرمىگەن. 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ھۆكۈمەتنىڭ دىن، بىرلىكسەپ تاماقلىرى بۇ مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنىقارار قىلغان. 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 13:30 دا «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ تايانچ ئەزاسى ئۆمەر ئابدۇللا، ئابدۇخېلىل تۇرسۇن، تۇرسۇن توختى ئەمەت، مەتھۇشۇرمەمتىمىن قاتارلىقلار خوتەن شەھىرىدىكى سېدەتۇۋۋى مەسچىتىدە جۈمە نامىزى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 400 نەچچە مۇرتىنى قۇترىتىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ توۋلىشىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئالدىغا توپلىشىپ بېرىپ، «ئىمامنى نېمە ئۈچۈن ئالماشتۇرۇۋېتىسلەر؟» دەپ تۇرۇۋالغان. ئارقىدىنلا تەخمىنەن 100 نەچچە ئادەم ۋىلايەتلىك پارتكوم قوراسىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئىشىك، دېرىزىلەرنى تاش، خىش، ۋە كۆمۈر پارچىلىرى بىلەن چېقىۋەتكەن. ئاپتوموبىل ۋە ئىشخانا ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇۋەتكەن. بەزىلىرى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە ئورگان كادىرلىرىنى كالتەك، كەمەر ۋە زەنجىر بىلەن ئۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر قىسىم توپىلاڭچىلار ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ بىناسىدىكى خەۋەرلىشىش مەركىزى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنىغا بۆسۈپ كىرگەن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە ئەتراپىدا، ۋەقە تىنچىغان. ۋەقە داۋامىدا، توپىلاڭچىلار قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە ئورگان كادىرلىرىدىن 57 كىشىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەن، دۆلەتنىڭ مۈلكىگىمۇ زور زىيان سالغان، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان.

## كۇچادا يۈز بەرگەن «29 ـ ئاپرېل» ۋەقەسى

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى (روزى ھېيت كۈنى) سەھەردە، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ ياسىن موللامەت باشچىلىقىدىكى 10 نەچچە تاپانچ خادىمى كۇچا ناھىيىسى ئالاقاغا يېزىسى قۇناس كەنتىدىكى قاۋۇل توقا (ئۇيغۇر، 78 ياش، سابىق يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى) بىلەن ھازىرقى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋە ئۇنىڭ تۆت ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرىپ، پارتلىتىش، پىچاق تىقىش، كانىيىنى كېسىش، تاپانچا بىلەن ئېتىش قاتارلىقلار قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تۆت ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئۈچ ئادەمنى يارىلاندۇرغان. دېلو سادىر بولغاندىن كېيىن، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا دەرھال يېتىپ بېرىپ توپىلاڭچىلارنى قورشىۋالغان، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشىپ كەتكەن. توپىلاڭچىلارنىڭ بىرسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قالغانلىرى قېچىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، يېنىدىكى پارتلاتقۇچنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالغان. نەق مەيداندا، جەمئىي توققۇز جەسەت، ئۈچ تاپانچا، 100 پاي ئوق، 18 خەنجەر ۋە باكالاشكىدىن ياسالغان بومبا بايقالغان. يۇقىرىقى توققۇز كىشى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش پارتىيىسى» يېتىشتۈرگەن تېررورلۇق شايكىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى.

## *قەشقەردە يۈز بەرگەن «12 ـ ماي» يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى*

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك

سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، قەشقەر ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجى داموللا (ئۇيغۇر، 76 ياش) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەرجان قارى (32 ياش) ھېيتگاھ مەسچىتىگە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ، 40 مېتىرچە ماڭغاندا، يول بويىدىن «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ ئۈچ تايانچ ئەزاسى ئېتىلىپ چىقىپ، پىچاق ئۇرغان. ھارۇنخان ھاجىنىڭ بېشى، سول، ئوڭ يوتىسى ۋە دۈمبىسىنىڭ 21 يېرىگە پىچاق تىقىلغان. ئوغلىنىڭ بېشىنىڭ ئۈچ يېرىگە پىچاق تىقىلغان. ئۈچ توپىلاڭچى ئىشنى تۈگىتىپ، نەق مەيداندىن ئالدىراپ - تېنەپ قېچىپ كەتكەن. كېيىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار جىنايەتچى نۇرمۇھەممەتنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سەيپۇللانى تىرىك قولغا چۈشۈرگەن. ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئىككى تاپانچا، 20 پاي ئوق ۋە ئىككى خەنجەرنى غەنىيمەت ئالغان.

### *غۇلجىدا يۈز بەرگەن «5 - فېۋرال» پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى*

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن 10 ئەتراپىدا، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى غۇلجا شەھىرىدە غۇلۇلۇق خادىملىرىنى يىغىپ كوچىغا چىقىپ، «ئاللا» ، «خۇدا» دەپ توۋلاپ، قانۇنسىز نامايىش قىلغان. نامايىش داۋامىدا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار بىلەن قارشىلاشقان، يەتتە نەپەر قانۇن ئىجرا قىلغۇچىنى زەخىملەندۈرگەن. توپىلاڭچىلار چۈشتىن باشلاپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىنخۇا يولى، ياشلار يولى بازىرى، ئايلانما يول قاتارلىق ئاساسلىق ئاۋات يوللاردا ئاپتوموبىللارنى ئەسەبىيلەرچە چېقىپ، كۆيدۈرۈۋەتكەن، شەرقىي شىنخۇا يولىدىكى بىر ئامانلىق

پونكىتىنى ئۆرۈۋەتكەن. توپىلاڭچىلار شۇ كۈنى جەمئىي ئۈچ ئاپتوموبىلنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. 19 ئاپتوموبىلنىڭ پاچاقلاپ تاشلىغان، 47 كىشىنى يارىلاندۇرغان (بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر يارىلانغانلار 13 ئادەم)، 12 نەپەر قانۇن ئىجرا قىلغۇچىنى يارىلاندۇرغان. 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پاراكەندىچىلىك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. توپىلاڭچىلار چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى، شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، شەرقىي شىنخۇا يولى، ياشلار يولى قاتارلىق جايلاردا خەنزۇلارنى ئۇرغان، ئاپتوموبىل ۋە ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. توپىلاڭچىلار گۇناھسىز خەنزۇ ئاممىدىن 91 ئادەمنى زەخىملەندۈرگەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر زەخىملەنگىنى 14 ئادەم)، يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، مىنىبۇستىن بىرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، كىچىك ماشىنىدىن بىرنى پاچاقلاپ تاشلىغان، ئىككى ئېغىز ئۆينى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

### *ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۈز بەرگەن «25 - فېۋرال» ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسى*

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 25 : 6 دىن 30 : 6 گىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى غەربىي شىمال يولى، نەنمىن، شياڭياڭپو قاتارلىق ئۈچ جايدا ئاپتوبۇس پارتلاش دېلوسى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، لىيۇداۋان ماشىنا توختاش مەيدانىدىكى 58 - يول ئاپتوبۇستا پارتلىتىش قۇرۇلمىسى بايقالغان. شۇ كۈنى كېچىدە ج خ ئورگىنى تەكشۈرۈپ، جەنۇبىي ۋوگزالدا مۇشۇنداق پارتلىتىش قۇرۇلمىسىدىن يەنە بىرنى بايقىغان. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تەشكىللەپ سادىر قىلغان بۇ ئۈچ دېلودا جەمئىي 23 ئادەم ئۆلۈپ، 59 ئادەم يارىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز ئادەم ئېغىر يارىلانغان.

# ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، يۆنىلىشى

غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىگە بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلۈپ، «شىنجاڭ مەسىلىسى»گە بىۋاسىتە قول تىقىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە «كىشىلىك ھوقۇق»، «مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى» ۋە «دىنىي ئەركىنلىك»نى قوغداشنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىۋاتىدۇ؛ «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىمۇ «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك مەدىتى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، چەت ئەلدىكى ‹شەرقىي تۈركىستان› تەشكىلاتلىرى تاكتىكىسىنى ئۆزلۈكسىز تەڭشەپ، «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىگە كىرگۈزۈش»نى ئوتتۇرىغا قويدى، «كىشىلىك ھوقۇق»، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى»، «دىنىي ئەركىنلىك»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنى يولغا قويدى. تەدبىر قوللىنىپ، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، «تىبەت مۇستەقىللىقى»، «مۇڭغۇل مۇستەقىللىقى»، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» ۋە «دېموكراتىيە ھەرىكىتى» قاتارلىق تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوغا قارشى ئىتتىپاق قۇردى ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇپ، «خەلقئارانىڭ مەدىتى»گە ئېرىشىپ، «شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل

قىلىش» تىن ئىبارەت ئاداققى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتى ۋە ھۇجۇم نىشانىدىن قارىغاندا، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زورانلىق، تېررورلۇقنى بىرگەۋدە قىلغان ئەسەبىي سىياسىي كۈچتۇر. تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، ئۇ مۇنداق تۆت ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، شىنجاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈپ چىقىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسى، شۇنداقلا ئاداققى نىشانى؛ ئىككىنچى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىش ئۇلارنىڭ ۋاستىسى؛ ئۈچىنچى، تارىخنى ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش، مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىش خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىش تەشۋىقاتىنىڭ تېمىسى؛ تۆتىنچى، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى ھەم تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشتىكى ۋاستىسى. رېئال ئىپادىسىدىن قارىغاندا، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە.

**چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى پائالىيىتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى**

ھازىر، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى «تۆت جەھەتتىن كۈچىيىۋاتىدۇ».

**1. تەشكىلىي ئاپپاراتىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچىيىپ، پائالىيەت ماكانى ۋە دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەمەلىي كۈچى ئېشىۋاتىدۇ.** بىرقانچە يىلدىن بۇيان، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تەشكىلىنى تەڭشەپ

كېلىۋاتىدۇ. 2002 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» بىلەن ماسلىشىپ، رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سالدى ھەمدە قازاقىستاندا «ئۇيغۇر ياشلار بىرلەشمىسى» نى قۇردى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلەشمىسى» ، «شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمئىيىتى» ، «ئۇيغۇر بىرلەشمىسى» ، «ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» ، «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارمۇ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەڭشەپ، ئۆزگەرتىپ سايلىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى باش ۋەزىپە ۋە مۇھىم نۇقتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، دۆلەت مەجلىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، دۆلەت مەجلىسىگە «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دىن مەسىلىسىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، دۆلەت مەجلىسىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» دە قارارلىما ماقۇللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش دەپ بېكىتتى.

**2. جۇڭگوغا قارشى باشقا كۈچلەر بىلەن بولغان تۇغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، «كىشىلىك ھوقۇق» نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» نىڭ خەلقئارالىششىنى ئىلگىرى سۈردى.**

90 ـ يىللاردىن بۇيان، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر جۇڭگونى «غەربلەشتۈرۈش» ، «پارچىلاش» سۇيىقەستىدە جۇڭگونى «تىنچ ئۆزگەرتىش ئىستراتېگىيىسى» نى يولغا قويدى ھەمدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇش ۋە مەدەت بېرىشنى جۇڭگونى «تىنچ ئۆزگەرتىش» تىكى مۇھىم نۇقتا قىلدى. غەربتىكى بەزى ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار

شىنجاڭنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسىدە داۋراڭ سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. 2002 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئېلان قىلغان دوكلاتتا: «شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەرىجىدە ئاياغ ئاستى قىلىش ئەھۋالى داۋاملىق ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇ يەردە يېنىكلىك بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتقان، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىۋاتقان، خالىغانچە قولغا ئېلىنىشىۋاتقان ۋە سىياسىي سەۋەبتىن ئادالەتسىز سوراققا تارتىلىۋاتقانلار ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار» دېيىلگەن. 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، غەربتىكى مەلۇم دۆلەتنىڭ بىۋاسىتە قاتنىشىشى بىلەن چاقىرىلغان «ئەركىن ئاسىيا خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى»دا شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى مۇڭغۇل، تەيۋەن قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە جۇڭگو «دېموكراتىيە ھەرىكىتى» تەشكىلاتلىرى ماسلاشتۇرۇلدى ھەمدە «ئۇيغۇرلار بىرلەشمىسى» مەسئۇلىنىڭ ئۇلارنىڭ «جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش» ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ھەمكارلىشىشى تەلەپ قىلىندى.

بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى «شىزاڭ مۇستەقىللىقى»، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»، «دېموكراتىيە ھەرىكىتى» تەشكىلاتلىرى بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەنۋەرجان، ئەسقەرجانلار تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامېرىكا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، پائالىيەت قىلدى. يالغۇز ئەنۋەرجانلا كۆپ قېتىم تۈركىيىگە بېرىپ، تۈركىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشتى. «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ئىتتىپاق جەمئىيىتى»، «شەرقىي تۈركىستان مىللىي

قۇرۇلتىيى» غا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەسقەرجان ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» غا قاتناشمىغان تەشكىلاتلىرىنىڭ تېزرەك قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان «2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ 1 ـ قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىدا بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پائالىيەت ئەھۋالى يەكۈنلىنىپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق كونكرېت پائالىيەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، «كىشىلىك هوقۇق» جەھەتتىكى جۇڭگوغا قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، «2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار ھەر تەرەپكە قاتراپ، ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى قايىل قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى» بويىچە بۇ يىل بىر قېتىم خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىشنى پىلانلىدى. «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى» يەنە «بېيجىڭ باھارى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى شۆ ۋېي بىلەن رەسمىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ «دېموكراتىيە ھەرىكىتى» تەشكىلاتى بىلەن ئىمزالىغان تۇنجى ھەمكارلىق كېلىشىمى بولۇپ، بۇ كېلىشىم «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى بىلەن «دېموكراتىيە ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ بىرلىشىشىنى ماھىيەتلىك باسقۇچقا كىرگۈزدى. 2001 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «ئۇيغۇر بىرلەشمىسى» بىلەن «ئىچكى موڭغۇل خەلق پارتىيىسى»، «تىبەت خەلقئارا جەمئىيىتى»، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى بىرلەشمىسى» قاتارلىق جۇڭگوغا قارشى تەشكىلاتلار ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شتاتىدا يىغىن ئېچىپ «تۆت

مۇستەقىللىق» نى خەلقئارالاشتۇرۇش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلدى. 2002 - يىلى 3 - ئايدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ كاتتىۋېشى يۇسۇپ مۇخلىسوف ب د ت نىڭ قازاقىستاندىكى ۋەكىلىگە بىر پارچە خەت تاپشۇرغان بولۇپ، خەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان» دا ئىككى مىليون 500 مىڭ ئۇيغۇر، قازاقنى ئۆلتۈردى، 2001 - يىلى بىر يىلدا 1329 ئۇيغۇر ياش ئېتىۋېتىلدى دەپ ئىغۋا توقۇلغان. يۇسۇپ مۇخلىسوف جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن زوراۋان، تېرروررچىلارنى سوتلىشىنى ئەيىبلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئارىلىشىشىنى مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، ھازىرقى ھالىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ھالىتى» دېگەن تېمىدا جۇڭگوغا قارشى ئون نەچچە بەتلىك دوكلات يېزىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ قازاقىستاندىكى ئەلچىخانىلىرىغا سۇنغان. 2002 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى رۇسىيىنىڭ قازاقىستاندىكى ئەلچىخانىسىغا بۇ دوكلاتنى سۇنۇپ، رۇسىيىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» دە جۇڭگوغا ئالتە تەلەپنى قويۇشىنى تەلەپ قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان» چىلار ۋە جۇڭگوغا قارشى باشقا كۈچلەر بىرلىكتە جەنۋەگە بېرىپ، پائالىيەت قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ جۇڭگونى ئەيىبلەيدىغان قارالما ماقۇللىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان.

**3. تەشۋىقات ۋە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىپ، مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇردى.** چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تەشۋىقات سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچ سەرپ قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» قاتارلىق ئون نەچچە خىل گېزىت - ژۇرنالنى نەشر قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» ، «ئۇيغۇر بىرلەشمىسى»

قاتارلىق تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ تور پونكىتىنى قۇرۇپ، توردا تەشۋىق قىلغان. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»، «ئازادلىق رادىئوسى»، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «جىددە رادىئوسى» ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا «كىشىلىك ھوقۇق» نى بېسىش ئەھۋالى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئېڭىنى تەشۋىق قىلغان. 2002 - يىلى 3 - ئايدا «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» تۈركىيىدىكى شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئابلىكىم باقىنىڭ «ئالتۇن تاۋاقلىق تىلەمچى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان. بۇ ماقالىدە «ئۇيغۇرلار رايوندىكى قىممەتلىك تەبىئىي گاز بايلىقىنى خەنزۇلار ئېچكىرىگە ھەقسىز توشۇپ كېتىۋاتىدۇ. مانا بۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ۋە ماھىيىتى. ئۇيغۇرلار ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ» دېيىلگەن.

يۇسۇپ مۇخلىسوف ئازادلىق رادىئوسىدا «جۇڭگو ‹شەرقىي تۈركىستان› دا ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ‹شەرقىي تۈركىستان› غا كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەۋاتىدۇ. شاڭخەي، تيەنجىندىكى 200 نەچچە زاۋۇتنى ‹شەرقىي تۈركىستان› غا يۆتكەپ كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن.

بۇ رادىئو ئىستانسىسى «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنى «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى» دا نۇتۇق سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى» مۇخبىرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى يۇسۇپ مۇخلىسوف زىيارەت قىلىپ تەييارلىغان جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىدىكى سۆھبەتنى ئاڭلاتقان. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى، ناخشا - ئۇسسۇل ۋە

تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىن پايدىلىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان» نى تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار خەلقئارا مۇنبەردىن ھەرخىل چارە ـ ئامالالار بىلەن پايدىلىنىپ، ھەرخىل مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى، ئېتىرازنامە تاپشۇردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر تىلىدا سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش بەرگەندىن بۇيانقى ئەھۋاللارغا قاراپ چىقىپ، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك» دەپ قارىغان.

**4. خەلقئارا تېرورچى كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، زوراۋانلىق پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى.** چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» زوراۋانلىق، تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1997 ـ يىلىدىن كېيىن قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلاتلار ئاساسلىقى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى» («شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تەشكىلاتلار ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئافغانىستان، پاكىستان، تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. «شەرقىي تۈركىستان» تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى خەلقئارا تېرورلۇق كۈچلىرىنىڭ پائال مەدىتىگە ئېرىشىپ كەلدى. ئۇلار خەلقئارا تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى «ئاللا پارتىيىسى» نىڭ تەشكىلاتى ۋە پائالىيەت شەكلىنى قوللىنىپ قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى پۇختا، دىنىي تۈسى قويۇق. رۇسىيە 1 ـ قېتىملىق چېچېنىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ،

چېچېنىيە ئۇرۇشىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇرچە «دۆدايېفنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى، چېچېنىيە باندىتلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ماسخادوف بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىدى. چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى كوسوۋو، چېچېنىيە ۋەزىيىتىدىن ئىلھام ئېلىپ نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ۋە ئوق ـ دورا سېتىۋالدى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا 1000 دىن كۆپرەك تايانچ ئادىمىنى ئېغىر قورال ئىشلىتىش، پاراشوتتىن سەكرەش ماھارىتى، پىسخىكىلىق ساپا جەھەتتە تەربىيىلىدى. 1998 ـ يىلى چېچېنىيىدىكى قانۇنسىز قوراللىق كۈچلەر چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشى مەمتىمىن ئېزىز بىلەن ئۆزئارا مەدەت بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. چېچېنىيە تەرەپ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» پائالىيەتلىرىنى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى چېچېنىيە ئۇرۇشىغا قاتناشتى ھەمدە گروزنى ئەتراپىدا «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ مەشىق بازىسىنى قۇردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇلار قوراللىق كۈچ ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، كۆپ ئۈنۈم قازىنالمىدى. تالىبانلار ئافغانىستاندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى تالىبانلار ۋە بىن لادىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتتى. ھەسەن مەخسۇم رەھبەرلىكىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى»نىڭ قوراللىق ئادىمى 1000 دىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئافغانىستاننىڭ بىرقانچە جايىدا مەشىق بازىسى قۇرغان ھەمدە 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 100 دىن كۆپرەك غول ئەسكىرىنى تالىبانلار ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ قىلغۇچى ئەترىتىگە قاتناشتۇرغان. شىمالىي ئىتتىپاق بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ ئون نەچچە ئادىمى ئۆلگەن ۋە

ئەسىرگە چۈشكەن، شۇنداقلا ئۇلار چېچېنىيە قانۇنسىز قوراللىق تەشكىلاتىغا قاتناشقان، 2001 - يىلى 3 - ئايدا رۇسىيە ئارمىيىسى چېچېنىيىدە «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىدىن ئىككىنى ئەسىرگە ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار پاكىستاندىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇلارنىڭ قوراللىق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان.

«11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى پائالىيىتىنى توختاتماي، چېگرىدىن نۇرغۇن ئادەم كىرگۈزدى، شىنجاڭغا ئوغرىلىقچە قورال توشۇدى، پارتلىتىش تېخنىكىسىنى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غەرب ئەللىرىدىن ھەربىي ياردەم ئىزدەپ، ئۆزلىرىنىڭ كوسوۋو ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئوخشاش قوراللىق كۈچ قۇرۇشىغا ھەمكارلىشىشى ھەمدە «مۇۋاپىق پەيتتە ھەقىقىي ئىشەنچلىك ياردەم بېرىشى»نى تەلەپ قىلدى.

## چېگرا ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى پائالىيىتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ قوماندانلىق قىلىشى ئارقىسىدا، چېگرا ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» زوراۋان تېررورچىلىرى كۈچ تەشكىللەپ، قورال - ياراغ، ئوق - دورا ھازىرلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىش يولىغا ماڭدى. «11 - سېنتەبىر»دىن كېيىن، چېگرا ئىچىدىكى

«شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى ئاساسلىقى مۇنداق تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

*ئېغىر زەربىگە ئۇچرىسىمۇ، يەنىلا ھەرىكىتىنى توختاتماي، يۈرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ*

جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، رايون مۇقىملىقى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بەردى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۇلارنىڭ بەزى شايكىلىرىنى يوقىتىپ، ئۇۋىلىرىنى بىتچىت قىلىپ، بىر تۈركۈم زوراۋان، تېرروررچىلارنى قوغا چۈشۈردى. گەرچە ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم قالدۇقلىرى تەرەپمۇ قۇتراپ، داۋاملىق مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى تارماق تەشكىلاتلىرى تولۇق تازىلىنىپ بولمىدى. مەلۇم ساندا قورال - ياراغ، ئوق - دورىغا ئىگە بىر تۈركۈم زوراۋان، تېرروررچىلار يەنىلا قېچىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار قايتىدىن توپلىشىپ، جايلاردىكى زوراۋان، تېرروررچىلارنى يىغىپ، تەسىرى بار جايلاردا پارتلىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى مۇنداق:

بىر قىسىم رايونلاردىكى «شەرقىي تۈركىستان» شايكىلىرى يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ تەشكىلاتى پۇختا، تەرەققىياتى تېز بولغان بۇ شايكىلار قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ ھەرىكەت قىلغان، بىر تۇتاش پۇل يىغقان ھەمدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى پىلانىنى تۈزۈپ چىققان.

مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم رايونىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» شايكىسى غالجىرلىشىپ، بەزى ناھىيە، شەھەرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار بەدەن چېنىقتۇرۇشنى باھانە قىلىپ، تەبلىغ قىلغان، قوراللىق مەشىق سىنىپلىرىنى ئېچىپ، مەبلەغ غەملەپ، ساياھەت قىلىش ۋە ئوغرىلىقچە چېگرىدىن چىقىش، كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چەت ئەلدىكى تالىبانلار بازىسىغا بېرىپ، جەڭ مەشىقىگە قاتناشماقچى بولغان. 2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15- كۈنى قۇمۇل شەھىرىدە پاش بولغان پارتلىتىشقا ئۇرۇنۇش دېلوسىدا شايكىلارنىڭ زوراۋان تېررورلۇق ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ۋە بىر قىسىم قورال- ياراغ، ئوق - دورىلىرى بايقالغان.

**زوراۋان-تېررورلۇق ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پارتلاتقۇچ ياساشقا، مەشىق قىلدۇرۇشقا ۋە مۆكۈنۈشكە ئىشلىتىدىغان لەخمە ۋە پىنھان ئۆيلەرنى ياساۋاتىدۇ.** جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدىكى يۈسۈپ ئەختەم شايكىسى پاش قىلىنغاندا، بۇ شايكىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئۆيىدە پارتلاتقۇچ ياساش، مەشىق قىلىش ۋە مۆكۈنۈش بىر گەۋدە قىلىنغان لەخمە كولىغانلىقى بايقالغان. باشقا رايونلاردا يەنە پارتلاتقۇچ بومبا ياساش، مەشىق قىلىشقا ئىشلىتىدىغان پىنھان ئۆي ۋە لەخمىدىن ئون نەچچىسى بايقالغان. بۇ لەخمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى پۇختا ياسالغان، لەخمە ئىچىگە ئاشلىق ئامبىرى، ئاشخانا، ھاجەتخانا، ئىشخانا سېلىنغان بولۇپ، ئىچىملىك سۈيى ۋە ئەۋرەز يولى، يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەللەشكەن. بۇنداق لەخمىلەر ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشقا مۇۋاپىق بولۇپ، دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن مۆكۈۋېلىشقا قولاي ياسالغان. لەخمىنىڭ كىرىش، چىقىش ئېغىزى يوشۇرۇن بولغاچقا، بايقاش تەس.

زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ۋە قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۆلگۈنچىلىك ... 

زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ۋە قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈش ۋەقەلىرىنى پات ـ پات سادىر قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن قەبىھ تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ ئاممىسى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى نىشان قىلىنغان قەبىھ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلولىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن 2001 ـ يىل 1 ـ ئايدا تېررورچىلار ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئوتۇپشى يېزىسىدا يەتتە ئادەم ئۆلۈش، ئىككى ئادەم يارىلىنىشتەك زور قەبىھ دېلو سادىر قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى «كۆۋرۈكنى پارتلىتىپ، خەنزۇلارنى ھەيدەش» بويىچە يېڭى ھەرىكەت باشلاپ، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئۇنىڭدىن باشقا، زوراۋان تېررورچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش داۋامىدا كەسكىن قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇردى. 2001ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەكەن ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ھەمكارلىشىپ، ئىككى جىنايەتچىنى تۇتۇش داۋامىدا، قورال ئۆگىنىپ، قورال ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقان بىر توپ ئادەمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ج خ ساقچىلىرى ۋە بىر خىزمەتچى يارىلانغان. «54» تىپلىق بىر تاپانچا بۇلاپ كېتىلگەن. 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى چاسامەسچىت يېزىسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئەترەت ئەزالىرىدىن بىر ئادەم چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، بىر ئادەم يارىلانغان.

## دىندىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ، ئايرىم رايونلاردا دىنىي ئەسەبىيلەر غالجىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ

2002 - يىلى كىرگەندىن بۇيان، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز پائالىيەتلەر ئىلى ۋىلايىتىدە باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. ۋەزىيەت قارىماققا تىنچتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار ئاستىرتىن ھەرىكەتلىنىپ، خۇپىيانە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئاستىرتىن يىغىلىش قىلىدىغان، ئالاقە باغلايدىغانلار كۆپەيدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاياللار ئارىسىدىكى ئالاقە كۆپەيدى، چۈمبەل ئارتىدىغان ئاياللار، ساقال قويۇپ، سەللە ئورىۋالىدىغان تالىپلار تېز كۆپەيدى؛ دىن مەمۇرىي ئىشلار، نىكاھ ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىدىغان ئەھۋاللار گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئايرىم رايونلاردا دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ناھايىتى غالجىرلىشىپ كەتتى، ئۇلار «تەبلىغ» ، «مەشرەپ» شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، «غازات» نى تەشۋىق قىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىلىك كادىرلارغا زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى يېتىم قالدۇردى. ئاممىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «ئىسلام شەرىئىتى» گە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى، خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالىدى. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە مۇشۇ سەۋەبلىك يەتتە ئادەمنىڭ قولىقى كېسىۋېتىلدى. يەر ئاستى تەبلىغ، جانبازلىق نۇقتىلىرى چەكلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئالاقىدار تارماقلار بۇنداق تەبلىغ، جانبازلىق نۇقتىلىرىنى تەكشۈرگەندە، زوراۋان كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 2001 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قاراساي يېزىسىنىڭ جىگدەقۇدۇق كەنتىدىكى 130 كىلومېتىرلىق جايدا جانبازلىق نۇقتىسىنى بايقاپ، ئىككى ئادەمنى تۇتۇپ سوراق قىلغاندا، باشقا

توپىلاڭچىلار قاتىللىق قورالىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قورالىنى بۇلىۋالغان. توپىلاڭچىلار ئۈچ نەپەر خەلق ساقچىسى ۋە ئۈچ نەپەر يېزا كادىرىنى زەخىملەندۈرۈپ، گۆرۈگە ئېلىۋالغان. ئۈچ تال مىلتىقنى بۇلاپ كەتكەن. بىر قىسىم جانبازلىق نۇقتىلىرى بۇرۇنقى تارقاق شەكىل ۋە قاتناپ ئوقۇيدىغان شەكىلدىن بېكىك، ياتاقلىق مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، دىن ئۆگىنىش، قورال مەشىق قىلىش ۋە تەشكىلات قۇرۇش بىر گەۋدە قىلىنغان زوراۋان تېررورچىلارنىڭ مەشىق سورۇنىغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتتى. بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي تۈس ئالغان قانۇنسىز پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مەكتەپتە ناماز ئوقۇيدىغان، دىنىي كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىدىغان، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب - ژۇرناللارنى كۆرىدىغان، «تەبلىغ» («تەپسىر» قىلىش نامى بىلەن «غازات» ۋە بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت) نى تەشكىللەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان بولۇپ كەتتى.

### *ئىدىيىدە ئالاقە باغلاپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىشۋاتىدۇ*

چېگرا ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى بۆلگۈنچىلىككە ئائىت سۆزلەرنى تارقىتىش، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ئالماشتۇرۇش، «غازات»قا قۇترىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «ئىدىيىدە ئالاقە باغلاش» ھەرىكىتىنى راسا ئېلىپ بېرىپ، «تەشكىلاتى ئاشكارا بولمىسىمۇ، ئىرادىسى، ئىدىيىسى ئورتاق بولغان توپ»نى ئاساسىي جەھەتتىن بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، بىرىنچىسى،

«ئالاقە باغلاش» دائىرىسى كېڭىيىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى ئاساسەن قاپلىدى؛ ئىككىنچىدىن، «ئالاقە باغلاش» سۇبيېكتى ياشلىشىپ، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، بولۇپمۇ پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، «ئالاقە باغلاش» يېرىم ئاشكارا تۈسنى ئېلىپ، ساۋاقداشلار، دوستلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا خەت يېزىش، تېلېفون بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. تۆتىنچىدىن، «ئالاقە باغلاش» مەزمۇنىدا مىللەتنىڭ «مۇستەقىللىقى» ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھام بېرىلدى، كىشىلىك هايات ۋە غايە تېما قىلىنىپ، هۆكۈمەتكە ۋە خەنزۇلارغا قارشى ئۆچمەنلىك قوزغىتىلدى. بۇنداق مەسىلىلەر مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بىۋاستە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. مەسىلەن، 2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى خەنزۇ ساۋاقدىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئاممىنى قوزغىتىپ چاتاق تېرىغان، نەتىجىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆز - ئۆزىگە قالغان، ئىككى خەنزۇ قىز ئوقۇغۇچى يارىلانغان، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىلىرى چېقىۋېتىلگەن.

*بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىۋاتىدۇ*

ئۇلار تەشۋىق ۋەرەقىسى، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كەڭ تارقىتىپ، شوئار چاپلاپ، «غازات»نى تەرغىب قىلدى، «مۇستەقىللىق» داۋرىڭى قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە نامسىز خەت ئەۋەتىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرمىز دەپ تەھدىت سالدى. «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ پائال ھەرىكەت قىلىش

ئارقىسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا چەت ئەلنىڭ دۈشمەن رادىئوسىنى ئاڭلاش ئومۇملىشىپ قالدى.

## تەرەققىيات يۈزلىنىشى

شىنجاڭدا بىرقانچە يىلدىن بۇيان ۋەزىيەت مۇقىم بولدى، ئىقتىساد گۈللەندى. شۇڭا، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى چوڭ ئىشلارنى قىلالىشى ناتايىن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب: (1) «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ رولى كۈچەيگەن بولغاچقا، «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ پائالىيەت ماكانى تارىيىدۇ؛ (2) «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تېررورلۇق قىلىپ، ھۆكۈمەتكە، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى چىقىۋاتىدۇ، رايوننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى بۇزۇپ، ھەق يولدىن ئېزىپ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ماكانى ئەزەلدىنلا تار؛ (3) چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاتاق چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىگە مەدەت بېرىۋاتىدۇ. لېكىن، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ كۈنسايىن تېررورلىشىپ بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە چارىسىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

«11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتى پەسكويىغا چۈشۈپ، پائالىيىتى چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ئىچكى ئىختىلاپ تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. تېررورلۇققا قارشى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ ئۇتۇقلۇككە ئېرىشىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى ۋەزىيەتنى قايتىدىن مۆلچەرلەپ، تاكتىكىسىنى تەڭشەپ، پائالىيەت شەكلىدە يېڭى ئۆزگىرىش

هاسىل قىلدى. ئەمما، شۇنى كۆرۈپ يېتىش كېرەككى،
«شەرقىي تۈركىستان» چىلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن،
بۆلگۈنچىلىك نىيىتىدىن يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشى مۇنداق
بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

## «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»نى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ

«شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» نى خەلقئارالاشتۇرۇپ، خەلقئارادا قوغدىنىش تورى هاسىل قىلىش — چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك نىشانى، ئۇلار بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بۇ جەھەتتە تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى» گە ئارىلىشىش دەرىجىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، تېررورلۇققا قارشى خەلقئارا چوڭ مۇھىتتا چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» نى خەلقئارالاشتۇرۇش يۈزلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. 2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئامېرىكا چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ تېرروررچى تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنى خەلقئارا ماكانىدىن ئايرىلىپ قالدى دېگىلى بولمايدۇ. شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى نەچچە ئونغا يېتىدۇ. هازىر ئامېرىكا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدە قوش

ئۆلچەم قوللىنىۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئىنسان ھوقۇقى تەشكىلاتلىرى يېقىندا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يەنە بىر قېتىم بېسىم ئىشلەتتى. مانا بۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى مۇشۇ نۇقتىنى تۇتۇۋېلىپ، ۋائىزلىق قىلىپ، ھېسداشلىققا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتى» تېررورلۇققا قارشى خەلقئارا ئۇرۇشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى، ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتى» نىڭ ھەممىسىنى «تېرروررچىلىق» دەپ بېكىتىشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتى» يېپىيېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى، دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يۈزلىنىش.

## *زوراۋانلىق، تېررورلۇق — چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ پائالىيەت ۋاستىسى بولۇپ قالدى*

«زوراۋانلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش» چەت ئەلدىكى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئاساسىي فاڭجېن، «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەت تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» چىلار بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بىراقلا يىغىشتۇرۇۋالدى ھەمدە غول كۈچلىرىنىڭ تارقىلىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى؛ ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا زىيادە ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىقى؛ بارلىق پائالىيەتلىرىنى «يەر ئاستى» ھالىتىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، بۇ ئۇلارنىڭ «قورالنى تاشلاپ، باش ئېگىپ تۇرغان» لىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

مەسىلەن، بەزى «شەرقىي تۈركىستان» چىلار «بېيجىڭ دائىرىلىرى باستۇرۇش سىياسىتىدىن ۋاز كەچمەيدىكەن، زورلۇق كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىمىز»، «بۇرۇنقى قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىمىز مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىقىمىزنى مەقسەت قىلغان» دەپ داۋراڭ سېلىشىۋاتىدۇ. ھازىر «شەرقىي تۈركىستان» چىلار «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى پەلەستىن مەسىلىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، «جۇڭگو دۆلەت تېررورىزمىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ» دەپ تەرغىب قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق بىر جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئاقلىسا، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى زوراۋانلىق پائالىيىتى ئۈچۈن باھانە ئىزدەۋاتىدۇ.

*چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى بىرلىشەلمىگەن بولسىمۇ، يېڭى ھەمكارلىق ئۇسۇلىدا ئىزدىنىۋاتىدۇ*

ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىغاچقا، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى ئۆزئاراقىچە ئىختىلاپلىشىش، بىر - بىرى بىلەن تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى. چەت ئەلدىكى بەزى «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ تەشكىلاتلىرى ۋە غوللۇق ئادەملىرى تارقاق ھالەتتىن پەيدىنپەي بىرلىشىش ھالىتىگە ئۆتۈپ، تەسىر كۈچىگە ئىگە رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات ياكى نىسپىي يەر شارىلاشقان بىرلەشمە تەشكىلاتلارنى قۇردى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، «شەرقىي تۈركىستان 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتىيى» دا نۇقتىلىق ھەل قىلىنىدىغان تەشكىلات مەسىلىسىمۇ بېسىقىپ قالدى. چەت ئەلدىكى «شەرقىي

تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ غوللۇق ئادەملىرى بىرلىشىش ھەققىدە ۋائىزلىق قىلىشقانىدۇ.

## چەت ئەللەردىكى سىياسىي پارتىيىلەر ۋە سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ

«شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان چەت ئەللەردىكى مەلۇم سىياسىي پارتىيىلەر «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، «ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى» ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى ئالدۇئان «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلەشتىكى مۇھىم ئوبيېكتى. ئۇنىڭدىن باشقا، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېت، تەتقىقات ئاپپاراتى ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىگە خىزمەت ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار تۈركىيەدىكى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، كاچە ئۇنىۋېرسىتېتى، دۆلەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە شىركىتى (TRT)، ياۋروپا ئاسىيا ئىستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى بەزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش، خەۋەر قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

## تېررورچىلىق ئوبرازىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ

«11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، بەزى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى خەلقئارادىكى تېررورلۇققا قارشى سادادىن قورقۇپ، بارلىق «شەرقىي تۈركىستان» چىلاردىن

ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇش، تېررورلۇق ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، «تۇتقا» بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. «شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمئىيىتى» بىلەن «شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى» ئافغانىستاندىن تۈركىيىگە قېچىپ بارغان «شەرقىي تۈركىستان»چىدىن ئون نەچچىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى «سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىدى» ھەمدە ئۇلارنىڭ دالاينىڭ يولىنى تۇتۇشىنى، تەشكىلدىن ئايرىلىپ، چاتاق تېرىماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى بارلىق ئەزالىرىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىپ، سىياسەت سەۋىيىسى ۋە ئۈنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قارشى ئېلىنىدىغان توپقا ئايلاندۇرۇش ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان» ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن غول قوشۇن يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى پۈتۈن دۇنياغا ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان»چىلارنىڭ تېررورلۇق جىنايىتىنى ئاشكارىلىغان كېيىن، ئۇلار يەنە ھەييارلىق قىلىپ تېررورچىلىق ئوبرازىدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

### *غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنى داۋاملىق قوللاۋاتىدۇ ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىۋاتىدۇ*

غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنى قوللاۋاتىدۇ ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال تۇيۇقسىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا تىبەت ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئالدىنى توسۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا ئون نەچچە «شەرقىي

تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ بىرىنىڭ تېررورچى تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن قوللاپ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىۋاتىدۇ. «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر يولىلا كىرىشىگە قىممەتلىك پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى ھەربىي كۈچى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرسا، نېمىلا دېمىگەنبىلەن، جۇڭگو ئىستىراتېگىيىلىك قورشاۋدا قالىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئېھتىماللىقنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ.

قىسقىسى، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ۋە تېررورلۇق ئۇرۇشى قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ ھەمدە غەربىي ئاسىيا لاگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا قورغان، ياۋروپا، ئامېرىكا خەلقئارا مۇنبەر، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ئارقا تىرەك، شىنجاڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىنغان ئومۇمىي ۋەزىيەتنى دەسلەپكى قەدەمدە ھاسىل قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش ۋەزىيىتى كەسكىن، مۇرەككەپ بولىدۇ. بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ ۋەزىپىسى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشكۈل بولىدۇ.

# 13. شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتى — تارىخى ۋە هازىرقى هالىتى

*شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيىتى شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتىنى بەلگىلەيدۇ. بولۇپمۇ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان بارغانسېرى دۆلەت بىخەتەرلىكى ئومۇمىيىتىگە چېتىلىۋاتىدۇ، خەلقئارا چوڭ مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ، بارغانسېرى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇۋاتىدۇ.*

*يەن جىپىڭ*

جۇغراپىيىۋى سىياسىي مۇناسىۋەت خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بىر دۆلەتنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چېگرا رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. يەنى، ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئامىلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق دۆلەت قوشنىسىنى ئۆز تاللىيالمايدۇ، شۇڭا قوشنىلىرىنىڭ ئىچكى ئىشىغا پالان - پۇستان دەپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس ھەم ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك. لېكىن، قوشنا دۆلەت قۇدرەتلىك ياكى ئاجىز، مۇقىم ياكى قالايمىقان، دوست ياكى دۈشمەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامىنى يات تۇيغۇ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسى 20 نەچچە مىڭ كىلومېتىردىن ئۇزۇن بولۇپ، 15 دۆلەت بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ چېگرا لىنىيىسى 5000

كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، شىنجاڭ ھازىر قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان، موڭغۇلىيە ۋە رۇسىيىدىن ئىبارەت 8 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ ۋە جۇڭگو زېمىنىنىڭ $\frac{1}{6}$ نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ دىن تارقالغان رايون. بۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخ، دىن، مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە غەرب ئەللىرىدىكى بەزى مىللەتلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا شىنجاڭدىكى جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئامىل ئۆزگىچە ھەم ھەرىكەتچان بولۇپ، تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى ئەتراپىتىكى مۇھىتنىڭ سىياسىي خەرىتىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. دەۋرگە خاس ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغىمۇ ھەرخىل تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ.

## شەرقىدە شىنجاڭ، غەربىدە<br>بېقىندى ئەللەر بار

شىنجاڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان. شۇڭا بىز شىنجاڭنى «ئىچكى ئاسىيا» دەپ ئاتايمىز. ئىچكى ئاسىيا شىنجاڭدىن باشقا بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت، ئافغانىستان، ئىراننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە موڭغۇلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىختا قەدىمكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ جاي قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىچكى ئاسىيا رايونلىرى مۇئەييەن تارىخىي مەدەنىيەت ئالاقىسىغا ئىگە. لېكىن، ئومۇمىي

جەھەتتىن قارىغاندا، ئىچكى ئاسىيا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، دۇنيانىڭ ئۆگزىسى — پامىر ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان؛ شەرق تەرىپى، يەنى شىنجاڭ - مۇڭغۇلىيە رايونلىرى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك غىدىقلىشىغا ئۇچرايدۇ. غەرب تەرىپى جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بۇ جايدا جۇغراپىيىلىك ئامىل كۆزگە كۆرۈنەرلىك. شىنجاڭ ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىقتىن تۈزۈلگەن. تەڭرىتېغى بىلەن قاراقۇرۇم تېغى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى چوڭ تاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، تەڭرى تېغى شەرقتىن غەربىي جەنۇبقا، قاراقۇرۇم تېغى شەرقتىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان. ئىككى تاغ پامىر ئېگىزلىكىدە تۇتىشىغان بولۇپ، زور تاغارغا ئوخشايدۇ. تاغارنىڭ تېگى پامىردا، ئەمما تاغارنىڭ ئېغىزى شەرققە يۈزلەنگەن بولۇپ، خېشى كارىدورى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىچكى جايلار بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇڭا، قاتناش نىسپىي قۇلايلىق بولغان. مانا بۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن بۇيان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بىر گەۋدە بولالىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشتى.

مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى، ئىقتىساد، سودا جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ سىياسىي تەسىرى پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغان. لېكىن، گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جۇڭگو قوشۇنى ھەم مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ئاساسەن شىنجاڭ، مۇڭغۇلىيەدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم تەسىس قىلىنغان. قەدىمكى زاماندا، شىنجاڭ ئىنتايىن بېكىك ھالەتتە تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىدە جۇڭگو خاندانلىقلىرىغا جەڭ

ئېلان قىلالايدىغان دۈشمەن كۈچ بارلىقتا كەلمىگەن. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ غەربىدە چىڭ سۇلالىسىغا ئۆلپان تاپشۇرىدىغان ھەم ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان فېئودال خانلىق، يەرلىك گورۇھ، قەبىلىلەر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى مۇھىتى بىخەتەر ئىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشى دەۋرىدە چىڭ سۇلالىسىدىكى داڭلىق مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋېي يۈەن (1794—1857) «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:

شىنجاڭنى تەڭرىتېغى ئىككىگە بۆلۈپتۇرىدۇ، جەنۇبتا مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار)، شىمالدا جۇڭغارلار (جۇڭغارىيە) بار، سىرتى كۆكئارت (پامىر) بولۇپ، شەرق تەرىپى شىنجاڭ، غەرب تەرىپى بېقىندى ئەللەردۇر. بېقىندى ئەللەر يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: تەڭرىتېغى يولىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە قازاقلار، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) ياشايدۇ. ھەممىسى كۆچمەن ئەللەر بولسىمۇ، لېكىن جۇڭغارلار. مۇسۇلمانلار مۇڭغۇللارغا ئوخشىمايدۇ، كۆكئارتتىن ئۆتۈپ غەربىي شىمالدا ئەنجان (ئۆزبېك) بارغەربىي جەنۇبىدا بەدەخشان، ئافغان (ئافغانىستان) بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئەللىرى بولسىمۇ، كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى بېقىندى ئەللەردە، كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكىدەك ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەسىس قىلىنمىغان.

«كۆكئارتنىڭ شەرقىدە شىنجاڭ، غەربىدە بېقىندى ئەللەر بار» دېگەن قاراش شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى جۇغراپىيىۋى سىياسىيسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى ھېسابلىنىدۇ. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، شىنجاڭنىڭ چېگرا سىرتىدىكى قازاق، بۇيرۇت قەبىلىلىرى، قوقەنت (ئۆزبېك)،

بولۇر، كەشمىر، ئافغان (ئافغانىستان) ئەللىرى ئەلچىسى ئەۋەتىپ، ئولپان تاپشۇرۇپ چىڭ سۇلالىسىگە بېيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى قەبىلىلەرگە قاراتقان ئاساسىي سىياسىتى «ئوردىنىڭ سەلتەنىتىگە بويسۇنسىلا بولدى قىلىش» بولغان. فرانسىيىلىك بىر ئالىم ئېيتقاندەك: «(شۇ چاغدىكى) جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى يىراقتىكى بۇ ئولپان تاپشۇرغۇچىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئىدى... ئۇ ئۆز سەلتەنىتىنىڭ دۇنيانىڭ چەتلىرىگە تارقىلىشى بىلەنلا قانائەتلىنەتتى. خاندانلىق ھوقۇقىدىن رازى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي رولى... ئولپان تاپشۇرغۇچى قارام ئەللەر ئارىسىدىكى تىنچلىقنى ساقلاش، ئۇلاردىن ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە قوغداشنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى». ① چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئادەتتە چېگرا سىرتىدىكى قەبىلىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «قارام خەلقلەر»، «چېگرا سىرتىدىكى قەبىلىلەر»، «بېقىندى ئەللەر» دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزمىغان، ئەمەلدار قويمىغان، باج ئالمىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە دىپلوماتىيىسىگە ئارىلاشمىغان، ئەلۋەتتە قارام قەبىلىلەر بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېقىنلىق مۇناسىۋىتى كۆپىنچە جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا باغلىق ئىدى. ۋېي يۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «كۆككىئارتىنىڭ شەرقىدە شىنجاڭ، غەربىدە بېقىندى ئەللەربار» دېگەن ۋەزىيەت ئىچكى ئاسىيانىڭ كىندىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن

① موللىس گۇران: «17 — 18 - ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا»، «ئۇيرات مۇڭغۇللىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تەرجىمىلەر»، 14 - قىسمى.

كېيىنكى ئۇزاق ۋاقىتلار جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلار، يەرلىك گۇرۇھلار، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى نىزا ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشتىن بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئامىل تارىم ۋادىسىدىن تاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان پەرغانە ۋادىسىدىكى سىياسىي كۈرەش ۋەزىيىتى ئىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ قوقەنت خانلىقى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەرغانە ئويمانلىقىدا باش كۆتۈرۈپ، سىرتقا كېڭەيگەن. 1820 ـ يىلدىن كېيىنكى يېرىم ئەسىر داۋامىدا شىنجاڭدىكى ئىسلام ھوقۇقدارى جاھانگىر خوجا، يۇسۇپ خوجا، ۋەلىخان خوجا قاتارلىقلارنى قۇترىتىپ، قەشقەر، زەرەپشان (يەكەن) قاتارلىق جايلاردا بۆلگۈنچىلىك قىلغان، توپىلاڭ قوزغىغان. 1865 ـ يىلى قوقەنت خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، قوقەنت مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. ياقۇپ بەگ «ئاتالىق غازى» دەپ ئاتالغان، بۇ بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## شىنجاڭغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا مۇڭغۇل زېمىنىنى ساقلاپ قالغىلى، ئاستانىنى قوغدىغىلى بولىدۇ

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، شىنجاڭ يۈزلەنگەن خەلقئارا مۇھىتتا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ئەنگلىيە، روسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاسىيا كىندىكىدە

كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىدا مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ.
ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى 17 ـ ئەسىردە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ھىندىستاننى شەرقتىكى ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىردى. ئاساسلىقى ھىندىستاندىن ئافغانىستان ۋە ئىرانغا كېڭەيدى. ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىسى رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز تىككىلى ئۇزۇن زامان بولغانىدى. پېتىر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، ئىككى تارماق رۇسىيە ئارمىيىسى كاسپى دېڭىزى ۋە سىبىرىيە ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولغانىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ بىر ئەسىرلىك كېڭەيمىچىلىك نەتىجىسىدە، چاررۇسىيە قازاق دالاسىنىڭ غەربى ۋە ئوتتۇرىسىنى پەيدىنپەي ئىگىلىدى. ئەنگلىيە بىلەن چاررۇسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى 1837 ـ 1838 ـ يىلىدىكى «ھېرات كرىزىسى» دە توقۇنۇشۇپ قالدى. ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى ھېرات تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمور ئىمپېرىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم بازار بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئېنگېلس «ھېرات كۇچلۇك دۆلەتلەرنىڭ ئىران ۋە تۈركىستاننى ئىگىلەشتىكى قورالى ئىدى»[1] دەپ كۆرسەتكەن. شۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن چاررۇسىيە ئىراننىڭ ھېراتنى ئېلىشىغا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى ئۇنى قوللاش كېرەكمۇ دېگەننى چۆرىدەپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى

[1] «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 12 ـ توم، 133 ـ بەت.

باشلىغان. چاررۇسىيە ئەنگلىيە بىلەن تىركىشىش ئۈچۈن، 1839 ـ يىلى خىۋە خانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. ئورىنبورگنىڭ گېنېرال گوبېرناتورى بىلوۋسكى قوماندانلىقىدىكى ئىستېلاچى قوشۇن شىۋىرغاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. لېكىن، چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەسكەر كىرگۈزۈش پىلانى توختاپ قالمىدى. چاررۇسىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى مۇشۇ جايدىن شەرققە، يەنى ئۆزبېك قوقەنت خانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىلىش ئىدى. 30 نەچچە يىل مۇستەملىكە ئۇرۇشى قىلىش ئارقىسىدا، ئۆزبېكلەرنىڭ بۇخارا، قوقەنت، خىۋە خانلىقلىرى بىلەن تۈركمەنلەرنى ئىستېلا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى كۈچلىرى شىمالدىن ھۇجۇم قىلىپ، كەشمىرنى بويسۇندۇرۇپ، چام ـ كەشمىر ئىتتىپاقىنى قۇردى ھەمدە پەنجاپنى يۇتۇۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېبىر تاغ ئېغىزىغىچە كېڭەيتتى. 1891 ـ يىلى چاررۇسىيە پامىرغا كىرىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ ئەنگلىيە ۋە رۇسىيىدىن ئىبارەت تاجاۋۇزچىلىق نىيىتى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى مۇستەملىكىچىنىڭ ئارىسىدا قالدى.

چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىۋاتقاندا، ئۆزبېك قوقەنت خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەن «يەتتە شەھەر» ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 1871 ـ يىلى چاررۇسىيە مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، شىمالىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئىلىنى بېسىۋالدى. شىنجاڭ پارچىلىنىش، بۆلۈنۈشتەك ئېغىر كرىزىس ئىچىدە قالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەنشى، گەنسۇ تەۋەسىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ياقۇپ بەگ (1876 ـ 1877) نى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىپ

(1881ـ يىلى)، شىنجاڭنى تولۇق ئىگىلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا چارروسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئامۇ دەرياسىدىن پامىرغىچە بولغان ئارىلىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ زېمىنى ۋە تەسىر دائىرىسىنى بېكىتىپ، ئىگىلىگەن يېڭى زېمىنلىرىنى ھەزىم قىلىش ۋە مۇقىملاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. ئەنگلىيە، چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرى شىنجاڭغا يامان نىيەتتە بولۇپ، شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىشقا كۆچى يەتمىسىمۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشىغا يول قويمىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۆرەش قىلىش ۋە چەكلەش نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئىككى چوڭ كاپىتالىستىك كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ھەربىي ھۇجۇمى ئاستىدىكى ئارىلىق جاي، ئىقتىسادىي جەھەتتە تالىشىدىغان ئالدىنقى سەپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭغىچىلىك شىنجاڭ ئېغىر سىياسىي مالىمانچىلىق ۋە دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر تىنجىپ قالدى. بىر جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، يەنە بىر جەھەتتىن قانداقلا بولمىسۇن شىنجاڭ بۆلۈنۈپ كەتمىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىن ۋاز كېچىش ياكى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسىدە، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا كەسكىن بەس ـ مۇنازىرە بولغان. كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىيون، مۇتەپەككۇر زوزۇڭتاڭ (1812 — 1885) چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە مۇنداق دېگەن:

شىنجاڭغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، مۇڭغۇل زېمىنىنى ساقلاپ قالغىلى، ئاستانىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. غەربىي شىمال رايونىنىڭ زېمىنى تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ۋەزىيىتى مۇكەممەل، ئۇ يەردە ھېچقانداق يوچۇق يوق. ئەگەر شىنجاڭ

پۇختا بولمىسا مۇڭغۇل قەبىلىلىرى خاۋاتىرلىنىدۇ، شەنشى، گەنسۇ، سەنشى ئەتراپلىرى ھەرۋاقىت پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ، قوغداي دەپمۇ قوغدىغىلى بولمايدۇ، بۇ بىۋاسىتە ئاستانىنىڭ ئەمىنلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.①

«شىنجاڭغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، مۇڭغۇل زېمىنىنى ساقلاپ قالغىلى، ئاستانىنى قوغدىغىلى بولىدۇ». بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئېتىراپ قىلىنغان، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىكى مۇناسىۋىتى تەھلىل قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىلدا، گېرمانىيىلىك راسېل (F. RAtzel) جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئىلمىنىڭ بەزى ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.② ھالبۇكى، زوزۇڭتاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ھەققىدىكى نادىر تەھلىلى ھازىرمۇ بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

## قۇۋۇق سىرتىدىكى يېگانە جاي — شىنجاڭ

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، جاھانگىرلارنىڭ يەر شارى مىقياسىدىكى بۇلاڭ ـ تالىڭى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇرۇش مەيدانىدىن يىراقتىكى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئۇرۇشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى كۆرمىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا

① «مەرىپەتپەرۋەر، مەدەتكار ھەزرەت زوزۇڭتاڭنىڭ پۈتۈكلىرى» 50 ـ جىلد.
② راتسېل 1896 ـ يىلى «دۆلەتنىڭ شەكىللىنىش قائىدىسى» نى ئېلان قىلغان، كېيىنكى يىلى يەنە «سىياسىي جۇغراپىيە ئىلمى» نى ئېلان قىلغان. «جۇغراپىيىلىك سىياسىي» (Geoplitik) ئۇقۇمىنى شۋېتسىيىلىك جېللون (R. K. jellen) 1901ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما راسېل جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئىلمىنى بەرپا قىلغۇچى دەپ قارىلىدۇ.

پارتلىغان ئىككى ئۇلۇغ ئىنقىلاب — جۇڭگودىكى شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن رۇسىيىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. مەنچىڭ خانلىقى بىلەن رومانوف خانلىقى بۇ ئىككى چوڭ ئۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبكە كۆرە، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى بىراقلا ئاغدۇرۇۋەتتى. شىنجاڭ ھاكىمىيىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاشلا كونا بيۇروكراتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، مىلىتارىستلارنىڭ 30 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈردى. 1907 - يىلى تۈنجى قېتىم «ياپونىيە - رۇسىيە مەخپىي كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، «قۇرۇم ۋە چوقتۇ ئارىسىدىكى جايلار رۇسلارنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىگە كىردى». ① شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۆلكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. چارروسىيىنىڭ قۇترىتىشى ۋە قوراللىق مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، قۇرۇم گېگەنى جېبسۇن دامبا 1911 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، «بۈيۈك مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسى» نى قۇردى. تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئېلىمىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالدى. 1912 - يىلى شىنجاڭغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھەربىي تۇتۇق ياڭ زېڭشىن (1863 — 1928) بىر قېتىمقى سۆزىدە مۇنداق دېگەن:

«قۇۋۇق سىرتىدىكى يېگانە جاي شىنجاڭ خەن، تاڭ

---

① جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «چارروسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى، 2 - قىسىم 727 - بەت.

سۇلالىرى دەۋرىدە گاھى يۇز ئۆرگەن، گاھى بېقىنغان، بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە غەلىيانىنىڭ كۆپ بولغانلىقى، باشقۇرۇشقا چولا تەگمىگەنلىكى سەۋەب بولغان… ھازىرقى ۋەزىيەت تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئېچىپ، ئۆلكە تەسىس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەربكە يۇرۇش قىلىشى ئۇچۇن سەرپ بولغان ھەربىي خىراجەتنى ۋە تىنچ دەۋردە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ شىنجاڭغا سەرپ قىلغان خىراجىتىنى ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك شىنجاڭنىڭ يۇكىنى شۇنچە كۆپ ئۇستىگە ئالدى. ناۋادا شىنجاڭنى تۇتۇپ تۇرالمىساق، سىرتتىن كۇچلۇك قوشنىلار كۆز تىكىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن تاشقى مۇڭغۇل يۇتۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گۇزەل ماكان ياتلارنىڭ قولىغا چۇشۇپ قالىدۇ». ①

ياڭ زىڭشىن ئوتتۇرىغا قويغان «قۇۋۇق سىرتىدىكى يېگانە جاي» ئۇقۇمى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى پۈتكۇل مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي جەھەتتىكى ئاساسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئىدى، بۇ چاغدا ئىككى ئىش شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە تەھدىت پەيدا قىلاتتى.

شەرق تەرەپتە تاشقى موڭغۇل «مۇستەقىللىقى» پەيدا بولدى. چاررۇسىيە تاشقى موڭغۇلىيىنى مۇستەقىل بولۇشقا قۇترانقان ھەمدە ئەسكەر چىقىرىپ شەرقتىكى قوبدۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، ياڭ زىڭشىن سەرخىل قىسىمدىن ئۇچ كۇرە ئەسكەرنى دەرھال ياردەمگە ئەۋەتكەن. ② لېكىن، ياردەمچى قىسىم يېتىپ بارالمىغان بولغاچقا، قوبدۇ 1912 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ

---

① «يولۋاس بەگنىڭ تەسلىمىسى»، تەيبېي، 1969 ـ يىلى نەشرى، 39 ـ بەت. بەي جېنشېڭ قاتارلىقلارنىڭ «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى، 103 ـ بەت.

② بورھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، 31 ـ بەت.

كۆنى قولدىن كەتكەن. 1913 - يىلى 6 -، 7 - ئايلاردا رۇسىيە- موڭغۇلىيە ئارمىيىسى ئالتايغا ھۇجۇم قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قوبدۇ - ئالتاي جېڭى باشلانغان. شىنجاڭ ئۆلكە ئارمىيىسى قاتتىق زەربە بېرىپ بۇ زېمىننى ساقلاپ قالغان. ئالتاي بۇرۇن قوبدۇدىكى مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، تاشقى موڭغۇلنى ساقلاۋاتقان ئۇلاستاي جياڭجۈنىگە قارايتتى. 1905- يىلى ئالتاي قوبدۇدىن ئايرىپ چىقىلىپ خان ئامبال قويۇلغان ھەم مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاستە قارىغان. 1919 - يىلى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئالتاي خان ئامبىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئالتاينى ۋىلايەت قىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قوشقان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، تاشقى موڭغۇل رايونى رۇسىيە ئاق باندىتلىرىنىڭ پائالىيەت ماكانى بولۇپ قالغان. رۇسىيە ئاق باندىتلىرى ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ ياردىمىدە، «بۈيۈك موڭغۇل پىلانى»نى پائال يولغا قويۇپ، ياپونىيىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى قورچاق ھاكىمىيەت قۇرماقچى بولغان. 1921 - يىلى 7 - ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىسىز موڭغۇلىيىگە كىرىپ ئاق باندىتلارنى بىتچىت قىلىپ، موڭغۇلىيە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. 1924 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت رۇسىيىسى جۇڭگو بىلەن «جۇڭگو بىلەن رۇسىيىنىڭ سۆرىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلارنى ھەل قىلىش پروگراممىسى»نى ئىمزالاپ، «تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە جۇڭگونىڭ بۇ زېمىندىكى ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغان». لېكىن، موڭغۇلىيە بۆلۈنۈپ چىقىپ، شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۈچ تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان.

غەرب تەرەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش مىللىي جۇمھۇرىيىتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، چارروسىيىدىن قالغان مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى ئالدى بىلەن دۈچ كېلىدىغان مەسىلە بولدى. روسىيىدىكى ماركسىزمچىلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» نى ئېتىراپ قىلىشتا، كونكرېت ئېيتقاندا چېگرىدىكى مىللىي رايونلاردا «مىللەتلەرنى ئايرىش سىياستى» نى يولغا قويۇپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلەرنى قۇرۇش، ئاندىن سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىدا ئۇلارنى «قايتىدىن بىرلەشتۈرۈش» ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. ستالىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئەگەر بۇ دۆلەتلەر سوۋېتقا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ باراۋەر ئەزاسى بولۇشنى خالىسا، بولشېۋىكلار شەرق خەلقىنىڭ ئارزۇ قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئىگە بولغان بولاتتى»①. 1920 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەسلىدىكى چارروسىيە يايلىقىنىڭ گوبېرناتور رايونىدا روسىيە فېدېراتسىيىسىگە قاراشلىق قىرغىز سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى (قازاق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلى) قۇرۇلدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇنجى مىللىي دۆلەت ئىدى. ئاقلار ئارمىيىسى ۋە باسمىچىلارنىڭ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت روسىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاجىك دەپ ئايرىغان ھەمدە بەش مىللىي جۇمھۇرىيەتنى سۈنئىي

① ستالىن «ماركسىزم ۋە مىللەت، مۇستەملىكە مەسىلىسى»، 287 ـ 288 ـ بەتلەر، خەلق نەشرىياتى 1953 ـ يىلى نەشرى.

ئۇسۇلدا قۇرۇپ چىققان① . 1920 ـ يىلى قىرغىز (قازاق) سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيىدا مۇنداق خىراپنامە ئېلان قىلىنغان:

بىز قىرغىز (قازاق) خەلقى شەرقتە ياشايمىز, شەرقتىكى مىللەتلەر بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىمىز. بىز رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى تارقاتقۇچىلارمىز. بىزنىڭچە ئىنقىلابى شەرق تارقاق ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىپ پۈتۈن دۇنيادىكى زومىگەرلەر بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. كۈرەش داۋامىدا كوممۇنىزم ئىدىيىسى شەرق ئەللىرىگە سىڭىپ كىرىپ، شەرق خەلقىنى ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىۋاتىدۇ ... قىرغىز سوۋېت جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ شەرقنىڭ ئىنقىلاب مەكتىپىگە ئايلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغ دەۋردە بىز بارلىق ئامالىلارنى قوللىنىپ كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى شەرققە كېڭەيتىمىز② .

بۇ شەرققە «ئىنقىلابنى يەتكۈزۈش» نى مەقسەت، مىللەتچىلىكنى بايراق قىلغان خىتابنامە بولۇپ، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرغان ھەمدە «رۇسىيە ۋەقەسىگە پىكىر» ناملىق تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېگەن:

---

① بەزى ئوبزورلاردا مۇنداق دېيىلگەن: «(مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى)نى رەسمىي ئېتىراپ قىلىش رۇس بولمىغان مىللەتلەردە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل، شۇنداقلا ئۇلارنى دېڭىكىن ۋە كولچاك بىلەن قارشىلاشتۇرۇشتىكى توغرا ۋاستە»، «بۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك تاكتىكا» رۇسىيە پارچىلانماستىن بۇرۇن، 1922 ـ يىلى قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى يەككە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەردىن تەركىب تاپقان ئىتتىپاق بولۇپ، 70 ـ يىللاردىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ چاغدا قۇرۇلغان مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر بويىچە پارچىلاندى. بۇنى شۇ يىللاردىكى رۇسىيە ماركسىزمچىلىرى ئويلاپمۇ باقمىغاندى. مانا بۇ مىللىي دۆلەت يوق. جايدا مىللىي دۆلەتنى سۈنئىي ئۇسۇلدا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەلدۇر فەن جېيىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «مۇستەقىللىق دەۋاسىمۇ، بۆلگۈنچىلىك ماجىراسىمۇ» ناملىق كىتابقا قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1999ـ يىلى نەشرى.

② «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تەرجىمە قىلغان، 1954 ـ يىل نەشرى.

ھازىر رۇسلار رۇسىيىگە قارايدىغان مۇسۇلمانلار (ئۆزبېكلەرنى كۆرسىتىدۇ) ، بۇيرۇتلار (قىرغىزنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىق مىللەتلەرگە مۇسۇلمانلار مۇستەقىللىقى ئىمتىيازى بەردى… ئۇلار تەشەببۇس قىلغان مۇسۇلمانلار مۇستەقىللىقىنىڭ دۆلەت چېگرىسى يوق. ئەگەر بۇ ئىش زورىيىپ قالسا شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەتتىكى مۇسۇلمانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80 ـ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە رۇسىيە چېگرىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىدۇ. كەلگۈسىدە رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىللىقى زور دولقۇنغا ئايلىنىپ، خەتەر پەيدا قىلىشى مۇمكىن. رۇسلارنىڭ بىزگە قاراتقان قەستى ھىندىستاننىڭ ئىشى مۇقىملاشقاندىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ. نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىمى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىللىقىدىن بەكرەك ئېھتىيات قىلىشتۇر①.

قارىغاندا شىنجاڭنىڭ بۇ تۇتۇقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىدىغان «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى 1920 ـ يىلىلا چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئەگەر «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» شىنجاڭغا نىسبەتەن بىرقەدەر ئابستراكت پىكىر دېسەك، ئۇنداقتا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم شىنجاڭنى پارچىلاشتا كونكرېت قۇترانقۇ بولغان. بۇ ئىككى «ئىزم» 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا رۇسىيە ۋە ئافغانىستاندىن تارقالغان. پانئىسلامىزمنىڭ تەرغىب قىلىدىغىنى پۈتۈن دۇنيانى ئىسلام ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىش، دىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى؛

① «جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخنى ماتېرىياللار ـــ رۇسىيىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش» (مىنگونىڭ 9 ـ يىلى) ، تەيبېي، 1967ـ يىل نەشرى، 81 ـ بەت.

پانتۈركىزم دۇنيادا بىر «بۈيۈك تۈرك مىللىتى»نى توقۇپ چىقىپ، «بۈيۈك تۈرك دۆلىتى» قۇرۇشنى مەقسەت قىلىنغان، مىللەت ياكى ئىرق ئۇلارنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيادا تاجىكلاردىن باشقا مىللەتلەر تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى «ئىزم» — «ئىككى پان» ئوتتۇرا ئاسىيادا تېز تەرەققىي قىلدى ھەم زىچ گىرەلەشتى، بەزىدە بىر - بىرىنى شەرت قىلدى. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئالاقىسى ئىلمىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، «ئىسلاملىشىش» ۋە «تۈركلىشىش» جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا «ئىككى پان» ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا تولىمۇ قولاي ھالدا كىرگەن. 1933 - يىلى ۋە 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلىدا قۇرۇلغان ئىككى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» «ئىككى پان»دىن تۆرەلگەن غەلىتە تۆرەلمە، ئالدىنقىسىنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىر قوللۇق پىلانلىغان، كېيىنكىسى ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىگە پايدىلىق شۇۋىنىزمنى چىقىش قىلىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قول تىققانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. سوۋېت ئىتتىپاقى «ئىككى پان»نىڭ دەردىنىيەتكۈچە تارتقان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەنگلىيە، تۈركىيە قوللىغان سوۋېتكە قارشى باسمىچىلار «ئىككى پان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان، لېكىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشتە «ئىككى پان»دىن توسالغۇسىز پايدىلانغان.

مىنگونىڭ 1911 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، «قۇۋۇق سىرتىدىكى يېگانە جاي» شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي مۇھىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولدى. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچمەنلەر كۆچۈپ چىقىش (1912- يىلى، 1916 - يىلى، 1929 - يىلى)، ئاق ئورۇسلارنىڭ مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلىرى سۇقۇنۇپ كىرىش (1920 - يىلى)، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش (1921 - يىلى، 1933 - يىلى، 1937 - يىلى) ۋەقەلىرى، جۇڭگو موڭغۇلىيە ئارىسىدىكى شىمالىي ئالتاي ۋەقەسى (1947 - يىلى) يۈز بەردى. ئادەتتىكى مەنتىقە بويىچە ئېيتقاندا، شىنجاڭ قۇۋۇق سىرتىغا جايلاشقان، مىللىي، دىنىي ۋەزىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپ، ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك، ئۇ شەرقىي شىمال، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە غەربىي شىمال ئارىسىدابۆلۈنۈپ چىقىش ئېھتىماللىقى ئەڭ زور جاي، ئەمما شىنجاڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتمىدى. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىدىن، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكەقۇرۇلغان. ئەمما، تاشقى موڭغۇلىيىدە ئۆلكە قۇرۇلمىغان، سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۆزگىرىشىنى باشتىن ئۆتكۈزمىگەن. ئىككىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرتىپكە سېلىنغان. شەرقىي شىمال ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، چېگرا جايلار كۆچ تولۇقلانغان، تاشقى موڭغۇلىيىسىلا ئاھالە كۆچۈرۈپ ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. نەتىجىدە، تاشقى جەھەتتە كۈچلۈك

قوشنىلار كۆز ئالايتسا، ئىچكــــى جەھەتتە بەگ ـ تۆرىلەر باشباشتاقلىق قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان.①

## دوستانە ئارقا ھويلا ــــ «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى سەپ

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقتىن قارشىلىشىشقا يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت باشچىلىقىدىكى ئىكى چوڭ لاگېرنىڭ قارشىلىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 1949 ـ يىلى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. شىنجاڭ تىنچ ئازات بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق قەد كۆتۈرۈپ دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ كۈچىنى زورايتتى. 1950ـ يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت «دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىــــق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو بىلەن سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ دوستانە دەۋر باشلاندى. ئىككى دوستانە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئارقا ھويلىسى بولغان شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاســــيامۇ ئەڭ دوستانە دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسي ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ ئىقتىسادى روناق تاپتى. ئىقتىسادنىڭ روناق تېپىشى، دوستانە باردى ـ كەلدىنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن بۇ ئىككى سوتسىيالىتىك دۆلەتنىڭ دوستلۇق مۇناســــۋىتــــى

---

① ۋاڭ شۇەنچيەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «21ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭ»، سىياسي تومى، 1 ـ قىسمى «تارىخنىڭ مىراسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999ـ يىلى نەشرى.

كۇچەيدى. ھىندىستانمۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇستەقىل بولۇپ جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ دوستانە قوشنىسىغا ئايلاندى. پۈتكۈل 50 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشىلىنىپ تارىختىكى ئەڭ ياخشى دەۋرگە قەدەم قويدى.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسى ئارىسىدا ئىدېولوگىيە توقۇنۇشى يۈز بەردى. بۇ دەسلەپتە ئىككى پارتىيە ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولغانىدى. كېيىن سوۋېت شوۋىنىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. 1962 ـ يىلى ئەتىيازدا سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىسى جۇڭگو پۇقرالىرىنى سوۋېتكە قېچىپ كېتىشكە قۇترىتىپ، مەجبۇرىي «29 ـ ماي» ئىلى ـ تارباغاتاي ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇنلىغان چېگرا ۋەقەلىرىنى سادىر قىلدى. شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي بارلۇق تاغ رايونىدا ھەربىي توقۇنۇش پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت جۇڭگو ـ رۇسىيە، جۇڭگو موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى قوشۇنىنى زورايتىپ 1975ـ يىلىغا بارغاندا، بۇ قوشۇنىنى 45 دىۋىزىيە، بىر مىليون كىشىلىك كۆلەمگە يەتكۈزدى.① جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقان پەيتتە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن جىددىيلەشكەنىدى. دۆلەت ئىچىدە ئۈچ يىل تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن، تەيۋەندىكى گومىنداڭچىلار چوڭ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىمىز دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان، ھىندىستان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ئۇرۇشى قوزغاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان مەزگىلدە،

---

① «كامبىرىج جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى (1966 — 1982)»، 309ـ بەت، خەينەن نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى.

شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاقسايچىن رايونى غەربىي جەڭ مەيدانى بولۇپ قالغانىدى. 1969 ـ يىلى سوۋېت ئىستراتېگىيىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى شەرقىي ياۋروپادىن ئوتتۇر ئاسىياغا يۆتكەپ بولدى ھەمدە نۇرغۇن يادرو ئوق بېشىنى جۇڭگوغا توغرىلاپ، يادرو كۈچى بىلەن تەھدىت سالدى. 1979ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا قوشۇن چىقىرىپ، شىنجاڭنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. «شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خەۋپ سوۋېتتىكى ھازىرقى زامان شيۇجېڭجۇيىچىلىرىدىن كېلىدۇ» دېگەن ھۆكۈم جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى يامانلىشىۋاتقان جۇغراپىيىۋى سىياسىي مۇھىتقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇنداق ھالەت 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جۇڭگو بىلەن سوۋېت مۇناسىۋىتى ياخشىلانغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

جۇڭگو بىلەن سوۋېت قارشىلاشقان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالمۇتا ۋە تاشكەنت رادىئولىرى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا كۈنىگە تۆت سائەتتىن ئالتە سائەتكىچە شىنجاڭغا قارىتا ئەكسىلئىنقىلابىي ئاڭلىتىش بەردى. ئاڭلىتىش مىقدارى 20 نەچچە مىڭ ماقالە، 30 نەچچە مىليون خەتتىن ئاشتى. ئاڭلىتىشتا ئاساسلىقى «ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستان» دەپ تەرغىب قىلىندى. ئۇيغۇرلارغا «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىدەك مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىندى.① جۇڭگوغا قارشى تەشۋىقات ۋە بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈردى. بۇ مەسىلىلەر 1969 ـ يىلى پاش

①پۇكەيفۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 60 — 80 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراتقان بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى»، 13 ـ سان.

قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» تۇغدۇرغان توپىلاڭ ۋەقەسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بۇ پارتىيىنىڭ «نىزامنامە»سىدە «سوۋېتقا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى قوراللىق تارتىۋالىمىز» دېيىلگەن. بۇ پارتىيە ھەربىي ياردەم ئېلىش ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىگە 12 قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن، سوۋېتنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى جاسۇسلىرىنى قورال - ياراغ، تېلېگرامما ئاپپاراتى ۋە خىراجەت بىلەن شىنجاڭغا كۆپ قېتىم ئەۋەتىپ، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئامېرىكا ئالىملىرى «شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، سوۋېت شىنجاڭنى موڭغۇلىيىدەك ئايرىلىق دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش نىيىتىدە ئىدى. ‹ئەركىن تۈركىستان ھەرىكىتى› تەشكىلاتىدىكى نوپۇزلۇق زاتلار ئەھۋاللاردىن ئۈزلۈكسىز خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. 1962 - يىلى ئىلى توپىلىڭىدا شىنجاڭدىن قېچىپ چىققان زاتلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ تەشكىلات قورال - ياراغقا ئىگە ئىدى. بۇ تەشكىلات ئالمۇتانى بازا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى داھىيسى، گېنېرال تېيىپوۋنى باش قىلىپ، تەرەققىي قىلىپ، 70 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە يۇقىرى پەللىگە يەتتى» دەپ كۆرسەتكەنىدى①. 80 - يىللاردا شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر جانلىنىپ كەتتى. بۇنىڭغا كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار سەۋەبچى بولغان، ئەمما بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 60 — 80- يىللاردا مىللەتنى تېما قىلىپ جۇڭگوغا قارشى ئېلىپ بارغان قۇترىتقۇلۇقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1972 - يىلى نىكسون زۇڭتۇڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى

① «كامبىرىج جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى (1966 — 1982)»، 290- بەت.

نورماللىششقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ «شىمالىغا تەھدىت سېلىش» تىكى بېسىمى سەل - پەل پەسەيدى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي مۇھىتىمۇ ياخشىلانغاندەك بولدى.

## يېڭى تەھدىت —— ئۈچ «يۈنىلىش» ۋە ئۈچ «ئىزىم»

1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېتتىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى ئاياغلىشىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىگە خاتىمە بېرىلدى. لېكىن، دۇنيادا بۇنىڭلىق بىلەن تىنچلىق ئىشقا ئاشمىدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە دۇنيانىڭ بۇرۇنقى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بېرىپ، بۇرۇن بېسىلىپ قالغان مىللەت، دىن زىددىيىتى تىزگىنسىز ھالەتتە قالدى. خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋەزىيىتى ئىزىغا چۈشمىدى. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى گەۋدىلىك تېما بولۇپ قالدى. نۇرغۇن ئاكتىپ ئامىللار روياپقا چىقىپ، راۋاجلىنىپ بارغانسېرى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، 1996 - يىلى قۇرۇلغان جۇڭگو - رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان باشلىقلىرى ھەر يىلى قەرەللىك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان «شاڭخەي بەش دۆلەت» مېخانىزمى راۋاجلىنىپ 2001 - يىلى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» غا ئۆزگەردى. بۇ تەشكىلات ئوتتۇرا

ئاسىيا، ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما، خەلقئارا چوڭ مۇھىتنى ناچارلاشتۇرۇۋاتقان پاسسىپ ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، مۇئەييەن دەرىجىدە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق ئۈچ جەھەتتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

### *بىرىنچى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى يېڭى «دۈشمەن» ئىزدەۋاتىدۇ*

سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشى غەرب ئەللىرىگە نىسبەتەن بايرام بولدى. كونا دۈشمەن يوقالغانىكەن، يېڭى «دۈشمەن»نى قەيەردىن تېپىش كېرەك؟ غەربتىكى بىر كۆزەتكۈچى گۇمان قىلغاندەك «قىزىل تەھدىتنىڭ يوقىلىشى بىلەن غەربنى چاپلاپ تۇرىدىغان يېلىم كۆچتىن قالدى. غەربنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان نەرسە نېمە؟»① خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خونتىڭتون (S. P. Huntington) 1993 - يىلى «مەدەنىيەت توقۇنۇشى نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زور داغدۇغا قوزغىدى. ئۇ ئەينى چاغدا ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىرىككەن كۇڭزى مەدەنىيىتىنى چىلۋەرلىك بىلەن ئەيىبلىگەن بولسا، 1997 - يىلى «جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ يېڭى دۈشمىنى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، «ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىگە سەل قارىلىۋاتىدۇ»، «ئامېرىكىنىڭ كۈنسايىن قالايمىقانلىشىپ كېتىشى دۈشمەنسىز قالغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. دۈشمىنىمىز بولمىسا دۆلەتنى بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ»② دېگەنلەرنى ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭ سەمىگە سالدى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، بىرىنچىدىن، ئامېرىكا

---

①[ ئامېرىكا] «دەۋر ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىلى 10 - ئايدىكى سانى.
②[ ئامېرىكا] «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىنىڭ، 1997 - يىلى 10 - ئايدىكى سانى.

دۈشمەنسىز قالسا، دۆلەت بولۇپ تۇرالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ئۆزلىرىگە يېڭى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىسە، دۆلەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ خىل سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى تەپەككۇرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسى»، «يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئامېرىكا جۇڭگو توقۇنۇشى نەزەرىيىسى» ئەۋج ئالدى. غەربلىك بىر ئوبزورچى ئېيتقاندەك «جۇڭگونى ئالۋاستىلاشتۇرۇش پائالىيىتى جانلىنىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ»①. 2001 - يىلى زۇڭتۇڭ بۇش تەختكە چىقىپلا، جۇڭگونى ئىستراتېگىيىلىك ھەمراھ قاتارىغا ئەمەس، رەقىب قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە كېلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قاتتىق قول پوزىتسىيە تۇتتى. 2001 - يىلى 3 - ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىدا «جۇڭگونى 1 - نومۇرلۇق دۈشمەن دەپ قاراش تەلەپ قىلىندى». كىشىلەر شۇنىڭغا ئىنىشكە باشلىدىكى، «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېتنىڭ ئورنىنى باسىدىغان دۈشمەن تاپماقچى بولۇۋاتقان ئامېرىكىدىكى سىياسىئونلار بۇ رولنى جۇڭگوغا يۈكلەش يولىدا چوڭ جەھەتتىن كىرىشىپ ئىزدىنىۋاتىدۇ»②.

### *ئىككىنچى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك دۇنيا مىقياسىدا ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ*

سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن دۇنيادا ھازىرقى زامان مىللىي بۆلۈنمىچىلىك دولقۇنى بارلىققا كەلدى. مۇستەملىكە سىستېمىسى پۈتۈنلەي پارچىلانغان ۋە ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت

①[ئامېرىكا] «ۋول ستىرىت گېزىتى» نىڭ 1999 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى سانى.
②يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

بولغان شارائىتتا، مىللىي بۆلۈنمىچىلەر مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى شوئار قىلىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە كۆپ مىللەتلىك ئەللەردە مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۆلۈنمىچىلىك، مۇستەقىللىقنى مەخسەت قىلغان ئەسەبىي مىللەتچىلىكنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيادا لاتىن ئامېرىكىسىدىن باشقا جايدا مىللىي بۆلۈنمىچىلىك مەۋجۇت. سوۋېت 15 كە، سابىق يۇگوسلاۋىيە بەشكە بۆلۈنگەندىن كېيىن، چېچىنىيە بىلەن كوسوۋو داۋاملىق بۆلۈنمىچىلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان مىللىي بۆلۈنمىچىلىك ياپىراپ كەتتى.

## *ئۈچىنچى، ئىسلام ئەسلىيەتچى ئەسەبىيلىكى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ*

ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا شەرق رايونىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى شىمالىي ئافرىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە بولغان كەڭ زېمىنغا ناھايىتى تېز تارقالدى. ئادەتتىكى مەدەنىيەت مەنىسىدىكى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىشە قويۇق دىنىي ئەسەبىيلىك پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق كەيپىياتتا ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى سىياسىيلىشىش، تەشكىللىنىش ۋە تېررورلىشىش يولىغا ئاسان ماڭىدۇ. ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى سىياسىيلاشقان، تەشكىللاتلاشقان ۋە تېررورلاشقان ئىسلام ھەرىكىتى بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ دىنىي ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى ئەسەبىي سىياسىي ھەرىكەت، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى «غازات ئىدىيىسى» نى تەرغىب قىلىپ، تېررورلۇق قىلىپ، دىنىي، روھانىي داھىي

ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. ئۇنىڭ تىپىك شوئارى «شەرق (كوممۇنىزم) نىمۇ، غەربنىمۇ كېرەك قىلماي»، «غازات» ئەسەبىيلىكى بىلەن قانلىق تېررورلۇق قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك رايونلاردىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەر، ھەتتا نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرى (ئەسەبىينىڭ نەزەرىدە دىنىي روھانىي داھىي ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان ھاكىمىيەتنىڭ ھەممىسى 〈قانۇنسىز〉) نىڭ مۇقىملىقىغا زور تەھدىت سېلىشتىن ئىبارەت. ئۇ سىياسىي بىلەن دىنىي ئايرىۋېتىپ، دىندىن خالىيلىشىشقا بىلدۈرۈلگەن ئىشيان، شۇنداقلا خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتتىكى ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

يوقىرىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈشتە مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە خەلقئارا تېررورىزمدىن ئىبارەت ئۈچ «ئىزم» ياكى «ئۈچ كۈچ» شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى يېڭى مەسىلە بولۇپ قالدى.

**مىللىي بۆلگۈنچىلىك** سوۋېت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى روشەن ئۆزگىرىش سىياسىي خەرىتىدىكى ئۆزگىرىش بولدى. شىنجاڭنىڭ غەربىدە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىن ئىبارەت يېڭى مۇستەقىل بولغان بەش مىللىي دۆلەت بارلىققا كەلدى. سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشى شىنجاڭ دۇچ كەلگەن «شىمالىي تەھدىت» نىڭ غايىب بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. جۇغراپىيىۋى سىياسىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇنى يامان ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئامېرىكا كۆزىنى بارغانسېرى جۇڭگوغا تىكىپ، جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ خىيالىدىكى تۇنجى دۈشمەن دۆلەت قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ياخشى ئىش ئەمەس،

ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي جۇمھۇرىيەت. چېچېنىيە، كوسوۋو ۋە كەشمىر رايونلىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر كېيىنكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە باش كۆتۈرۈپ چىقتى، بۇ ئامىللار شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئىلھاملاندۇردى.

**دىنىي ئەسەبىيلىك** ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئىسلام گۈللىنىش جەريانى بارلىققا كېلىپ، ئىككى ئېقىم شەكىللەندى. بۇنىڭ بىرى، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى مىللىي گۈللىنىش مەزمۇن قىلىنغان دىنىي مەدەنىيەتنى ئېتىراپ قىلىش دولقۇنى، يەنە بىرى، ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىۋالغان ئىسلام ئەسلىيەتچى ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈش دولقۇنى. 1995 ـ يىلدىن بۇرۇن، ئالدىنقىسى ئاساسىي ئېقىم ئىدى. مىللىي دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزىغا چۈشۈشى بىلەن مىللەتچىلىكنى مەزمۇن قىلغان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى پەسىيىپ قالدى. 1995 ـ يىلدىن كېيىن كېيىنكىسى ئاساسىي ئېقىم بولدى. بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى جايلار، مەسىلەن: پەرغانىدە دىنىي كەيپىيات قۇيۇقلىشىپ كەتتى. 1999 ـ يىلى «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ۋە «ھىزبىت تەھرىر» قاتارلىق ئەسەبىي تەشكىلاتلار جانلىنىپ كەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

**خەلقئارا تېررورىزم** سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئالدى كەينىدە غەربىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، 1990ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تالىبانلار ئافغانىستاندا باش كۆتۈرۈپ بىن لادىن بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ئافغانىستان خەلقئارا تېررورىزمنىڭ مۇھىم بازىسى بولۇپ قالدى. بىزنىڭ

نەزىرىمىزدە، تېررورىزىم پارتلىتىش، گۆرۈگە ئېلىش، ئايروپىلان بۇلاش، زەھەر سېلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق قەبىھ ۋاسىتىلەرنى تەشكىللىك، نىشانلىق، پىلانلىق قوللىنىپ، ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقرالار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۇچۇرىنى كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈپ، رەزىل سىياسىي نىشانغا يېتىدۇ. سىياسىي نىشانىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى تېررورىزىمنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشتىكى مۇھىم ئۆلچەم، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى تېررورىزىمنىڭ سىياسىي نىشانى مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش ياكى دىنىي جەھەتتىن ئەسەبىيلىشىش، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدۇ، ھەم د. ي ئەسەبىيلىكنى يولغا قويىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى بۇ «ئۈچ كۈچ» ھەمىشە گىرەلىشىپ كېتىدۇ. بىن لادىنىنىڭ «بازا» تەشكىلاتى ۋە تالىبانلار چېچىنىيە، كەشمىر مىللىي بۆلۈنمىچىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار ۋە شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، رايون مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان پورۇخ تۈگۈلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئافغانىستان، كەشمىر، پەرغانە ئۈچ پورۇخ تۈگۈنى شىنجاڭغا قوشنا بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېچىن تېررورچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تېررورىزىمنىڭ «جۇپ ھىلال ئاي» بەلۋېغىنى شەكىللەندۈردى:

چېچىنىيە — ئوتتۇرا ئاسىيا — ئافغانىستان.

قىرغىزستان — ئۆزبېكىستان — تاجىكىستان — ئافغانىستان.

بۇ «جۇپ ھىلال ئاي» بەلۋېغىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى

ئافغانىستان بىلەن ئۆزبېكىستاندا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى سېپى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇدۇلىدىكى پەرغانە جىلغىسىدا. «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ ھەربىي بازىسى جايلاشقان گارم، جىرغاتال، تاۋىردالا ۋە ئۆتكەن يىللاردا ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرغان باتكىن رايونلىرى جۇڭگونىڭ چېگرىسىغا 200 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنى خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ 1 ـ سېپى دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك.

## «11 ـ سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى يېڭى مەسىلىلەر

2001 ـ يىلى ئۆزگىچە يىل بولدى. ئەسىر بېشى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىنىڭ يۈرىكى بولغان نيۇ-يورك، ۋاشىنگتون شەھەرلىرىدە دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبلىك «ئۆزگىچە» ئاتالدى. «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى ئېھتىمال دۇنيا تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇشى ياكى تارىخ سەھىپىسىدىكى بىر قىستۇرما كۆي بولۇشى مۇمكىن، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتتە شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئۆزگىرىش دېگەندە، چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش بەكرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئامېرىكا** «11 ـ سېنتەربىر» دىن كېيىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قوللايدىغان ۋە

قوللىمايدىغان دۆلەتلەرنى ئايرىپ چىقتى. ئۇنداقتا، دۈشمەن شەخس، دۈشمەن دۆلەت كىم؟ بىن لادىن دۈشمەن شەخس، لېكىن ئۇ تېررورچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر شەخستىنلا ئىبارەت. تالىبانلار تەشكىلاتىنى دۈشمەن دۆلەت دېگىلى بولامدۇ؟ لېكىن، بۇ تەشكىلات تېررورچىلارنى يىغىۋالغان قوراللىق تەشكىلاتتىنلا ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ «ھاكىمىيەت»نى خەلقئارا جەمئىيەت ھېچقاچان ئېتىراپ قىلىپ باقمىدى. «تېررورلۇققا قارشى» ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامۇسفېلد «ئامېرىكا پۇقرالىرى تېررورىزم سەۋەبىدىن ساراسىمىگە چۈشمەيدىغان شارائىت يارىتىش» — «غەلىبە» دەپ تەبىر بەردى. ئەمما، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتى تەس. ئافغانىستاندىكى تالىبانلاردىن باشقا تاغلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقان تالىبلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تېررورلۇق تورلىرىغا ھەرىكەت قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تۆت چوڭ قىتئەدە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئىستىكامى قۇرۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتتە زەربە بېرىدىغان نىشانلىرى ئىراق، يەمەن، سۇدان، سومالى، فىلىپپىن، پاراگۋاي، ئۇرۇگۋاي دۆلەتلىرى، بالقان رايونىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىدىن ئىبارەت. بۇش 2002- يىلى يىل بېشىدا «رەزىللىك ئوق مەركىزى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غۇلغۇلا قوزغاپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ خىلدىكى نىشانلىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. ئەگەر ئامېرىكا مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە مۇشۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمىسە، «ئايىغى چىقماس» ئىشلار ئامېرىكىنى دەم ئالدۇرمايدۇ. ئامېرىكا

«ئايىغى چىقمايدىغان» ، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» پاتقىقىغا پېتىپ قالسا، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىگە قايتىدىن تەبىر بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئامېرىكا ئىستراتېگىيىلىك مۆلچەر شىركىتىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ۋاشىنگتون تېررورچىلار ۋە ئىسلام ئۇرۇش، خۇمارلىرىنىڭ تەھدىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بولۇپ كەتسە، جۇڭگوغا بولغان ئەندىشىنى ۋاقتىنچە ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ قويىدۇ» .①شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە مۇھىتىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى يىرىك دىپلوماتىيە مۇھىتى ياخشىراق بولۇشى، ھېچبولمىغاندا كىچىك بۇش تەختكە چىققان ۋاقىتتىكىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا دۆلەت مىنىستىرلىقىنىڭ 2001 ـ يىلى 10ـ ئايدىكى دوكلاتىدا جۇڭگو «ئامېرىكىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى كېڭەيتىش يولى بىلەن تەھدىت سالىدىغان» ، «ئىككىنچى چوڭ تەھدىت سالغۇچى دۆلەت»② دەپ كۆرسىتىلگەن. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئاشكارىلىغان «ئامېرىكىنىڭ يادرو ۋەزىيىتى ھەققىدە مۆلچەر» ناملىق مەخپىي دوكلاتتا بەش بۇرچەكلىك بىنا جۇڭگو، رۇسىيە قاتارلىق يەتتە دۆلەتكە يادرو قورالى ئىشلەتمەكچى، دېيىلگەن. «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي (2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە) ياۋروپا پارلامېنتى ئۆزىنىڭ بىريۇسسېلدىكى باش شتاب بىناسىنى شىنجاڭ

---

① ئامېرىكا ئىستراتېگىيىلىك مۆلچەر شىركىتى تور بېكىتىنىڭ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى «جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە قايتىدىن تەبىر بېرىلدى» ناملىق ماقالىسى.
② (تەيۋەن) مەركەز ئاگېنتلىقى 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سېئول تېلېگراممىسى.

مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنىڭ «مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىشىغا بېرىپ تۇرغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا «11 ـ سېنتەبىر» نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان شەكىللەنگەن قارشىلىشىش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتەلىشى، شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ قىممەت قارشى ۋە سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

رۇسىيە سوۋېت پارچىلانغان ئون يىلدا رۇسىيە دىپلوماتىيىسى ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. پۇتىننىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن باشلانغان ئۈچىنچى باسقۇچتا «يېڭى ياۋروپا ـ ئاسىيائىزم» بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى پروگراماتىزمدىن ئىبارەت. «11 ـ سېنتەبىر» دىن كېيىن، رۇسىيە بىرنەچچە ئەسىر داۋاملاشقان ئويۇن قائىدىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا كارىدورىنى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆتۈنۈپ بەردى. رۇسىيىنىڭ ئامېرىكىغا يېقىنچىلىق قىلىشى رۇسىيىنىڭ پروگراماتىزملىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. رۇسىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل ياخشى بولۇپ، «11 ـ سېنتەربىر» دىن كېيىن تېخىمۇ ياخشىلىنىپ كەتتى. رۇسىيە زومىگەرلىككە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، NMD غا، ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە جۇڭگو بىلەن مەنپەئەتدار بولۇپ كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى 2001 ـ يىلى ئىمزالانغان «دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسى» دا ئىپادىلەندى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپ ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلگىرى سۈرگەن «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەمەلىيىتىدە چوڭقۇرلاشتى. «11 ـ سېنتەبىر» دىن كېيىن رۇسىيە ئامېرىكىغا بەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتى. بىزنىڭ بۇ يېڭى يۈزلىنىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى

كۆزىتىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھىندىستان دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇشنى خىيال قىلىپ، ھەربىي ھازىرلىقنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ نىشاندىن ئاداشقان ئارزۇ. ھىندىستان بىلەن رۇسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، رۇسىيىنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى ئاساسىي ئېقىمدا «رۇسىيە — ھىندىستان — جۇڭگو» رامكىسىدىكى «پۈرىماكوۋ ئۈچ بۇرجىكى» تەسەۋۋۇرى دەۋر سۈرگەنىدى. لېكىن بۇ تەسەۋۋۇر «ھىندىستان — ئامېرىكا — رۇسىيە» دىن ئىبارەت «ئۈچ بۇرجەك» كە بەكرەك يۈزلىنىۋاتىدۇ. «11 ـ سېنتەبىر» نىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھىندىستان NMD نى قوللىدى ھەم ئامېرىكىنىڭ تالىبانلارغا زەربە بېرىشىگە شەرتسىز مەدەت بەردى. شۇ ئارقىلىق ھىندىستان ـ پاكىستان توقۇنۇشى ۋە كەشمىر مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش كويىدا بولدى ھەم خاۋاتىرلەندى. بىز شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، دالاي گۇرۇھى بۆلگۈنچى تەشكىلات، ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلار بۆلگۈنچىلىك، ئەسەبىيلىك ۋە تېررورلۇق مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. «ئۈچ ئىزىم» گە زەربە بېرىشتە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ تىلى بىردەك، خەلقئارا جەمئىيەت تېررورىزمغا قارشى تۇرۇۋاتقان چوڭ كىلىماتتا جۇڭگو بىلەن ھىندىستان بىر ـ بىرىنى چۈشىنىپ، ھەمكارلىق يولىغا مېڭىشى مۇمكىن.

«11 ـ سېنتەبىر» دىن كېيىن «تېررورلۇققا قارشى» ھەربىي زەربە ئافغانىستاندا ئەۋجىگە چىقتى. پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت نەزىرى شىنجاڭغا يېقىن جايدىكى قوشنىمىزغا ئاغدۇرۇلدى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي ۋەزىيىتىدە 2001 ـ يىلىدىكىدەك چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ باقمىدى.

ئەڭ خەتەرلىك پوروخ تۇڭى — كەشمىر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «ئۈچ ئىزىم» نىڭ يامرىشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا كەشمىر - ئافغانىستان - پەرغانىدىن ئىبارەت ئۈچ پوروخ بوچكىسى بارلىققا كەلدى. «11 - سېنتەبىر» دىن كېيىن، تالىبانلار، بىن لادىننىڭ بازا تەشكىلاتى ۋە ئافغانىستاننى بازا قىلغان «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» كۈچلۈك زەربىگە ئۇچرىدى. لېكىن، كەشمىردىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلار ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۋاتىدۇ. كەشمىر ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ، پارتلاش نۇقتىسىغا بېرىپ قالدى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، كەشمىر بۆلۈنمىچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەسلىيەتچىلىك ۋە تېررورلۇق تۈسىنى ئېلىشى بىلەن بۇ رايوننىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. 2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەشمىردىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلار ھىندىستان دۆلەت مەجلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھىندىستان - پاكىستان مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسىغا توپلانغان ئەسكەرلەر مىليونغا يەتتى. ھىندىستان ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىكى تار كەشمىر رايونىدا 500 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى. 1800 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ھىندىستان - پاكىستان ئالدىنقى سەپپىدىكى ھەرقانداق جايدا بىرەر ئۇچقۇن چاقناپ قالسا، بىر مەيدان ئېغىر ھەربىي توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئاتوم ئۇرۇشى تۇمانلىرىنىڭ بۇ جايلارنى قاپلىشى تۇرغانلا گەپ. مۆلچەرلىنىشىچە، يادرو ئۇرۇشى پارتلاپ قالسا، 1 - كۈندىلا 12 مىليون ئادەم ئۆلىدىكەن. ① كىشىلەر ۋاجىپايى بىلەن مۇشەررەفنىڭ يادرو ئۇرۇشى قىلماسلىق ھەققىدىكى ۋەدىلىرىگە ئىشەنسىمۇ،

---

① ئامېرىكا مىكرو سوفىت شىركىتى — مەملىكەتلىك رادىئو شىركىتى تورپونكىتىنىڭ 2002 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈندىكى ماقالىسى

تاسادىپىي ۋەقە ۋە چۈشەنمەسلىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. كەشمىر ئەڭ خەتەرلىك پوروخ تۇڭى بولۇپ قالدى. ھەر ۋاقىت پارتلاش ئېھتىمالى بولغان بۇ پوروخ تۇڭىغا يېقىن جايلاشقان شىنجاڭ بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلماي تۇرالمايدۇ.

**«كېيىنكى تالىبانلار» مەسىلىسى** ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ئۇرۇش باشلىغاندىلا، بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. كەڭ ئاساسقا ئىگە بولغان، ئافغانىستاندىكى ھەرقايسى تەرەپلەر قوبۇل قىلالايدىغان ھەمدە ھەرقايسى ئەللەر، بولۇپمۇ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلەيدىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئافغانىستاندا مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى. ئەمما، بۇ ئون نەچچە يىل ئىچىدە كۆز يەتمەيدىغان ئارزۇ بولۇپ قالدى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەدىتى بىلەن ئافغانىستان ئاۋام مەجلىسى يېڭى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سايلاپ چىقتى. لېكىن، ئافغانىستاندىكى گۇرۇھلار ئارىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. «كېيىنكى تالىبانلار» ئىستىقبالىدىن خۇشاللىنىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، شۇ نەرسىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئافغانىستاندا تىنچلىق ئەسلىگە كەلمىسە، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا تىنچلىق ئىشقا ئاشمايدۇ.

**«ئالدىنقى سەپ» دۆلەتلىرى** ئامېرىكا تالىبانلارغا ھەربىي جەھەتتىن زەربە بەرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئافغانىستاننىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردىكى ئۆزگىرىش ئەڭ چوڭ بولدى. ئەمما، ئەڭ چوڭ چاتاق چىقىدىغان دۆلەتلەر — پاكىستان، ئۆزبېكىستان ۋە ئىراندىن ئىبارەت.

پاكىستان تالىبانلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى ۋە ئاساسلىق قوللىغۇچىسى بولۇپ كەلدى. ئامېرىكا تېررورچىلار ۋە ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالغۇچىلارغا زەربە بېرىدىغانلىقىنى ئېلان

قىلغاندىن كېيىن، پاكىستانمۇ زور بېسىمغا ئۇچرىدى. پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تالىبانلارنى قايىل قىلىشتىكى دىپلوماتىيە تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇئەييەن پايدىغا ئېرىشتى. 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پاكىستاندا ئامېرىكىغا، ھۆكۈمەتكە قارشى مىليون كىشىلىك نارازىلىق نامايىش، پارتلىدى. ئامېرىكا تالىبانلارغا ھەربىي زەربە بەرگەن بىر ئاي ۋاقىتتا، تەخمىنەن 4000 پاكىستانلىق ئافغانىستانغا كىرىپ، تالىبانلار بىلەن مۆرىنى - مۆرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، زۇڭتۇڭ مۇشەررەف «مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە دۆلەت مەنپەئىتىنى مۇھىم بىلىش كېرەك» دەپ قايتا - قايتا مۇراجىئەت قىلدى. ئەمما، ئەسەبىيلەرنىڭ بېسىمىغا قارشى ھالدا ئامېرىكىغا ئەگىشىپ قانچىلىك ماڭغىلى بولىدۇ؟ ئامېرىكا بىلەن دۆلەت ئىچىدىن كېلىدىغان قوش بېسىم ئاستىدا مۇشەررەف ھاكىمىيىتى قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى قانداق مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك؟ بەزى خەلقئارا كۈزەتكۈچىلەر بۇ كىرىزىسنىڭ ئەڭ خەتەرلىك «تەۋرەش مەركىزى» پاكىستاندا دەپ قارىماقتا. 2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، مۇشەررەفنىڭ تىرىشچانلىقى كەڭ كۆلەمدە ئېتىراپ قىلىنغاندەك تۇراتتى. پاكىستان ھۆكۈمىتى ئەڭ قىيىن مەزگىلدىن ئۆتۈپ كەتتىمۇ - يوق؟ بۇنى يەنە يېقىندىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. پاكىستاندا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز

بەرمىسە، ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىدە چاتاق چىقمايدۇ.

ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، رۇسىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئالدىنقى يىللىرى غەرب پەرەس ئىتتىپاق — قەدىمكى ئامۇ ئىتتىپاقىغا كىرىپ، بۇ ئىتتىپاقنىڭ (گىرۇزىيە، ئەزەربەيجان، ئۇكرائىنيە، ئۆزبېكىستان ۋە مولداۋانى ئۆز ئىچىگە ئالغان) 5-ئەزاسىغا ئايلاندى. ① ئۆزبېكىستان ئىككى يىلدىن بۇيان، تالىبانلارنى قالقان قىلغان IMU قورallىق تېرروrچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، تېرروrلۇققا زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇردى. بۇ ھەرىكەتتە رۇسىيە مەدەت بەرگەن بولسىمۇ غەرب ئەللىرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزبېكىستان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا پائال قاتنىشىپ، رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. ئەمما «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۆزبېكىستان ئامېرىكا بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىش يولىنى تاللاپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ۋە ئايروپىلانلىرىنى يەر ئۈستى ھاۋا ئارمىيە بازىسى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئافغانىستاندا ئېرىشكەن بىردىنبىر پۇختا قۇرۇقلۇق مەدىتى ئىدى. ئۆزبېكىستاننىڭ ئېرىشكەن پايدىسى شۇ بولدىكى، ئامېرىكا «كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسىدە ئۆزبېكىستاننى خىجالەتتە قويمايدىغان بولدى ھەمدە خەلقئارا تېررورىزمنىڭ يېڭى قارا تىزىملىكىگە «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى

① ئەلۋ يېڭى خەۋەرگە قارىغاندا، ئۆزبېكىستان بۇ ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلغان.

قايتىدىن كىرگۈزدى. ئۆزبېكىستانمۇ پاكىستانغا ئوخشاش ئامېرىكىغا ئەگىشىپ قانچىلىك ماڭالار؟

ئۇنىڭدىن باشقا، ئافغانىستاننىڭ قوشنىسى ئىرانمۇ بۇ رايوندىكى چوڭ دۆلەت. ئۇ ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىغان ھازىرقى زامان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ مەنبەيى ئىدى. ئەمما 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ئەسەبىيلىكتىن قۇتۇلدى. «11 - سېنتەبىر» دىن كېيىن، ئىراق «تېررورلۇققىمۇ»، ئامېرىكىغىمۇ قارشى تۇرۇپ، ئامېرىكىغا «ياق» دېيەلىشى بىلەن كۆزگە كۆرۈندى.

«ئۇچ ئىزم» نىڭ بىرىكىشى «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئۇچىغا چىققان ئىسلام ئەسلىيەتچى تەشكىلاتى. تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ سىياسىي نىشانى مۇجمەل بولۇپ، كەمچىلىكى غازات يولىنى تاللىۋالغانلىقىدا ئىكەن. ئەمما ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى قوللانغۇدەك باشقا سىياسىي شەكىل تېخى يوق.① 2001 - يىلى 5 - ئايدىكى خەۋەرگە قارىغاندا، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى يېڭى پارتىيە — «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» قۇرغان. بۇ پارتىيىنىڭ نىشانى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، جۈملىدىن جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ رايونىنى ئىسلاملاشتۇرۇش. بۇ پارتىيىنىڭ يېڭى سىياسىي ئورنى كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن رۇسىيە، پاكىستاننىڭ ئاخبارات

---

① پاكىستانلىق ئالىم ئەخمەد راشىد يازغان «IMU نىڭ ھەربىي بازىسى: تاۋىردالا»، «ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» 24 - سانىدىن (2001 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) ئېلىنغان.

ۋاستىلىرى «يېڭىدىن نام بېرىلگەن بۇ ھەرىكەت شىنجاڭ ۋە كەشمىردىكى بۆلگۈنچىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە كۈرەش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نىشانى شەرقتە جۇڭگودىن باشلىنىپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىدا توختايدىغان ئىسلام ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» دەپ باھا بېرىشتى. جامائەت پىكرىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىغا قارىتا، «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ بىر ئالىي رەھبىرى «بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز ئۆزبېكلەرنىڭ مەنپەئەتىنىلا چىقىش قىلمايدۇ. تەشكىلاتىمىز ئىسلام تەشكىلاتى. ئەزالىرىمىز قىرغىزلار، قازاقلار، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»① دېدى. ئەمەلىيەتتە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» خەلقئارا تېرروریزمنىڭ داش قازىنى. پانتۈركىزمنى ئومۇمىي كۈچ قىلىش ئۇنىڭ سىياسىي تاللىشى. قارىغاندا، پانتۈركىزمنىڭ بۇ رايوندىكى ھازىرقى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرخىل ئەسەبىي كۈچلەرگە نىسبەتەن سىياسىي قىممىتى خېلى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى پانتۈركىزمنىڭ يېڭى يۆنىلىشى ھازىرقى ھۆكۈمەتكە جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. پانتۈركىزم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئۈچ ئىزىم» نىڭ بىرىكىۋاتقانلىقىنىڭ تەسىرلىك ئىپادىسى.

**ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا جايلىشىشى** بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى ھەربىي كۈچى شەرقىي ئاسىيادىكى ياپونىيە - كورېيە ۋە غەربىي ئاسىيادىكى دېڭىز قولتۇقى، كىچىك ئاسىيا

① «ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالىدىن ئىنكاسلار» 28 - سانى (2001-يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى).

رايونلىرىغا مەركەزلەشكەنىدى. رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆزلىرىنىڭ «ئارقا ھويلىسى» دەپ قاراپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردا ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىش غەيرىتى ئېشىپ، «قەدىمكى ئامۇ ئىتتىپاقى» بىلەن «ش ئا ئە ت نىڭ تىنچلىق ھەمراھى پىلانى» ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىش نىيىتى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتىدۇ. ئەمما، قائىدە بويىچە، ش ئا ئە ت كاۋكازدىن ھالقىپ ئۆتكەندىلا، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاياغ باسالايتتى ھەم بۇنىڭ قايسى زاماندا ئىشقا ئېشىشى نامەلۇم ئىدى. بۇ قېتىم تالىبانلارغا قارىتىلغان «تېررورلۇققا قارشى» ھەرىكەتتە، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر يولىلا كىرىشتەك قىممەتلىك پۇرسەتكە ئېرىشتى. ئامېرىكا ئارمىيىسى بۇ جايدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالسا، ئاسىيانىڭ شەرقىي، غەربىي تەرەپلىرىدىكى ھەربىي كۈچىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئۇلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق ئەمەلدارىنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش ئۈچۈن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ياۋروپا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى تىزگىنلىمەكچى بولۇۋاتقان رۇسىيىنىڭ ئەتراپىغا «بوغما يىلان قىلتىقى» ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان[①] بولۇپ، رۇسىيە بارغانسېرى ئەندىشە ئىچىدە قالماقتا. ئەمەلىيەتتە، بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يېقىنقى جۇغراپىيىۋى، سىياسىي ئۆزگىرىش جۇڭگوغا تېخىمۇ زور تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. ياندىكىلەرگىمۇ شۇ نەرسە ئېنىقكى،

①[رۇسىيە] «پارلامېنت گېزىتى» نىڭ 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى.

«ئامېرىكا ياپونىيە، كورېيە، ھىندى ئوكيان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى (جۈملىدىن قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان) نىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىغا ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانلىرى جۇڭگو زېمىنىغا ناھايىتى ئاسانلا ھۇجۇم قىلالايدىغان ھالەت شەكىللەندى... ھازىر، جۇڭگونىڭ شىمالى، يەنى روسىيىدىلا ئامېرىكا ئارمىيىسى يوق. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قازاقىستان گېزىتلىرىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ قازاقىستاننىڭ شەرقىدىكى شەھەر سىمپالاتىنىسكى بىلەن جەنۇبىدىكى شەھەر تالدىقورغاندىكى ئايرودروملاردىن پايدىلىنىش ئىجازىتىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە غۇل - غۇلا بولدى. جۇڭگو بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى»①. ئەمەلىيەتتە، قازاقىستان ئامېرىكىنىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» تا قازاقىستاننى بازا قىلىشىغا پرىنسىپ جەھەتتىن رۇخسەت قىلدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

## يەكۈن

شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك، سىياسىي ۋەزىيىتى شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتىنى بەلگىلەيدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ يېقىنقى زاماندىن بۇيان بارغانسېرى دۆلەت خەلقئارا چوڭ مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ، بارغانسېرى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇۋاتىدۇ.

① «قازاق تېز گېزىتى» نىڭ 2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى سانى.

# خاتىمە

بۇ كىتابتا دۆلەت پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى پىلان فوندى 2001 - يىلى ئالاھىدە ھاۋالە قىلغان «ئەتراپتىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى» ناملىق تەتقىقات تۈرىدىكى ئاساسلىق نەتىجىلەر تونۇشتۇرۇلدى. يولداش جاڭ شيۇمىڭ، فېڭ داجېن، دۇەن تۇڭخۇالار تىما مەسلىھەتچىسى بولۇپ، بىزگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە زور مەدەت بەردى. يولداش فېڭ داجېن كىتاب ئورىگىنالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قىممەتلىك پىكىر بەردى. كىتابتا كۆرۈلگەن خاتالىق ۋە مەسىلىلەرگە بىز جاۋابكار، ئەلۋەتتە.

بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا ئوتتۇرا ئاسىيا رايون تەرەققىياتى تەتقىقات مەركىزى ياردەم بەردى ھەمدە بۇ كىتابنى بۇ مەركەز باشچىلىقىدا تۈزۈلۈۋاتقان «ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەجمۇئەسى» قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

فەن جىپىڭ

2002 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى،
1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社 2003 年 1 月第 1 版,第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇمىن تارىمى
ئالىمجان تاھىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان مەتىمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: شاتىق ئاكسا

# ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللەت، دىن توقۇنۇشى

تۈزگۈچى: فەن جىپىڭ
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخەت تۇنىياز، توقسۇن سىدىق،
ئەسقەر مۇھەممەت، ئابدۇرېھىم قاھار
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168، 1/32 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 14.875
2003 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
ISBN 7—228—08019—X
باھاسى: 19.80 يۈەن